# قەدىمقى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى

# 古籍研究通讯



2

1984

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتابلىرىنى
يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى نەشر قىلدى

# قەدىمقى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى

## 古籍研究通讯

2

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتابلىرىنى
يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى نەشر قىلدى

198[illegible]

# قەدىمقى كىتاپلار تەتقىقات خەۋىرى

(ئىچكى ماتېرىيال، دىققەت بىلەن ساقلانسۇن)

## 2 - سان

## 1984

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتاپلىرىنى
يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى

1984 - يىل 12 - ئاي

## مۇندەرىجە


گوۋۇيۈەن بەنگوڭتىڭى ھۆججىتى ( گ. ب . «1984» 30 ـ نومۇرلۇق) .................. 1

تارىخى ئەمنىيە .............................. موللا مۇسا بىننى ئەيسا سايرامى 5

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەت زۇنۇن سىدىق ..............................

ئەھمىدى ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرى توغرىسىدا .................. ئابدىرېھىم سابىت 64

ئەھمىدى غەزەللىرىدىن نەمۇنىلەر .............................................. 69

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدىرېھىم سابىت ..............................

مەھبۇبۇل قۇلۇب .............................. ئەلىشىر ناۋايى 99

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدىرېھىم توختى ..............................

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئوخشاش .............................. رەتلىگۈچى: سېيىت زۇنۇن 125

تېپىشماقلار .............................. توپلىغۇچى گۈلەمبەر ئىلى 126

# گوۋۇيۇەن بەنگۇڭتىڭى ھۆججىتى

گ ب ( 1984 ) 30 - نومۇرلۇق

## گوۋۇيۇەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى جىددى قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە رەتلەش توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتىنى تارقاتقانلىقى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى

لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، فۇجيەن، خۇبېي، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، گەنسۇ، چىڭخەي، سىچۈەن، يۈننەن ئۆلكىلىرىگە؛ ئىچكى موڭغۇل، گۇاڭشى، نىڭشيا، شىنجاڭ، شىزاڭ ئاپتونوم رايونلىرىغا؛ بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە؛ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت ئارخىپ ئىدارىسى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە:

گوۋۇيۇەن، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى جىددى قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە رەتلەش توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى» نى تەستىقلىدى، بۇنى سىلەرگە تارقاتتۇق، ئىجرا قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىر قىسمى، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە رەتلەش ئىنتايىن مۇھىم بىر خىزمەت. جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئادەم، مالىيە ۋە ماددىي كۈچ جەھەتلەردە ياردەم بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللانغۇچىلارغا زۆرۈر بولغان خىزمەت شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنىڭ دائىرىسى كەڭ، تۈرى كۆپ، ئۇنى بىلىدىغانلارمۇ كۆپ ئەمەس، بىلىدىغانلارنىڭمۇ ياش قورامى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. خىزمەت جەريانىدا، مۇشۇ جەھەتتىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە رەتلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش لازىم.

باشقا ئۆلكە ۋە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەرمۇ مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە رەتلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى لازىم.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۇەنى بەنگۇڭتىڭى

1984 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى

# ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى جىددى قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە رەتلەش توغرىسىدا يولىيورۇق سوراش دوكلادى

گوۋۇيۈەنگە:

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرى ( قىسقارتىلىپ مىللى قەدىمقى ئەسەرلەر، دەپ ئاتىلىدۇ ) تارىخ، تىل، ئەدەبىيات، سەنئەت، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، تۈرى ئىنتايىن كۆپ. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يىزۇ مىللىتىنىڭ 10 مىڭدىن كۆپرەك قەدىمقى ئەسەرلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغان؛ زاڭزۇ يېزىقىدىكى قەدىمقى ئەسەرلەر 10 مىڭ خىلدىن كۆپرەك. موڭغۇل يېزىقىدىكى قەدىمقى ئەسەرلەر بىر مىڭ 500 خىلدىن كۆپرەك، مانجۇ يېزىقىدىكى قەدىمقى ئەسەرلەردىن يالغۇز ئارخىپ ماتېرىياللىرىدا بارلىرىلا بىر مىليون 500 مىڭدىن ئاشىدۇ. ئۇندىن باشقا مىللەتلەر، مەسىلەن: ئۇيغۇر، خۇيزۇ، مياۋزۇ، بەيزۇ، ياۋزۇ، دەيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭمۇ ناھايىتى قىممەتلىك نۇرغۇن قەدىمقى ئەسەرلىرى ۋە ھۆججەتلىرى بار. بۇلار تېخى سىستېمىلىق رەتلەنمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» جەريانىدا بۇزۇۋېتىلدى ۋە «سول» چىل ئىدىيىنىڭ كاشىلىسى بىلەن زىيان ئېغىر بولدى.

مىللى قەدىمقى ئەسەرلەرنى رەتلەيدىغان ئىختىساسلىق خادىملار كەمچىل، كۈچ يېتىشمەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا قەدىمقى ئەسەرلەرنى پىششىق بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىسىنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى؛ خەنزۇلاردىن مىللى قەدىمقى ئەسەرلەرنى بىلىدىغانلارمۇ كۆپ ئەمەس. 20 يىلدىن بىرى بۇ جەھەتتىكى ئىختىساسلىق خادىملار تەربىيىلەنمىدى.

ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، مىللى قەدىمقى ئەسەرلەرنى جىددى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ:

1 . تەشكىلى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، دۆلەت مىللى ئىشلار كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن قەدىمقى ئەسەرلەرنى رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمقى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، ئالاقىلىشىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلىش لازىم. ئالاقىدار ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر بۇنىڭغا مۇناسىپ ئورگانلارنى قۇرۇشى؛ مىللي ئاپتونومىيىلىك جايلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ بولغان

ۋىلايەت، ناھىيىلەرمۇ خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ، مۇناسىپ ئورگانلارنى قۇرۇشى، ياكى بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولىدىغان ئورۇنلارنى بەلگىلىشى كېرەك. ئىشخانا خادىملىرىنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر ئەمەلىي ئېھتىياج بويىچە كەسپىي ئىشتاتتىن تەڭشەپ ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك.

2 . مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنى رەتلەش ۋە ساقلاشتا تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

① توپلاپ ساقلاۋاتقان مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈزۈش ۋە ئۇنى رەتلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

② خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنى توپلاش خىزمىتىنى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ ياخشى ئىشلەپ، قىممەتلىك مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلغۇچىلارغا ماددىي مۇكاپات بېرىش كېرەك. باشقا تارماقلار ( مەسىلەن : جامائەت خەۋپسىزلىكى، تاموژنا) دا ساقلىنىۋاتقان مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنى ئالاقىدار ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەردىكى مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنى رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش گۇرۇپپىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، خىزمەتكە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش لازىم.

③ كۇتۇپخانىلار ۋە يىغىپ ساقلىغۇچى ئورۇنلار ھازىرقى ۋە توپلىغان مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنى ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش سەۋەبى بىلەن مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنى كاردىن چىقىرىۋەتكۈچىلەرنىڭ جاۋاپكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش، تۆھپىسى بارلارنى تەقدىرلەپ مۇكاپاتلاش كېرەك.

④ چەتئەللەردە تارقىلىپ يۈرگەن مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەر بىلەن ماتېرىياللارنى تۈرلۈك يوللار بىلەن مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سېتىۋېلىش، ئالماشتۇرۇش، ياكى تەقلىت قىلىپ كۆچۈرۈۋېلىش ئارقىلىق قايتۇرۇپ كېلىش كېرەك.

⑤ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر ئېغىزدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان ماتېرىياللارنى ۋاقتىدا كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

3 . زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنى رەتلەيدىغان ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى سىياسىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. «ج . ك . پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ‹ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى سۆھبەت يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى › نى تارقاتقانلىق ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» ( 1980 ) 31 - نومۇرلۇقتا : « بۇددىزىم ۋە دىنىي كىلاسسىك ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغان، بۇ جەھەتتە بىلىمى بولغان لامىلارغا زىيالىيلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش كېرەك ... » دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. بۇ يوليورۇقنىڭ روھى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغان، بۇ جەھەتتە بىلىمى بولغان خادىملارغىمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ھازىرقى كونا ۋە يېڭى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ ۋە پەن تەتقىقات تارماقلىرىدىكى تەتقىقاتچى خادىملارنى، 2 - ، 3 - سەپكە چېكىنگەن

پىشقەدەم يولداشلارنى ۋە جەمئىيەتتىكى كەسپىي خادىملارنى مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنى رەتلەش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك.

يېڭى كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈشكە دەرھال تۇتۇش قىلىش كېرەك . ئالاقىدار مائارىپ ۋە پەن تەتقىقات تارماقلىرى ، بولۇپمۇ مىللىي ئىنىستىتۇتلار مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنى رەتلەيدىغان ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈپ ، قوبۇل قىلىش ئۆلچىمىدە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىپ، مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنى رەتلەش، تەتقىق قىلىشنىڭ 3 ـ سەپ قوشۇنىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

4 . خىراجەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ، ئالاقىدار ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنى رەتلەش ، نەشر قىلىش خىزمىتىگە كېتىدىغان خىراجەتنى شۇ ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ خامچوتىغا كىرگۈزۈش كېرەك . مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ، نەشر قىلىشنى پىلانلاش گۇرۇپپىسىنىڭ خىراجىتىنى مالىيە مىنىستىرلىكى ھەر يىلى مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىش يولى بىلەن ھەل قىلىدۇ. بۇ نۇقتىلىق تۈرلەرنى رەتلەش، نەشر قىلىشقا، مەتبۇئات ئۇسكۇنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك . ئۆلكە ، ئاپتونوم رايونلاردىن ھالقىيدىغان مىللىي قەدىمقى ئەسەرلەرنى رەتلەش خىزمىتىنى مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ، شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان ئۆلكە ، رايونلار باش بولۇپ تۇتۇش كېرەك.

يۇقىرىدىكى دوكلات مۇۋاپىق بولسا ، ئالاقىدار ئۆلكىلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك ، كومىتېتلىرىنىڭ پايدىلىنىپ ئىجرا قىلىشىغا تەستىقلاپ تارقىتىپ بېرىلسە.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى

1984 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

# تارىخى ئەمنىيە

موللا مۇسا بىننى ئېيسا سايرامى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

## بىرىنچى داستان

### ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ رەھمى - شەپقىتى بىلەن ئىسلام قۇياشى كۇچار شەھەرىنىڭ ئۈستىدە نۇر چاچقانلىقى، راشىدىن خوجىنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، غەرب ۋە شەرق تەرەپلەرگە لەشكەر ماڭدۇرغانلىقى ۋە شۇ ئارىدا بولغان ۋەقەلەرنىڭ بايانى

پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان ھېكمەتلىك ۋە مەغپىرەتلىك ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ قۇدرىتى، پاك، خاسىيەتلىك ئەرۋاھلارنىڭ مەدەتھەم ياردىمى بىلەن قەدىمدىن تارتىپ بۇ يەتتە شەھەرگە مۇسۇلمان خانلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر يۈز قىرىق ياكى بىر يۈز ئەللىك يىل بېيجىڭ خانلىرىغا تەسلىم ۋە تەۋە بولدى. بۇ چاغلاردا پۇخرالار پۇخرادارچىلىق ۋە ئالۋاڭ-ياساق دەستىدىن خار - زار، زالىم چىن مەنسەپدارلىرى ۋە بەگلەرنىڭ جەۋرى-زۇلمىدىن خانە ۋەيران بولۇپ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. ھەممە خەلق، پۇخرالار زار - زار يىغلاپ، تەڭرىگە سېغىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ نىجاتلىقى، كاپىرلارنىڭ زاۋاللىقىنى تىلەپ، دۇئا ۋە ئىلتىجا بىلەن تۇرغان بىر ۋاقىتتا، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن بالا - قازادەك كۇچاردىكى تۇڭگانلار ئۇشتۇمتۇت شەھەرگە ئوت قويۇپ، خەنزۇلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە كىرىشتى. ئىلىيار بەگ باشلىق بىرمۇنچە دەرتمەن مۇسۇلمانلارمۇ تۇڭگانلارغا قوشۇلۇپ يار - يۆلەكتە بولدى. مۇسۇلمانلار ۋە تۇڭگانلار بىر دىل، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئامبال ۋە چېرىكلەرنىڭ يامولىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئوت قويۇپ، تاڭ ئاتقىچە نۇرغۇن كاپىرلارنى يوقاتتى. كۈن چىقىشى بىلەن تەڭ چىن مەنسەپدارلىرى بىرمۇنچە چېرىكلارنى تۇت-

لاپ تاقابىل تۇرۇپ، سوقۇشقان بولسىمۇ، تەڭ كېلەلمەي مەغلۇپ بولدى. مۇسۇلمانلار ۋە تۇڭگانلار ئۈستۈنلىككە ئېرىشىپ، غەلىبە قىلدى. مۇشۇ چاغ ھىجرىيەنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن بىرى، يىلان يىلى، مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرى - شەنبە كېچىسى ئىدى ھەم يەكەننىڭ بۇرۇنقى ھاكىمى ئەھمەت ۋاڭ بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن خاننىڭ پەرمانى بىلەن ھاكىملىقتىن ئايرىلىپ، ئەسلى يۇرتى بولغان كۇچار شەھىرىگە كېلىپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى.

مۇسۇلمان ۋە تۇڭگانلار يىغىلىپ، ئەھمەت ۋاڭغا ئىلتىماس قىلىپ: " ئۆزلىرى ئاتا بوۋىلىرىدىن تارتىپ يۇرت سوراپ كەلگەن، ھۆكۈمەتدارچىلىقنىڭ قائىدىسى، سىياسەت يۈرگۈزۈشىنىڭ يوسۇنىنى بىلىلا، بىزگە باش بولۇپ، ئاتادارچىلىق قىلىپ، ھاكىمىيەت يۈزگۈزۈپ بەرسىلە. بىزلەر جان - تېنىمىز بىلەن خىزمەتلىرىنى قىلىپ، يوليورۇقلىرىغا بوي سۇنۇپ، ئۆزلىرىنى خان ئورنىدا كۆرىمىز " دېيىشتى. ئەھمەت ۋاڭ بولسا، " سىلەر ئاز، مانجۇلار ناھايىتى كۆپ، ئۇلارغا تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ، مەن بولسام ئاتا-بوۋامدىن تارتىپ ئۇلۇغ خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، چوڭ مەنسەپكە ئېرىشىپلا قالماي، خان نۇرغۇن يەر، سۇلارنى ئىلتىپات قىلىپ بېرىپ، ئەۋلادىمدىن - ئەۋلادىمغىچە بەھرىمەن بولۇشىمغا پەرمان بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. ئاتا - بوۋا، ئەجدادىمدىن تارتىپ، خاننىڭ دۆلىتىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، ئەندى يۈز ئۆرۈپ، تۇز كورلۇق قىلمايمەن، خان - دىنسىز، كاپىر بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۇز ھەققىگە ھۆرمەت قىلىشنى پەرز دەپ تونۇيمەن. مەن قېرىدىم، يېشىم 70 كە يەتتى. كۆرىدىغان دۆلەتنى كۆرۈپ بولدۇم. كىمنى باش قىلساڭلا قىلىڭلار، مەن باش بولمايمەن " دېدى. بۇنى ئاڭلىغان خالايىقلارنىڭ ھەممىسى غۇلغۇلا قىلىشىپ، ئەھمەت ۋاڭنى ئۆيىدىن سۆرەپ چىقىپ، كۇچارنىڭ ھاكىمى مۇھەممەت قۇربان بەگ باشلىق سەككىز بەگنى قوشۇپ ئۆلتۈرۈپ، مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلدى.

كۇچاردىكى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ مازىرىدا ئىنسانى ھەۋەسلەردىن كېچىپ، دەرۋىشلىك يولغا كىرىپ، دۇئا تەلەپ بىلەن ياتقان مۇسۇلمان ۋە تۇڭگانلارنىڭ ئىشەنچ ھەم ئىخلاسىغا ئىگە بولغان راشىدىن خوجا دېگەن كىشى بار ئىدى. بۇ كىشىنى ئىبادەتخانىسىدىن ئېلىپ چىقىپ: " ئىلگىرىدىن تارتىپ بىزگە پېشىۋا - باشلامچى بولغان. ھېلىمۇ باشلامچى بولۇپ، خانلىق ماقامىدا ئولتۇرۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ بەرسىلە " دەپ، پادىشالىق قائىدىسى بويىچە ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزۇپ، كۆتۈرۈپ، خانلىق تەختىگە چىقاردى. ھەممە كىشى پەرمانىغا بوي سۇندى.

بۇ ۋەقە بولۇپ ئىككىنچى كۈنى بۇرھانىددىن خوجام ( مەشھۇر بولغان ئىسمى خىتىپ خوجام ) نى ئەسكەرلەرگە باش ( قۇماندان ) قىلىپ، بايدىن موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى ئەسكەرلەرگە قازى قىلىپ، بۇرھانىددىن خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى مەھمۇدى خوجىنى قوشۇپ، بىر يۈز ئەللىك ( يەرلىك ) مۇسۇلمان ئەسكەر، قىرىق نەپەر تۇڭگان ئەسكەر بىلەن سەككىز دانە زەمبىرەكنى بېرىپ، غەرب تەرەپكە يۈرۈش قىلىشنى بۇيرۇپ، مۇنداق دېدى: " بىر قانچە قەنەدىن بىرى مۇسۇلمانلار دىنسىز كاپىرلار ۋە زالىم ئەزگۈچى بەگلەرنىڭ قولىدا خار - زار بولۇپ، ئەرلەر خوتۇنىدىن، باللار ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، قۇل ئورنىدا جاپا چېكىپ، خاھى يېمەك - ئىچمەكنىڭ لەززىتىنى، خاھى كىيىم - كېچەكنىڭ راھىتىنى كۆرمەي، ئالۋاڭ كەشلىك بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى. رەھمى - شەپقەتلىك تەڭرى بىز مۇسۇلمانلارغا يار - يۆلەكتە بولۇپ، ئورنىمىزدىن

دەس تۇرۇشقا كۈچ ـ قۇدرەت بەردى. كاپىرلارنىڭ بېشىدا قىلىچ ئوينىتىپ، ئۇرغۇنلىرىنى دۇزاققا ئۇزاتتۇق.» كاپىرغا ياردەم بەرگەن كىشىمۇ كاپىر بولىدۇ » دىگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق، زالىم بەگلەرنىمۇ يوقاتتۇق. بۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن جېنىمىز چىقىپ كەتكىچە، قالغان ئۆمرىمىزنى غازات يولىغا سەرپ قىلىشىمىز لازىم ۋە زۆرۈر. ئەھمىيەتلىك غازاتلارنى قىلىش پەرز ھەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرى ۋە كەسىپ ـ ھۈنەرلىرى، كەرەملىك تەڭرىم ئۆزىگە خاس ھېكمىتى بىلەن بىر مەزگىل مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنىڭ قول ئاستىدا مەھكۇم قىلغان بولسا، ھازىر يەنە ئۆز قۇدرىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلىپ، دىنىمىز كاپىرلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ئۇلۇغ تەڭرىم: " پادىشالىق تاجىنى خالىغان كىشىنىڭ بېشىغا قويىدۇ. خالىغان چاغدا ئېلىۋېتىدۇ » دىگەن ھېكمەتلىك سۆيىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن بولىشى مۇمكىن. كەپىنىڭ قىسقىسى، سايرام، باينى ئېلىپ، بىر مۇنچە ئەسكەر توپلاپ، ئاقسۇغا بېرىڭلار. ئۇ تەرەپتە مۇسۇلمان تولا، كاپىر ئاز، سىلەر بارغىچە ( يەلىك ) مۇسۇلمانلار بىلەن تۇڭگانلار بىرلىشىپ، كاپىرلارنى يوقىتىپ، ئالدىڭلارغا چىقىشى مۇمكىن. مۇبادا كاپىرلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا جەڭ ـ ئۇرۇش بولۇپ قالسا:"دىنىمىزلار قەيەردە بولسا، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار » دىگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا لايىق، ئىككىلەنمەي تىغ تارتىپ يوقىتىڭلار. چۈنكى: " جەننەت قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدا » دىگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى جارى بولسۇن. ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرنى قولغا كىرگۈزۈش ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، خوقەنت ۋە بۇخارانىڭ پادىشالىرى دوستلۇق رەسمى يوسۇنى بىجا كەلتۈرۈپ، بىزگە تەۋە بولىدىغانلىق ئىشەنچىسىنى بىلدۈرسە ناھايىتى ياخشى. ئۇنداق قىلمىسا دەرھال ياردەم ئېبەرتىمىز. بارلىق كۈچۈڭلار بىلەن غەرپ تەرەپتىكى يۇرتلارنى بويسۇندۇرۇڭلار، مەملىكەت ۋە ھۆكۈمەتدارلىق ئىشىنىڭ پۈتۈن ئىختىيارىنى سىلىگە بەردىم » دەپ ئەمرى قىلدى.

ئىسھاق خوجىنى باش ( قوماندان ) قىلىپ، سىدىق دادخا مەمۇر باتۇر، توختى مەھەممەت يۈز بېشىلارنى قوشۇپ، بىر يۈز سەكسەن ( يەرلىك ) مۇسۇلمان ئەسكەر، ئەللىك نەپەر تۇڭگان ئەسكەرلىرى بىلەن ئون ئىككى دانە زەمبىرەكنى بېرىپ، يۇقۇردا بايان قىلىنغان بۇرھانىدىن خوجامغا بەرگەن بۇيرۇقنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىشنى تاپىلاپ، دۇئا ـ تەكبىر بىلەن شەرق تەرەپكە يولغا سالدى.

## راشىدىن خوجىنىڭ نەسەبىنىڭ بايانى

راشىدىن خوجا ـ نىزامىدىن خوجىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى، نىزامىدىن خوجا بولسا، مەۋلانە ئەرشىدىنىڭ نەۋرىسى، مەۋلانە ئەرشىدىن مەۋلانە جالالىدىن كېتكىنىڭ ئوغلى، مەۋلانە جالالىدىن كېتكى خوجا ئەبۇھاپىز كەبىر بۇخارىنىڭ ئەۋلادى ئىدى.

چىنگىز قائان ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، بۇخارانى ئالغان چاغدا، خوجا ئەبۇ ھاپىز كەبىر بۇخارىنى شېھىد قىلىپ، بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنى كېتىك شەھرىگە پالىغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەتتە ياكى سەككىز ئەۋلات ئۆتۈپ، مەۋلانە جالالىدىنىنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە كېتىك

شەھىرى تەڭرىنىڭ غەزىۋىگە دۇچار بولۇپ، ئاسىياندىن ياققان قۇم بالاسىنىڭ ئاستىدا قالىدى. مەۋلانە جالالىددىن تەڭرىنىڭ ئىلھامى بىلەن كېچىچە ئۇخلىماي، بىر نەچچە مۇرىت ـ ئىخلاسمەنلىرىنى ئېلىپ، شەھەردىن چىقىپ كەتتى. بىر نەچچە مۇددەت يول يۈرۈپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئايىكۆل دىگەن يېرىگە كەلدى. بۇ چاغدا ئاقسۇغا تۇغلۇق تۆمۈر ‹‹ خان ›› بولۇپ، ئون ئالتە، ئون يەتتە ياشتا ئىدى. مەۋلانە جالالىددىن تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر مۇنچە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى. تۇغلۇق تۆمۈر تەسىرلىنىپ:‹‹ سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز قۇلىقىمغا تولىمۇ ئوبدان ئىشتىلدى. ئەلىمغا قايتىپ بېرىپ، پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرغىنىمدىن كېيىن قېشىمغا بېرىڭ. شۇ چاغدا سىزنىڭ دىنىڭىزغا كىرەيەن، ھازىر قېشىمدا كاتتا سەركەردىلىرىم يوق. ئەلىمنىڭ تولىسى ئۇ تەرەپتە قالدى، بۇ يەردە كىرگىنىم بىلەن ياخشى بولمايدۇ›› دەپ، ھەدىيە-ئىنئام بېرىپ ياندۇردى.

تۇغلۇق تۆمۈر بولسا، چىڭگىز قائاننىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى بولىدۇ. مەۋلانە جالالىددىن ۋاقىت چىقىرىپ ئەلىمغا بارغىچە، ئەجەل پۇرسەت بەرمەي ئاقسۇدا ۋاپات بولدى. ئايىكۆل يېزىسىغا دەپنە قىلىندى. مەۋلانە جالالىددىن ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئوغلى مەۋلانە ئەرشىددىنگە:‹‹ مەن بىر چىراققا پىلىك سېلىپ، ياغ قۇيۇپ تەييار قىلغان ئىدىم ، ئەمما ئوت يېقىپ ياندۇرۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمىدىم. مېنىڭدىن كېيىن سەن ئوت يېقىپ ياندۇرساڭ، بۇ چىراغ پۈتۈن شەرقنى يورتسا ئەجەپ ئەمەس ›› دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئەلىمغا بېرىپ، تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن كۆرۈشتى، ‹‹ئاتىڭىز قېنى؟›› دەپ سورىغاندا، ‹‹ ئاتام ۋاپات بولدى. مەن ئاتامنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ ھوزۇرىڭىزغا كەلدىم ›› دىدى. تۇغلۇق تۆمۈر قوبۇل تۇتۇپ، مۇسۇلمان بولدى. يېنىدىكى ‹‹ ئېيل بىكە ›› باشلىق سەركەردە قۇماندانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرىپ كىرىپ، نەسىھەت قىلىپ مۇسۇلمان قىلدى. شۇ چاغدا يەتمىش مىڭدىن ئوشۇق مۇڭغۇللار مۇسۇلمان بولدى. دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

بۇ چاغ ھىجرىيىنىڭ يەتتە يۈز ئەللىك ئالتىسى بولۇپ، شۇندىن ئېتىۋارەن مۇڭغۇللار ئارىسىغا ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىدى. تۇغلۇق تۆمۈر مەۋلانە ئەرشىددىنگە:‹‹ قايسى شەھەرنى خالىسىڭىز شۇ يەردە تۇرۇڭ ›› دەپ يارلىق قىلدى. مەۋلانە ئەرشىددىن كۇچارغا بېرىپ تۇرۇشنى ئىختىيار قىلدى. تۇغلۇق تۆمۈر رۇخسەت قىلىپ، ئۈچ ئېرىق سۇنى ھەدىيە قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەۋلانە ئەرشىددىن كۇچارغا بېرىپ، ئۆيلىك ـ ئوچاقلىق بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىرى ئەجەل شارابىنى ئىچتى. كۇچارغا دەپنە قىلىندى. ( مازىرى مەشھۇر ).

نىزامىددىن خوجىنىڭ بىرىنچى ئوغلى نەزىرىددىن خوجا، ئىككىنچى ئوغلى جامالىددىن خوجا، ئۈچىنچى ئوغلى راشىددىن خوجا، تۆتىنچى ئوغلى جالالىددىن خوجا، بەشىنچى ئوغلى پەخرىددىن خوجا ئىدى.

جالالىددىن خوجا ئاقسۇغا ھاكىم بولۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولدى. راشىددىن خوجا قوشۇلۇپ، قالغان ئاكا ـ ئۇكا تۆت خوجا ئاتلىق غازى ( بەدۆلەت ) نىڭ قولىدا يوق قىلىندى. بۇرھانىددىن خوجا، ئىسھاق خوجىلارمۇ نىزامىددىن خوجىنىڭ بىر تۇققۇنى ۋە تاغىلىرىنىڭ پەرزەندى ئىدى.

# بۇرھانىدىن خوجا كۆز نۇرى مەھمۇد خوجا بىلەن ئاقسۇ شەھىرىنى ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلغانلىقى، مەقسىدىگە يېتەلمەي ئارقىسىغا يانغانلىقى ۋە نۇرغۇن مۇسۇلمانلار قۇربان بولۇپ شېھىتلىك شارابىنى ئىچكەنلىكىنىڭ بايانى

مۇھەببەتلىك دوست، ئىخلاسلىق بۇرادەرلىرىمىزنىڭ كۆڭۈل خاتىرلىرىگە مەلۇم بولسۇنكى، راشىدىن خوجام بۇرھانىدىن خوجىنى غەرپ تەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا ئەمىر قىلغاندىن كېيىن، بۇرھانىدىن خوجا خوشلىشىپ، كوچاردىن چىقىپ، قىزىل يېزىسىغا كېلىپ چۈشتى. ئۇ يەردىن سايرامغا كېلىپ، ئەسكى ئىشلارنى قىلىپ، يامان يوللاردا ماڭغان 4 كىشىنى دارغا ئاستى. بايغا كېلىپ، ئىككى كۈن تۇرۇپ، ئالتە ئادەمنى دارغا ئاستى. ئەكرەم شا ئەلەمنى سايرامغا، موللا ئاپپاق ئەلەمنى بايغا ھاكىم قىلدى. ئۇ يەردىن چىقىپ، ياقا ئېرىققا كەلدى. روزى تۆۋە دىگەن كىشىنى ئەللىك ئەسكەرگە باش قىلىپ: "مۇز داۋانىنىڭ يولىنى بۇزۇپ، ئۆتەڭ، قورولاردىكى مانجۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، چاشەنبە كۈنى جامىغا يېتىپ كېلىڭلار. بىز بۇ تەرەپتىن، سىلەر ئۇ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، جامدا يېڭىپاڭ (گازارما) دا ساقلاپ ياتقان مانجۇلارنى يوقىتىمىز" دەپ يولغا سالدى. سايرام ۋە باي ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قارا كالتەك بولۇپ، "ئاللا - ئاللا" دەپ تەگبىر ئېيتىپ، "بىزمۇ ئاقسۇغا بىرىپ جەۋرى - زۇلۇم قىلغان كاپىرلاردىن ئىنتىقامىمىزنى ئېلىپ، ھايات قالساق غازىلىق دەرىجىسىنى تاپىمىز، ئەجىلىمىز يەتسە، شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچىپ، جەننەتكە سازاۋەر بولىمىز" دەپ، ئاتا - بالىغا، بالا ئاتىغا قارىماي، بەزىلىرى پىيادە، بەزىلىرى ئاتلىق، ئوزۇق - تالقانلىرىنى ئېلىپ، بۇرھانىدىن خوجىنىڭ توغ - ئەلەملىرىگە ئەگىشىپ، يولغا چىقتى. بۇرھانىدىن خوجا بىر قانچە قېتىم: "سىلەر ئۈچۈن غازاتنى (جەڭنى) بىز قىلايلى، قايتىپ كېتىڭلار" دەپ نەسىھەت قىلسا، "جەبرۇ - زۇلۇمغا چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى، مۇنداق ھايات ياشىغىچە جان بېرىمىز، يا جان ئالىمىز" دەپ يىغلىشىپ ئۇنىمىدى. بۇلارنى 7 مىڭ كىشى دەپ تەخمىن قىلىشقا بولاتتى.

بىرەر پادىشا، بىرەر ھاكىمنىڭ پۇخرالارغا قىلغان جەبرى - زۇلۇملىرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، پۇقرالار ئېزىلىپ، شىرىن جانلىرىدىن كېچىپ، تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا كۆز ياشلىرىنى تۆھپە قىلىپ، چىن دىلى بىلەن يىغلىسا، ئىنتىقام ئېلىپ بەرگۈچى تەڭرىنىڭ رەھمى كېلىپ، بىچارە - ئاجىز، قورال - ياراقسىز بەندىلىرىنى كۈچلۈك پادىشالار ئۈستىدىن غالىپ قىلىپ، ئۇلارغا پادىشالىق تەختىنى ئاتا قىلىپ، ئۇلۇغ سەلتەنەتلىك پادىشالىقنىڭ دەرىجە - مەرتىۋىلىرىنى بەرسە، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلاپ، تەكەببۇرلۇق قىلغان زالىم - پادىشالارنى قەھرى - غەزەپ بىلەن مەغلۇپ قىلىپ تۈزۈۋەتسە، تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا ئاجايىپ - غارايىپ ئىش ئەمەس. چۈنكى، تەڭرى ھەممە ئىشقا كۈچى يەتكۈچى، ھەممە ئىشقا قادىردۇر. "تەڭرى خالىغان ئىش بولىدۇ، ئەمرى قىلغان ئىش بولماي قالمايدۇ. ئۇ ھەممىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر" دىگەن ئايەت بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

نەزىم

گادايىنى شاھ ئېتەردىن يوق ھەر ئاسان،
ئاڭا شاھنى گاداي قىلماق ھەم ئاسان.

بۇرھانىددىن خوجا ئەسكەرلىرى بىلەن ياقا ئېرىقتىن ئاتلىنىپ، ناماز بامدات ۋاقتىدا قارا يۇلغۇنغا كېلىپ، بىر نەچچە خەنزۇ قورولچىسىنى تۇتتى. ئەتىسى جامغا بېرىشقا بەلگۈلەنگەن كۈن ئىدى. تاڭ ئاتقاندا يولغا چىقىمىز، دەپ تۇرۇشىغا ھاۋا بۇزۇلۇپ، يامغۇر يېغىپ، شىۋىرغان بولدى. بۇرھانىددىن خوجا باشلىق ئەمەلدارلار ئۆيگە كىرىپ ئۇخلىدى. ئەسكەرلەرمۇ دەرەخ ياكى تامنىڭ دالدىسىنى پانا قىلىپ، ئېگەر، ئەبزەللىرىنى بېشىغا قويۇپ، غەم ـ ئەندىشىسىز ئۇيقۇغا كەتتى. شۇ ھالەتتە ئاقسۇنىڭ ھاكىمى سايىت بەگ باشلىق جامدىكى نۇرغۇن مانجۇ چېرىكلىرى بېسىپ كىرىپ، زەمبىرەك ئاتقاندىن كېيىنلا ئويغۇنۇشتى. قارىسا دۈشمەن چېرىكلىرى قورشاپ بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىگە قورقۇش، ئالاقزادىلىك چۈشۈپ، ئۇلگۈرگەنلىرى ئاتلىرىنى ئىگەرلەپ توقۇپ مىندى. ئۇلگۈرمىگەنلىرى ياياق مىندى. ھەتتا بەزىلىرى پىيادە ئارقىلىرىغا قايتىپ قاچتى. مانجۇ چېرىكلىرى چاپ ـ چاپ قىلىپ، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى شېھىت قىلدى. بۇلارنىڭ "ئەجەل شارابىنى ئىچسەكمۇ مەيلى" دېگەن ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى تەڭرىنىڭ دەرگاھى ھېكمىتىگە مۇۋاپىق كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ۋاپات بولغانلارنى ئىككى مىڭ توققۇز يۈزدىن كۆپرەك، دەپ مۆلچەرلەشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان ئەسكەرلەر پاتىپاراق بولۇپ چېچىلىپ كەتتى. قازى ئەسكەر ـ موللا ئوسمان ئاخۇنۇم ئەسىر چۈشتى. بۇرھانىددىن خوجا قاتارلىقلار كۇچارغا قاراپ قاچتى. ئاقسۇنىڭ ھاكىمى سايىت بەگ تۇتىۋالىمىز، دەپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئالتە پوتەي يەرگە بارغاندا، مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ باشلىقى: "قاچقان دۈشمەننى قوغلاش قائىدە ئەمەس، ئارقىسىغا يانسۇن" دەپ خەۋەر ئېۋەتتى. شۇ ئارىدا: "روزى تۆرە جامنى بېسىۋاپتۇ" دېگەن خەۋەر كەلدى. مانجۇ ئەسكەرلىرى بۇ يامان خەۋەرنى ئاڭلاپ جامغا كەلسە، روزى تۆرە ۋەدە قىلىشقان ۋاقىتتا جامغا كېلىپ، گازارما ساقلاۋاتقان، ئات بېقىۋاتقان دېگەندەك جەڭگە بارمىغان مانجۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، جامنى قولغا كىرگۈزۈپ بولغاندا، مانجۇ چېرىكلىرى قارا يۇلغۇندا، بۇرھانىددىن خوجىنى مەغلۇپ قىلىپ، قاچۇرۇپ، مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ، "يېڭىپ كېلىۋاتىدۇ" دېگەن شۇم خەۋەر تارقالدى. روزى تۆرە بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەندىشىگە چۈشۈپ، جامنى تاشلاپ قاچتى. ئۈستەڭ بويىغا كەلگەندە، سايىت بەگنىڭ پايلاقچىلىرى تۇتىۋېلىپ، مانجۇلارغا تاپشۇردى. مانجۇلار شېھىت قىلدى.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، خاقان چىننىڭ چوڭلۇقى پۈتۈن يەر يۈزىگە قۇياشتەك ئايدىڭ، كۇچار دېگەن كىچىك بىر شەھەردىن مۇسۇلمانلار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، سايرام، بايغا ئوخشاش كىچىك بازار، ئۆتەڭنى قولغا كىرگۈزۈپلا خۇددى خاقان چىندەك كاتتا ئىقلىم ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندەك بولۇپ، غەم ـ ئەندىشىسىز، بۇرھانىددىن خوجا بىر مەيگە، ئوسمان ئاخۇنۇم بىر مەيگە چۈشۈپ، قونىدىغان مەنزىلگە كەلگەندە خۇشال ـ خۇرام، كېيىم ـ كېچەكلىرىنى سېپىلىپ يېتىپ ئۇخلاپ، ياكى ئەسكەرلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماي، ياكى دۈشمەننىڭ خەۋپ ـ خەتىرىدىن ئەندىشە قىلمىغانلىقتىن، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.

نەزىم

قادالسا بىر تىكەن يا چۈشسە بىر قىل،
ئىرادىسىز ئەمەس ھېچ ئىش يېقىن بىل.

ھەر قانداق ئىش ۋە ھەر قانداق ھادىسە مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، تەقدىر، ئىرادىدىن تاشقىرى بولمايدۇ. «قالۇ - بالا» دا شۇ تەرىقىدە يېزىلغان بولسا، ئۇنى كۆرمەي ئىلاجىمىز يوق. گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، ئاقسۇنىڭ ھاكىمى سايىت بەگ بۇنىڭدىن بۇرۇن، قازى ئەسكەر موللا ئوسمان ئاخۇنۇمغا شاگىرت بولغان ئىكەن. شۇ سەۋەپتىن سايىت بەگ چىن مەنسەپدارلىرىغا: "موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى ئۆلتۈرمەي تۈرمىغا بەنت قىلساق، كېيىنچە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قوزغىلاڭ قىلدىڭىز؟ دەپ سوراق قىلغىلى لازىم بولىدۇ» دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. مەنسەپدارلار قوبۇل كۆرۈپ، تۈرمىغا تاشلاپ، بىر نەچچە چىرىكنى ساقلىغىلى قويدى.

بۇرھانىدىن خوجا ساددا كۆڭۈل، رەھىمدىل، تەجرىبىسى كام كىشى ئىدى. كۇچارغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن، خىجالەتچىلىكتىن زادى بېشىنى كۆتىرەلمىدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، قايتىدىن ئەسكەر توپلاپ، ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، ئاقسۇ شەھەرىنى ئالدى. موللا ئوسمان ئاخۇنۇم "سايىت بەگ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ» دىگەن مالامەت سۆزلەر تارقالغان ئىدى. ئەمما ئاقسۇ پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسكەرلەر مانجۇلارنى قوغلاپ، بىر ئۆيگە كىرسە، موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنىڭ پۇتىدا كىشەن، ئىشكەل، بوينىدا تاقاق، زەنجىر تۇرۇپتۇ. شۇ پەيتى موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى بۇرھانىدىن خوجا ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ، كىشەن-زەنجىرنى چېقىپ، ئازات قىلدى. موللا ئوسمان ئاخۇنۇم پەتنە مالامەتتىنمۇ قۇتۇلدى.

## ئىككىنچى قېتىم جامالىدىن خوجىنىڭ ئاقسۇ تەرەپكە ئاتلانغانلىغى، ئاقسۇنى پەتھى قىلىپ، مەقسىدى ھاسىل بولغانلىغىنىڭ بايانى

مۇنداق رىۋايەت قىلىپدۇركى، شۇ چاغدا كۇچاردا تەرتىپ ئىنتىزام ئورنىتىلىپ، راشىدىن خوجا پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، قامىتىگە (بەدىنىگە) ھۆكۈمرانلىق تون لىباسلىرىنى كېيىپ، بېشىغا پادىشالىق تاجىنى قويۇپ، ھەر قايسى يۇرت، يېزا - كەنتلەرگە، چوڭ - كىچىك پۇخرالارغا: "ئەۋلادى رەسۇلىللا غالىپ يېڭىلمەس راشىدىن خان غازى خوجا» دىگەن نام، ئۇنۋان بىلەن يارلىق يۈرگۈزگەن ئىدى. شۇ ھالەتتە بۇرھانىدىن خوجىنىڭ قارا يۇلغۇندا زەربە يەپ، قېچىپ كەلگەنلىگىنىڭ يامان خەۋىرىنى ئاڭلاپ، غەزىپى ئۆرلىدى. بىر نەچچە بىگۇنا كىشىلەرنى سىياسەت يۈزىسىدىن دارغا ئېسىشقا بۇيرۇپ، ئاچچىغىنى پەسەيتتى. ھەممە چوڭ - كىچىك پۇقرالار قورقۇنچىدىن ئىتائەت قىلىپ، بوي سۇنغانلىغىنى بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

راشىدىن خوجا ئاكىسى جامالىدىن خوجىنى لەشكەركەشلىك، سىياسەت يۈرگۈزۈشتە، پۇخرالارنى ئىدارە قىلىشتا قابىلىيىتى بار دەپ بىلىپ، بىر مۇنچە توپ، زەمبىرەك بىلەن سەككىز يۈز نەپەر ئەسكەرنى باشلاپ، ئاقسۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلسۇن، دەپ يارلىق چۈشۈردى.

دەرۋەقە جامالىدىن خوجا بولسا، چارە - تەدبىرلىك، ئېغىر - بېسىق، تەمكىن، غەيرەت-شىجائەتلىك، تىبابەتچىلىك ئىلمىدە لاياقەتلىك كىشى ئىدى.

جامالىدىن خوجا كۇچاردىن چىقىپ، باي ۋە سايرامنى ئالدى. بۇ يەردىن ئىشقا يارايدىغان ساغلام، كۈچلۈك، جۈرئەتلىك، پەھلىۋان ئادەملەرنى تاللاپ، ئىككى مىڭدىن كۆپرەك ئەسكەر قوبۇل قىلدى. يول - يوللاردا قاراۋۇل، خەۋەرچىلەرنى قويۇپ، بارلىق ئېھتىيات قىلىش، سەگەك بولۇشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ، قارا يۇلغۇندا ئىلىنىڭ يولى بىلەن كېلىپ ھۇجۇم قىلىشنى كۆزلەپ، چوڭ يولنى تاشلاپ، «ئاراشو»دېگەن مەنزىلگە كېلىپ چۈشتى. بۇ يەردە يىگىرمە كۈن تۇرۇپ، ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، قورال - ياراقلارنى تۈزەشتۈرۈپ، ئاتلىرىدىن ياخشى خەۋەر ئالدى. دۈشمەن ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلاپ مۆلچەرلەپ، يەر شارائىتىنى تەكشۈرۈپ، ئوبدان مۇلاھىزە قىلدى.

مۇشۇ كۈنلەردە، ئاقسۇ، قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن ئىلىغا ئەۋەتىلىدىغان سوغا ۋە باجلار، يۇرتلاردا پاراكەندىچىلىك يۈز بەرگەنلىكتىن، مۇز داۋانغا بېرىپ، توختاپ قالغان ئىكەن. بىز بۇ يەردە ئىلىغا ئەۋەتىلىدىغان سوغا ۋە باج ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمان خانلىرىدىن ئىسمائىلخان ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، تەڭ كېلەلمەي ئىلىغا چىقىپ، قالماقلارنىڭ كاتتىسى جايساڭ دېگەنگە: «مەن ئالتە شەھەرنىڭ پادىشاسى ئىدىم، پادىشالىق مىراسىمنى تارتىپ ئېلىپ قوغلىۋەتتى. پادىشالىقىمنى قايتۇرۇپ ئېلىشىمغا ياردەم بەرسىڭىز» دەپ ھال ئېيتىپ، ئىلتىجا قىلدى. قالماقلارنىڭ كاتتىسى جايساڭ ماقۇل بولۇپ، بىر مۇنچە قالماق چېرىكلىرىنى قوشۇپ بەردى. بۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتە شەھەرنىڭ پادىشالىقىنى قايتۇرۇپ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ياردەمگە كەلگەن قالماق چېرىكلىرى ئىلىغا قايتماقچى بولۇشتى. بۇلار بىزگە نۇرغۇن خىزمەت قىلدى، قۇرۇق قايتىپ كەتسە ياخشى بولمايدۇ، دەپ ئىسمائىلخان ئالتە شەھەردىن نۇرغۇن خام- ماتا يىغىپ، قالماقلارغا سوغا قىلىپ قايتۇردى. ھەر يىلى شۇ پەسىلگە كەلگەندە يەنە تەلەپ قىلدى. بەرمەي ئىلاجى بولمىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تا راشىدىن خوجا زامانلىرىغىچە ھەر يىلى ئىلىغا خام - ماتا چىقىرىپ تۇردى. «قالماققا بوز، خىتايغا سۆز» دېگەن سۆز شۇ چاغدىن قالغان ئىكەن.

ئەندى ئەسلى ۋەقەگە كەلسەك، مۇز داۋاندا توختاپ قالغان سوغا- خام (ماتا) لارنى جامالىدىن خوجا ئۆز ئەسكەرلىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. جامالىدىن خوجا باشلىق پۈتۈن ئەسكەرلەر كېپەنگە يۆگەنگەندەك ئاق خامغا يۆگىنىپ، بېشىغا «پادا» غا ئوخشاش يۆگەپ، تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا سېغىنىپ، يىغا - زارى قىلىشىپ، ھىممەت ۋە جۈرئەت كەمەرلىرىنى بەلگە باغلىشىپ، ئاپپاق قوي پادىسىدەك بولۇپ تەييارلاندى. بىر كېچىدە ئاراشودىن چىقىپ، مۇزداۋان يولى بىلەن تاڭ ئاتقىچە جامغا كېلىپ، قورغان ساقلاپ خەۋەرسىز غەپلەتتە ياتقان چېرىكلەر ئۈستىگە، ئاسماندىن چۈشكەن بالا - قازادەك ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. مەيلى مانجۇ چېرىكى بولسۇن، مەيلى ياردەمگە كەلگەن مۇسۇلمان چېرىكى بولسۇن، ھەممىنى قىرىپ - چېپىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى جېنىنى ئېلىپ قۇتۇلدى. جۈملىدىن سايىت بەگ قەشقەرگە، تۆمۈر غەزىنىچى بەگ خوتەنگە قېچىپ كەتتى. ئامان قالغان مانجۇلار ئاقسۇغا قېچىپ كەلدى.

جامالىدىن خوجا ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ، سەپەر ئېيىنىڭ ئون ئىككىسىدە ئاقسۇنى پەتھى قىل-

دى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئاقسۇدىكى چىلىك جەي دارىن باشلىق ھەممە مەنسەپدارلار بالا ـ چاقـ
لىرى بىلەن ئوردىغا يىغىلىپ، ئەتراپىغا (پارتىلىغۇچ) دورا قويۇپ، بېيجىن تەرەپكە قاراپ،
ئۆز زابانلىرىدا بىر نەرسىلەر دېيىشىپ يىغلاپ، چېكىۋاتقان غاڭزىسىدىكى تاماكىسىنىڭ ئوتىنى
دارىغا تاشلىدى. شۇ ھامان دورا پارتلاپ يەر بىلەن يەكسان بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ تەنتەنە
ئاۋازلىرى پەلەككە يەتتى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارغا خۇشال ـ خوراملىق، دۈشمەنلەرگە غەمـ
قايغۇ كەلتۈردى. جامالىددىن خوجا غالىپ يەڭگۈچى سۈپەتتە پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، خىتـ
تايلاردىن ئالغان ئولجىلىرىنى ئەسكەرلەرگە ئىنئامـ سوۋغا قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. ھەر كىـ
شى ئۆز قۇدرىتى ۋە ئۆز دەرىجىسىگە لايىق مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇپ، دۇنيالىقتىن ھاجەتسىز
بولدى.

كۇچارلىق ئابدۇراخمان دىۋان بېگىنى دادىخا (سوتچى)، ئاقسۇلۇق قاسىم قازى بەگنى ئېـ
مىرلەشكەر (باش قوماندان) قىلدى. بۇرۇنقى ئەلەم، مۇپتى، قازى قاتارلىقلارغا ئەۋۋەلقى مەنـ
سەپلىرىنى بەردى.

جامالىددىن خوجام ئاقسۇغا قاراپ ماڭغاندا، بۇرھانىددىن خوجىنىڭ ئوغلى ھامىددىن خوجىنى بىر يۈز
ئەللىك ئەسكەر بىلەن مۇز داۋاننى توسۇشقا ئېۋەتكەن ئىدى. دەرۋەقە ئىلى جاڭجۈنى (گېنرا ـ
لى) ئاقسۇنىڭ ئامبىلىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، يەتتە مىڭ خەنزۇنى ئۈچ مىڭ قالماق، سولۇن ـ چەمـ
ئى ئون مىڭ چېرىكنى يېتەكلەپ ئوق ـ دورا بىلەن ئېۋەتكەن ئىدى. بۇلار مۇز داۋانغا كېلىپ،
ھامىددىن خوجا توساپ ياتقانلىقى ئۈچۈن ئۆتەلمەي، ئەللىك كۈن يېتىپ نائىلاج ئىلىغا قايتىپ
كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھامىددىن خوجا ئۆز ئورنىدا باشقا كىشىنى قويۇپ، ئاقسۇغا قايتىپ كېـ
لىپ، دادىسى بىلەن كۆرۈشتى.

جامالىددىن خوجا ئاقسۇنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، خاتىرجەم بولغان بولسىـ
مۇ، بىراق ئۇچتۇرپان ۋە قەشقەر تەرەپتىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇچتۇرپان شەھەرىـ
نىڭ سېپىلى مۇستەھكەم، چېرىكلىرى كۆپ ئىدى. شۇڭلاشقا ئالدى بىلەن بۇرھانىددىن خوجا ۋە
ئۇنىڭ ئوغلى ھامىددىن خوجىلارنى ئۇچتۇرپانغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

## بۇرھانىددىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھامىددىن خوجىلارنىڭ ئۇچتۇرپان شەھەرىگە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقى، غالىبىيەت شادلىقى يار بولۇپ، بەخت گۈلى ئېچىلغانلىقىنىڭ بايانى

سادىق دوست، يار ـ بۇرادەرلەرنىڭ پاك پاراسەتلىرىگە روشەن ۋە ئاشكارا بولغايكىم،
بۇرھانىددىن خوجا ۋە چوڭ ئوغلى ھامىددىن خوجىلار باش بولۇپ، كۇچارلىق تالى خەلىپە، توخـ
تى خەلىپە، ئاقسۇلۇق تاھىر دىۋان بېگى، موللا قاسىم مىراپ قاتارلىق ئىش بىلىدىغان، زامانـ
دىن خەۋىرى بار، قابىلىيەتلىك بەگلەرنى ھەمرا قىلىپ، ئاقسۇنىڭ قازىسى
موللا ئابدۇللا قازىنى قازى ئەسكەر قىلىپ، ئالتە يۈز نەپەر ئەسكەر، ئون ئالتە

زەمبىرەك بىلەن ئۇچتۇرپانى پەتىھى قىلىش ئۈچۈن، غەلىبە يۈز كەلتۈرگەن سەپەر ئىپىسىنىڭ ئون ـ
تۆتىنچى كۈنى يولغا چىقتى . ئاقسۇنىڭ «ئارال» ، «ئاقيار» دىگەن يېزىلىرىدىن پەھلىۋان، قارى ـ
غا ئېتىشقا ئۇستا ئادەملەرنى تاللاپ ئەسكەرلىككە ئېلىپ ، تۆتىنچى كۈنى ئۇچتۇرپانغا تەۋە «ئا ـ
چاتاغ» دىگەن يەرگە كېلىپ چۈشتى.

ئۇچتۇرپاندىكى چىن مەنسەپدارلىرى ئۇچتۇرپان ھاكىمى توختى بەگنى نۇرغۇن ئادەم بى ـ
لەن ئاچا تاغدا قورۇلچى قىلىپ توختاتقان ئىدى. بۇرھانىدىن خوجا يېتىپ كېلىشى بىلەن توخ ـ
تى بەگ پۈتۈن ئادەملىرى بىلەن كېلىپ، بۇرھانىدىن خوجىغا ئىتائەت قىلىپ ، خىزمەتكارچىلىق
قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇچتۇرپان خەلقىمۇ تۈركۈم ـ تۈركۈم كېلىپ، خوجىلارنى زىيارەت
قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇچتۇرپاننىڭ مانجۇ شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ مەسىلىھەت ۋە تە ـ
رەددۇتىغا كىرىشىپ كەتتى. بۇرھانىدىن خوجا باشلىق ھەممە ئەسكەرلەر مانجۇ شەھەرنى قور ـ
شىۋالدى. مانجۇلار سېپىلدىن ملتىق ، زەمبىرەك ئېتىپ ، نۇرغۇن ئادەملەرنى زايا قىلدى.
مۇسۇلمان ئەسكەرلەر مۆلجەر تىغىنىڭ كەينىدىن لەخمە ( ئاكوپ ) كولاشنىڭ تەرەددۇتىنى قى ـ
لىۋاتقان چاغدا ، ئۇشتۇمتۇت مانجۇلارنىڭ ئوق ـ دورا ئامبىرىغا ئوت كېتىپ، مەيلى ئادەم، مەي ـ
لى ئوق ـ دورا ، قورال ـ ياراق، ئۆي ـ ئىمارەت، بۇتخانا، ھەتتا مۆلجەر تاغ قوشۇلۇپ، تو ـ
پا ـ توزانغا ئايلىنىپ، ھاۋاغا كۆتىرىلىپ، جاھاننى قارا تۇتەك قاپلاپ، كىشىنى ـ كىشى تونىما ـ
غىدەك ھالەتتە قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. پارتلىغان دورىنىڭ كۈچى بىلەن مانجۇلارنىڭ قول ـ پۇت ـ
لىرى بىر تاش ① ھەتتا ئىككى تاش يىراقلىققا بېرىپ چۈشتى. بەزىلىرىنىڭ باش ياكى تەن ـ
لىرى دەرەخنىڭ شاخلىرىغا ئېسىلىپ قالدى .

گەپنىڭ قىسقىسى ، شۇ يوسۇندا ئۇچتۇرپان شەھەرى پەتىھى بولدى. بۇرھانىدىن خوجا غا ـ
لىپ، يەڭگۈچى دەرىجىسىگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بۇندىن بۇرۇن قىلغان گۇنالىرىنى ئەپۇ
قىلىپ، پادىشالارچە ئىنئام ۋە شەپقەتلىرىنى كۆرسەتتى. بۇرۇنقى ماللا ئاتائۇللا ئەلەمنى يەنە
ئەلەم، باي مۇھەممەت قازى بەگنى قازى ، توختى بەگنى يەنە ھاكىم قىلدى. باشقىلارنىڭمۇ
ئەسلىدىكى ئەمەل ـ دەرىجىلىرىنى بېرىپ ، ھەممىنى خۇشال، خاتىرجەم قىلدى. دوستلار شات،
دۈشمەنلەر غەمكىن بولدى. خۇشاللىق تەنتەنە سادالىرى پەلەككە يەتتى. ئەمما بەزى پاھىشە
خوتۇنلارغا ، كاپىرلارنىڭ خۇي ـ پەيلىنى ئىمادەت قىلىۋالغان يامان ئادەملەرگە ئۆز جازا ـ
سىنى بەردى.

بىلىملىك، دانىشمەن كىشىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىدىن تارقىلىپ كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغان ـ
دا ، ئىلگىرىكى زاماندا خاقان چىن بۇ ئالتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزگەن چاغدا، ئۇچتۇرپاندىن
ئاپتاپ مۇسەللىك ساھىپجامال بىر ئايالنى ئەسىرگە چۈشۈرگەن. چىن مەنسەپدارلىرىنىڭ كۆ ـ
زى بۇ ئايالغا چۈشۈپ، خاقان چىنغا بۇنىڭدىن لايىقراق ۋە بۇنىڭدىن ياخشىراق سوغا تېپىل ـ
مايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. باشقا تارتۇق پىشكەش ، سوغا ـ سالاملار بىلەن بىرلىكتە بۇ ئايالنى
خاقان چىننىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. خاقان چىن ناھايىتى ئەزىزلەپ خوشاللىق بىلەن
قوبۇل قىلىپتۇ. باشقا خانىش ـ مەلىكىلىرىدىن ياخشىراق كۆرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خان كى ـ
رىپ كەلسە، بۇ ئايال يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ . «يەر يۈزىدە مېنىڭدىن چوڭ پادىشا بولمىسا، نىمە

① تاش ـ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى

ئۇچۇن يىغلايدىغاندۇر» دەپ ئويلاپ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئايال: " مېنىڭ يۇرتۇمدا تېنىسى تۆ-
مۈردىن، يوپۇرمىقى كۈمۈشتىن، مېۋىسى ئالتۇندىن، يىلدىسى ئەتىردىن بىر خىل دەرەخ بار ئى-
دى، شۇنى سېغىنىپ يىغلايمەن» دەپتۇ. خان بۇنى ئاڭلاپ دەرھال: " ئۇچتۇرپاندىن شۇ خىل دە-
رەخ ئېلىپ كېلىنسۇن، بۇنداق دەرەخ مېنىڭ بېغىمغا لايىق ئىكەن» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.
ئۇچتۇرپاندىكى خىتاي مەنسەپدارلىرى يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇچتۇرپان ھاكى-
مى رەھمىتۇللا بەگكە:" جىگدە كۆچىتىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ، پۇخرالارغا كۆتەرتىپ، ئۆ-
زۈڭ باش بولۇپ ، بېيجىڭگە يەتكۈزۈپ،خاننىڭ ئىلتىپاتىنى كۆرۈپ قايتىسەن» دەپ ئەمر قى-
لىپتۇ. رەھمىتۇللا بەگ نائىلاج بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، نۇرغۇن پۇقرالارغا جىگدە كۆچىتىنى كۆ-
تەرتىپ، خىتاي چېرىكلىرىنىڭ قوغداپ نازارەت قىلىشى بىلەن بېيجىڭگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.
تۆت پوتەي يەرگە بارغىچە ناھايىتى كۆپ جەبرى جاپا چېكىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ،جىگدە كۆ-
چىتىنى كۆتەرگەن ھاشارچى پۇخرالار بىرلىشىپ: " جىگدە كۆچىتىنى بېيجىڭگە ئېلىپ بارغىچە
نۇرغۇنلىرىمىز نابۇد بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدىكەنمىز. قارشىلىق كۆرسىتىپ، جىگدە كۆچىتىنى ئېلىپ
بېرىشتىن قۇتۇلىساق بولمايدىكەن » دەپ مەسلىھەت قىلىپ ، رەھمىتۇللا بەگنى خەۋەردار قى-
لىپتۇ. رەھمىتۇللا بەگمۇ قوبۇل تۇتۇپ، جىگدە كۆچىتىنى كالتەك،قورال ئورنىدا ئىشقا سېلىپ،
ئالدى بىلەن نازارەت قىلىپ بىللە ماڭغان خىتايلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن ئارقىسىغا يې-
نىپ،ھۇجۇم قىلىپ ئامبال باشلىق مەنسەپدارلارنى ئۆلتۈرۈپ ، شەھەرنى قولغا ئاپتۇ. رەھمىتۇللا
بەگ مۇستەقىل ھاكىم بولۇپ، توققۇز ئاي ئۇچتۇرپاننى سوراپتۇ.

بۇ ۋەقە خاقان چىن بۇ شەھەرلەرنى بېسىۋېلىپ، ئون يەتتە يىلدىن كېيىن يۈز بېرىپتۇ .
بېيجىڭگە خەۋەر بارغاندىن كېيىن خاننىڭ ئەمرى بىلەن لەنجۇنىڭ بىر تەرىپىدىن ھەددى ھې-
ساپسىز چېرىكلەر كېلىپ ، ئۇچتۇرپاننى ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىپ، مۇسۇلمانلارنى قەتلى ئام
قىلىپتۇ. ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ ئېشىپ قالغان ئادەملەرنى ئۇ تەرىپى قۇمۇل، ئىلىغىچە،بۇ تەرىپى
يەكەنگىچە بولغان يول ئۈستىدىكى ئۆتەڭ - لەنگەرلەردە تۇرۇشلۇق ، لەنگەر ساقلايدىغان ،
خەت توشۇيدىغان خىتايلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تۆت ئۆيلۈك ، تۆت ئۆيلىكتىن تۇتۇپ بې-
رىپتۇ . ھازىرغىچە شۇ كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى ئۆتەڭلەردە بار بولۇپ، ئۇچتۇرپانلىق دەپ
ئاتايمىش .

مەن مۇللا مۇسا سايرامى شۇ زامانلاردىن قالغان بىر نەچچە كونا كىتاپ، قورال - ياراق،
ئىگەر - توقۇم ،بۇقۇسا ، لىنگىرچاق قاتارلىق ئەسۋاپلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ۋە بۇ
نەرسىلەرنىڭ ۋەقەسىنى سورىسام، رەھمىتۇللا بەگنىڭ قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندا،خىتايلار كىشىلەرنى
ئۆلتۈرۈپ، مۇشۇ خىل نەرسە-كېرەكلەرنى جىنايەتچى قىلىپ يىغىپ ئالغان ئىدى. ئەسلىدە ناھا-
يىتى كۆپ بولۇپ،بۇلار ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان شۇ نەرسىلەرنىڭ بىر نەمۇنىسى، دەپ جاۋاپ
بېرىشتى.

خاقان چىن يەتتە شەھەرنى ئۆزىگە قاراتقان چاغدا، خان ئامبالنى ئۇچتۇرپاندا تۇرغۇزۇپ،
پايتەخت قىلغان. قالغان ئالتە شەھەر ئۇچتۇرپانغا قاراشلىق ئىكەن.
رەھمىتۇللا بەگ قوزغىلىڭى بىلەن خاقان چىننىڭ ئۇچتۇرپانغا غەزىۋى كېلىپ ، ھەممىدىن كې-
چىك شەھەر قىلغان ھەمدە: "خان ئامبال يەكەندە تۇرسۇن" دەپ يارلىق قىلغان ئىكەن. ئۇچتۇر-

پاندا ئادەم قالماي، تۇرپاندىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ ئاۋات قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەۋۋەلقى ئىسمى "ئۇش" قا تۇرپاننى قوشۇپ: "تۇرپانلىق كۆچمەنلەر ئولتۇراقلاشقان جاي" دېگەن مەنىدە، شۇندىن باشلاپ "ئۇچتۇرپان" دېگەن نام بىلەن ئاتالدى.

شۇنىڭدىن ھازىرغىچە ئىككى يۈز يىل مىقدارى ۋاقىت ئۆتتى. ئالەمنىڭ ھەقىقى پادىشاسى بولغان ئۇلۇغ تەڭرىم بۇ يەتتە شەھەرنى ئۆزىگە خاس قۇدرىتى بىلەن ھىمايە قىلىپ، ئاسراپ، مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇچتۇرپان مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھادىسىلەرنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ساقلىدى.

پۈتۈن دۇنيانىڭ تەربىيەچىسى ۋە مۇھاپىزەت قىلغۇچىسى بولغان ئۇلۇغ تەڭرىم! ھەر يۇرت، ھەر شەھەر خەلقىنى زالىم پادىشالارنىڭ غەزىۋىدىن، زالىم، جەبرى قىلغۇچىلارنىڭ جەبرى-زۇلمىدىن ئۆز پانايىڭدا ئاسرىغىل!

بۇرھانىدىن خوجا ئۇچتۇرپاننى پەتھى قىلغانىدىن كېيىن، زۇلۇمنىڭ ئىشىگىنى ئېتىپ، ئەدلى ئادالەتنىڭ دارۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ، شەرئىتى مۇستاپانىڭ رىۋاج تېپىشى، پۇخرالارنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ھەممە خوجىلارغا نىسبەتەن ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتە، ئەدلى - ئادالەتنى ئۈستۈن قويدى. شۇڭلاشقا ھەممىدىن چوڭ ئىززەت - ئابرويغا ئىگە بولدى. ئەمما پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆگىلەپ، ئۇشتۇمتۇت نەسلىك يۈز بېرىپ، تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

ئۇلۇغ تەڭرى پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالارغا، ھەشەمەتلىك ئۇلۇغ پادىشالارغا ئۆزىگە يېقىنلىق دەرىجىسىنى بېرىپ، شانى - شەۋكەت ئاتا قىلماقچى بولسا، ئۆزىگە خاس ھېكمەت قۇدرىتى بىلەن ئىلگىرى، ياكى كېيىن، جۇدالىق دەرت - ئەلەملەرگە دۇچار قىلىپ، جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغاقلىرىنى كۆرسىتىپ، جاپا ۋە مۇشەققەتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى تېتىتىپ، ئاھۇ-نادامەتنىڭ لايلىرىغا يۇمۇلۇتۇپ، پۇشايماننىڭ ئوچاقلىرىدا پۇشۇرۇپ، خارلىق ۋە ئېتىۋارسىزلىقنىڭ كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن دەرىجىمۇ - دەرىجە، بالداقمۇ - بالداق ئىززەت ۋە ھۆرمەتنىڭ يۇقۇرى پەللىسىگە ئېلىپ چىقىپ، ئۆزىگە يېقىنلىق ئورۇن ۋە دەرىجىسىنى بېرىپ، بەزىلىرىنى ئۆزىنىڭ دوستى قىلىدۇ. (پەيغەمبەر قىلىدۇ)، بەزىلىرىنى پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىززەت ۋە مەرتىۋىسىنى پەلەكتىن ئۈستۈن قىلىپ، ئۇلۇغلۇق سۈپىتىنىڭ سايىسىدا ئەڭ ئالى دەرىجە ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دۆلەت سىياسىتىنىڭ نۇرى، يورۇغلىقى بىلەن زۇلۇم ۋە مۇشەققەتنىڭ زىندانىغا گىرىپتار بولغانلارنى قۇتقۇزۇپ، پەرۋىش ھەم تەربىيەت قىلدۇرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن پۈتۈن پادىشالارنى قوي باقىدىغان پادىچىلارغا ئوخشاش دېيىلىدۇ. بىر پادىچى ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان قوينى ئوبدان بېقىپ، ياخشى خەۋەر ئالسا، قويلار كۆپىيىدۇ. پادىچىنىڭ قوي ئىگىسى ئالدىدا مەرتىۋىسى يۇقۇرى بولىدۇ. ئەگەر ياخشى باقماي بىپەرۋالىق قىلسا، قوي ئىگىسى قويلىرىنى باشقا پادىچىغا بېرىپ، ئىلگىرىكى پادىچىنى ھەيدىۋېتىدۇ. ھەر قانداق پادىشا پۇخرالارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالسا، دۆلىتى زىيادە، مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولىدۇ. يۇرت ۋە مەملىكىتى ئاۋات، كەڭرى، باياشات بولىدۇ. مۇبادا ياخشى خەۋەر ئالماي، بىپەرۋالىق قىلىپ، پۇخرالارنى زالىم، خۇنخور (قان ئىچىدىغان) ئەمەلدارلارغا تاشلاپ قويسا، پادىشالارنىڭ پادىشاسى بولغان ئۇلۇغ تەڭرىم، يۇرت ۋە مەملىكەتنى يەنە بىر پۇخرا پەرۋەر پادىشاغا تاپشۇرىدۇ. چۈنـ

كى، بىر زالىم مىلىك بۆرىدىن يامان ۋە بەتتەردۇر. يۇرت ۋە مەملىكەت ئادالەت بىلەن ئاۋات ھەم خاتىرجەم بولىدۇ.

گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، بۇرھانىددىن خوجا ئۇچتۇرپاندا ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن، قەشقەردە سىددىق بەگ قىپچاق باش كۆتۈرۈپ، ئۇنى قولىغا كىرگۈزدى، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، قەشقەرگە بېرىشنى قارار قىلدى.

## بۇرھانىددىن خوجا، ئوغلى ھامىددىن خوجا بىلەن قەشقەرنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغانلىقى، ساددىلىقتىن سىددىق بەگ قىپچاقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى، كېيىن قۇتۇلۇپ ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بايانى

ئادالەتلىك ئەرباپلار ۋە پاراسەتلىك يارانلارنىڭ خاتىرىسىگە رۇشەن ۋە ئاشكارا بولسۇنكى، بۇرھانىددىن خوجا قەشقەرنى قولىغا كىرگۈزۈش مەقسىتىدە جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى شەھەردىن چىقىپ، چىدىر-بارگاھلىرىنى "ئوت بېشى" دېگەن يەرگە تىكىپ، تەييار بولدى. ئوغلى ھامىددىن خوجىنى غەيرەتلىك، تاللانغان ئىككى مىڭ ئەسكەر بىلەن ئالدىن يولغا سالدى. ئۆزى ئىككى كۈندىن كېيىن بىر مىڭ بەشيۈز ئەسكەر، مەھرەم (خىزمەتچى)، ياساۋۇل، مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن يولغا چىقتى. مەنزىلمۇ - مەنزىل يول يۈرۈپ، "قارا بۇلاق" دېگەن يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، نادان قىرغىزلار نىيىتىنى بۇزۇپ، ئالدىنى توسۇشقا ئۇرۇندى، ئەمما جازاسىنى تاپتى.

جامدىكى ئەكدىن جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېچىپ كەتكەن سايىت بەگ ئاكىسى، قەشقەرنىڭ ھاكىمى قۇتلۇق بەگنىڭ قېشىغا بارغان ئىدى. شۇ ئەسنادا ئاكىسى-قۇتلۇق بەگنىڭ مەسلىھەتى ۋە مانجۇلارنىڭ يوليۇرۇقى بىلەن خوجىلارنى ئوچۇقتۇرۇش مەقسىتىدە ئىلىدا تۇرۇشلۇق جاڭجۈندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئاقشال يولى بىلەن كېتىۋاتقان ئىدى. بىر نەچچە قىرغىزلار تۇتىۋېلىپ، ھامىددىن خوجىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ھامىددىن خوجىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدار - ئەرباپلار سايىت بەگنىڭ خۇنىنى تىلەپ تۇرىۋالدى. ھامىددىن خوجا ئەپۇ قىلىپ، سايىت بەگنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، ئۆز قوشۇنىدا تۇتۇپ قالدى. ئەمما "ئىسمائىل كاتىۋال" دېگەن تەرجىمانىنى تۇتقاقان قىلىپ ئولتۇردى. ئۇندىن كېيىن ئەسلى مەقسىدى بويىچە ئالدىغا قاراپ ئۇرغۇن يول مېڭىپ، ئۇستۇن ئاتۇشقا كېلىپ قوندى. ئەتىسى يولغا چىقىپ: "بۈگۈن قەشقەرگە كىرىمىز. قۇتلۇق بەگ بولسا ئۆز كۈچارلىقىمىز، يۇرتداشلىقنىڭ يۈز-خاتىرى بار. قۇتلۇق بەگ ئۇ تەرەپتىن، بىز بۇ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، سىددىق بەگنى يوقۇتىمىز" دېگەن خام - خىيال بىلەن كېتىۋاتقان چاغدا، قەشقەر تەرەپتىن كاتتا بىر تۇغ كۆرۈندى. سەپسېلىپ قارىسا ئۇرغۇن قوشۇننىڭ كېلىۋاتقانلىقى ئاشكارا بولدى. نائىلاج ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش - جەڭ بولدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن بىر مۇنچە ئادەملەر ھالاك بولدى. شۇنداق ھالەتتە

سىدىق بەگ: «خوجىلار بىلەن ئۇرۇشماي، ياخشىلىق بىلەن شەھەرگە باشلاپ كىرىشلار، ئەنە بولسا بولسۇن، ئىسلام ئاچقان غازى شېھىت، يۇرتىمىزغا كەلگەن مېھمان» دەپ تەكلىپ قىلغان بولۇپ، ئالدىغا كىشى چىقىرىپ، ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن باشلاپ كېلىپ، خوش ھاۋالىق كەڭرى بىر باققا چۈشۈردى. كەڭ زىياپەت بېرىپ، مۇلايىملىق بىلەن خىزمەتكارلىق رەسمىنى بىجا كەلتۈردى. ئەمما خوجىلارنىڭ چېدىر ـ بارگاھ، ئەسكەرلىرىنىڭ ئات، ئۇلاغ، قورال-ياراق، خورجۇن ـ قاچىلىرىنى بىرنى قويماي ئايرىپ ئالدى. نېمە دىسە شۇنى دەرھال تەييارلاپ ياخشى كۈتكەن بولسىمۇ، بىراق بوسوغا ئاتلاپ تالا ـ تۈزگە چىققىلى قويمىدى. كىشىلەر بىلەنمۇ كۆرۈشتۈرمىدى. سىدىق بەگ بىر قېتىم كېلىپ كۆرۈشكىنىچە يەنە كەلمىدى. مۇشۇنداق ھالەتتە توققۇز كۈن ئۆتتى. ئاخىرى قەشقەرنىڭ ياخشىلىرىدىن بىر نەچچە كىشى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ سۆلھ قىلدى. خوجىلار قەشقەرگە دەخلى قىلمايدىغان، سىدىق بەگ ئاقسۇ تەرەپكە قول ئۇزاتمايدىغان بولۇپ ۋەدىنامە (توختام) تۈزۈشۈپ، ئىتتىپاقلاشتى. خوجىلار بىلەن سىدىق بەگ باشقىدىن كۆرۈشۈپ، ئۇرغۇن گەپ ـ سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا سېلىشىپ، ماقۇل بولۇشۇپ، دوس-ئاشنالىق قائىدىلىرىنى بىجا كەلتۈردى. خوجىلارنىڭ چېدىر ـ بارگاھلىرىنى بېرىپ، لايىقىدا تون، كىيىم ـ كېچەك سوغا قىلىپ، ئۇزىرە ئېيتتى. ئەسكەرلەرنىڭ ئات ـ ئۇلاغ، قورال ـ ياراق، خورجۇن ـ قاچىلىرىنى بەرگەننىڭ سىرتىدا يول خىراجىتىمۇ بېرىپ، چوڭ يول بىلەن ئاقسۇ تەرەپكە يولغا سېلىپ، ئۇزىتىپ قويدى. خوجىلار ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلغىنىغا كۆپ شۈكرى قىلىپ، رەجەپ ئېيىنىڭ يىگىرمە سەككىزىدە ئەسلى چىققان جايى ئۇچتۇرپانغا يېتىپ باردى. ئەقرەپ (زىمىستان) پەسلى ئىدى. قىشنى ئۇچتۇرپاندا چىقاردى. يۇرتدارچىلىق ئىشىنى ئوغلى مەھمۇدىن خوجىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، بۇرھانىدىن خوجا ئاخىرقى ئۆمرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزدى.

## بۇرھانىدىن خوجا ئوغلى ھامىدىن خوجا بىلەن شەيخ نەزىرىدىن خوجىلارنىڭ يەركەنتنى پەتھى قىلىش غازاتىغا ئاتلانغانلىقى، غەلىبە گۈلى جامالىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق زامان ھادىسىلىرىنىڭ توسقۇنلىقىدىن بىر گۈل ئۈزەلمەي، ئۆز جايىغا قايتقانلىقىنىڭ بايانى

ئېزىز دوستلار ۋە دانىشمەن بۇرادەرلىرىمىزنىڭ پەم ـ پاراسىتىگە رۇشەن ۋە ئاشكارا بولغايكىم، راشىدىن خوجا كۇچاردىن شەيخ نەزىرىدىن خوجىنى باش قىلىپ، ھاجى غەزىنىچى بەگ، ياقۇپ دىۋان بېگى، سىدىق مىراپ باشلىق بىر نەچچە بەگلەرنى ھەمرا قىلىپ، تۆت مىڭ ئەسكەر بىلەن يەركەنتنى پەتھى قىلىش غازاتىغا بېرىشقا يارلىق چۈشۈردى. ئۇچتۇرپاندىن بۇرھانىدىن خوجا، ئوغلى ھامىدىن خوجىلار ئىككى مىڭ بەشيۈز ئاتلىق، ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپان لەشكىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، مارالۋېشىغا يېتىپ باردى. مارالۋېشىدا ئىككى مىڭچە چېرىك بار ئىكەن. بۇلار بارلىق قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ ئىتائەت قىلىپ، بويسۇنىدىغانلىـ

ىنى ۋە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. خوجا ملار چېرىكلەرگە شاھادەت كەلىمىسىنى ئۆگىتىپ، مۇسۇلمان قىلىپ، قورال - ياراقلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئامباردىكى ئاشلىقلارنى ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. يېڭى مۇسۇلمانلارغا مادا لۈيى دېگەن كىشىنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن مارالۋېشىدىن خاتىرجەم بولدى.

خوجا ملار ئەمەلدارلىرى بىلەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ، مارالۋېشىدىن ئاتلىنىپ، يەركەنگە باردى. يەركەننىڭ بىر تەرىپىدە ئابدىراخمان ھەزرىتىم ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرىپىدە تۇڭگانلارنىڭ ئامامى ھۆكۈم يۈرگۈزىۋاتاتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن خوجا ملار بىلەن ئابدىراخمان ھەزرىتىم ئوتتۇرىسىدا جەڭگى-جېدەل بولدى. ئامما تۇڭگانلار بىلەن بەزىدە ئىتتىپاق بولۇپ بەزىدە ئىتتىپاق بولالماي تۇرىۋاتقان ئىدى. مۇشۇ ئەسنادا يەركەن بەگلىرىدىن نىياز بەگ دېگەن كىشى بىر نەچچە كاتتا بەگلەرنىڭ نامىدىن قەشقەردىكى ياقۇپ قوشبېگىنى تەكلىپ قىلىپ، نامە (خەت) يېزىپ ئەۋەتتى. ياقۇپ قوشبېگى خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، چوڭ ئۈمىت بىلەن نۇرغۇن قوشۇننى باشلاپ، يەركەنگە كەلدى. بۇ چاغدا خوجا ملار تۇڭگانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئابدىراخمان ھەزرەتكە قارشى جەڭ قىلىپ، بىر نەچچە قېتىم غەلىبە قازىنىپ، بىر نەچچە قېتىم مەغلۇپ بولغان ئىدى. ياقۇپ قوشبېگى ئۇشتۇمتۇت كېلىپلا يەركەن شەھەرنى ئالدى. بۇنى كۆرۈپ ھامىدىن خوجىنىڭ غەيرەت - شىجائەتلىرى ئۇرلەپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى نابۇت قىلدى. ياقۇپ قوشبېگىنىڭ ئەمەلدار - لەشكەر باشلىقلىرى چىداش بېرەلمەي، سېپىل ئۈستىدىن ئات سەكرىتىپ نۇرغۇنلىرىنىڭ پۇتى ۋە بويىنى سۇنۇپ ھالاك بولدى. بىر مۇنچىلىرى زەخمىلىنىپ، مېيىپ-ئەيىپتار بولدى. شەھەرنىڭ بىر دەرۋازىسى بوشراق بولۇپ، شۇ يەردىن ياقۇپ قوشبېگى قېچىپ قۇتۇلدى. قوشبېگى ئۆزى مىنىدىغان قارا ئارغىماق ئاتنى ئېگەر - جابدۇقلىرى بىلەن ھامىدىن خوجا ئولجا ئالدى. ھامىدىن خوجىنىڭ بۇ جەڭدە نامايەن قىلغان غەيرەت - جۈرئەتلىرىگە خالايىق: "ئاتىدىن ئوغۇل تۇغۇلسا، ھامىدىن خوجىدەك بولسا" دەپ ئاپىرىن-تەھسىنلەر قىلىشتى.

خوجا ملار تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ، يەركەننىڭ مانجۇ - خەنزۇلار تۇرۇشلۇق شەھەرنى ئېلىشقا تىرىشتى. ئەمما شەھەر ئىچىدىكى مانجۇلار ھېچكىمنى باش چىقارغىلى قويماي، كۆرۈنگەننى ئېتىپ نابۇت قىلدى. مانجۇ - خەنزۇ چېرىكلىرى ئاتقان ئوق ھەرگىز زايا كەتمىدى. مۇسۇلمانلار ئاتقان ئوقنى سېپىلنىڭ خوختىلىرى توسىۋېلىپ تەگمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەتراپتىكى باغ - ۋاران، ئېتىز - ئېرىقلاردىكى مەيلى مېۋىلىك، مەيلى مېۋىسىز بولسۇن، بارچە دەرەخلەرنى مەجبۇرى كېسىپ كېلىپ، سېپىل بىلەن تەڭ قىلىپ، بىر نەچچە يەرگە پەشتاق باغلاپ، ئۈستىگە چىقىپ ئوق ئاتتى. بىر تەرەپتىن لەخمە (ئاكوپ) كولاپ، يەر ئاستى بىلەن بېرىپ، سېپىلنىڭ ئاستىغا دورا كۆمۈپ پارتلاتتى. بۇنىڭ بىلەن سېپىلنىڭ ئون-يىگىرمە يېرى پارتلاپ غۇلاپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، چېرىكلار توپا-قۇم توشقۇزۇلغان تاغارلارنى تېزىپ، يەنە بۇرۇنقىدەك ئېگىزلىكتە ئېتىۋالدى. نۇرغۇن مۇسۇلمانلار نابۇت ۋە زايا بولۇپ تەگلىكتە قالدى. لېكىن شەھەر ئىچىدىكى مانجۇ-خەنزۇلارنىڭ ئوق - دورا، ئاشلىق - تۈلۈكلىرى تولا بولۇپ، تەڭلىك تارتمىدى. بەلكى كۈندىن - كۈنگە ئېغىر قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سەككىز ئاي ئۆتتى. بەزى ئىش كۆرگەن، ئوقۇمۇشتىن خەۋىرى بار پارا

سەيتىلىك كىشىلەر بۇ يەتتە شەھەر ئەللىرى خاقان چىنغا تەۋە بولغاندا شەھەر-شەھەرلەردىكى ئادەملەرنى تىزدىلاپ، سانىنى ئالغان ئىكەن. شۇ ھىساپتا يەركەن ئوتتۇز ئىككى مىڭ نوپۇس، ئاقسۇ ئالتە مىڭ، كۇچار ئۈچ مىڭ، قەشقەر ئون ئالتە مىڭ، خوتەن يىگىرمە ئىككى مىڭ نوپۇس ئىكەن. يەركەندىكى مانجۇلارمۇ ئوتتۇز ئىككى مىڭ، بەلكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك مۇسۇلمانلارنى نابۇت ۋە زايا قىلىپ، ئاندىن ئۆزلىرى ھالاك بولدى، دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ رىۋايەت ھەقىقەتەن راس بولۇپ ئىشەنمەك لازىم.

گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، ئىلاجىسىزلىقتىن مانجۇلار تەسلىم بولۇپ، شەھەر پەتىھ بولدى. ئامباردىكى ئاشلىق ۋە ئوق-دورىلار مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشتى. تەبرىك ۋە تەنتەنە ئاۋازلىرىدىن قۇلاقلار پۈتۈپ كەتتى. ناغرا-دۇمباق، سۇناي-كانايلارنىڭ شادىيانە سادالىرى پەلەككە يەتتى. ئەمما يەنىلا تۇڭگانلار بىلەن پۈتۈشەلمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئابدىراخمان ھەزرەت، يەركەندىكى باشقا ھەزرەت-ئىشانلار، قاغىلىقتىكى جامالىدىن خوجا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يەركەن ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىغا ئېلىشنى تەمە قىلغانلىقتىن، ئۆز-ئارا مۇرەسسەگە كېلەلمەي، ئىتتىپاق قىلىشالمىدى. خوجىلار يەركەننى ئىدارە قىلىپ ئۆز قولىدا تۇتالمىدى. يەركەندىكى مىرغىياسىدىن ئىشاننىڭ نەۋرىلىرىدىن بولغان مىرزاجان ھەزرەتنى بۇرھانىدىن خوجا ئابدىراخمان ھەزرەتتىن مەخپىي قاچۇرۇپ، ئۇچتۇرپانغا ئەۋەتتى. ئانداق قىلمىسا ناھەق خۇن (قان) تۆكۈلۈشىنىڭ ئېھتىمالى بار ئىدى.

شۇ چاغدا ئۇزۇندىن بىرى ھىندىستان تەرەپتە ياشاپ كەلگەن مەھەممەت ئىلى خاننىڭ ئوغلى مۇزەپپەرخان بۇ تەرەپتىكى ئىتتىپاقسىزلىق ۋە پاراكەندىچىلىكنى ئاڭلاپ، ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، ھاكىمىيەت تەمەسى بىلەن كەشمىردىن چىقىپ، تىبەت داۋىنى ئارقىلىق يەركەنگە كەلدى. ئۆزىنىڭ نام-نەسەبلىرىنى ئاشكارا قىلغاندىن كېيىن، ھەممە ئىززەت-ھۆرمىتىنى بىجا كەلتۈرۈپ، لايىقىدا جاي-ئورۇن، دەرىجە، مائاش، تەمىنات بەلگىلىدى. ئەمما مۇزەپپەرخاننىڭ ھەركىتىنىڭ باشقىچە بولىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، بۇرھانىدىن خوجا: "بىزنىڭ ئۇلۇغىمىز كۇچاردا، كۇچارغا بېرىپ كۆرۈشۈپ، شۇ كىشىنىڭ يارلىغى بويىچە ئىش قىلايلى» دەپ ئادەم قوشۇپ، كۇچارغا يولغا سالدى. كۇچارغا بارغاندىن كېيىن، راشىدىن خان خوجا مۇزەپپەر خاننىڭ ئىززەت-ئىكرامىنى قىلىپ قوبۇل قىلدى. ئورۇن، ۋەزىپە تەيىنلەپ، مۇناسىپ جايدىن خوتۇن ئېلىپ بېرىپ، خۇشال-خۇرام قىلدى. كۆڭلى خالىغان يەرلەردە ئويۇن-تاماشا قىلىپ، بىر نەچچە كۈن تۇردى. "كورلىغا بارسام» دەپ رۇخسەت ئېلىپ، كورلىغا كەتتى. ياقۇپ قوشبېگى كۇچارنى ئالغاندا، كورلىدىن تۇرپانغا كەتتى. مۇزەپپەرخاننىڭ باشقا ۋەقەلىرىنى كېيىنكى باپتا يازغايمىز.

ئاقىۋەت خوجىلار تۇڭگانلار بىلەن ئىتتىپاق قىلىشالماي، يەركەننى قولىدا تۇتۇپ تۇرالماي، ئۆز جايلىرىغا قايتىپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق ئىدى: يەركەندە تۇڭگان تايىپىلىرى يىگىرمە بەش مىڭ كىشى ئىدى. ئاز ئادەم كەپتۇق، ياخشىسى، پۇختا تەييارلىق قىلىپ، كۆپ ئادەم بىلەن كېلىشىمىز لازىم ئىكەن، دەپ قارىدى. يەنە بىرى، نەزرىدىن شەيخ خوجىنىڭ مىجەزى تۇراقسىز، توختالغۇسى يوق، پىنىڭ مىجەز كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى "ئېمىر تۆمۈر كۆرەگانى ئىككىنچى"

چاغلاپ، يەركەندىكى ھەزرەت ئىشان ۋە تۇڭگانلارنىڭ باشلىقلىرىنى، يۇرتنىڭ ئىسىل ئابرۇيلۇق كىشىلىرىنى كۆزگە ئىلماي، ئادەم ئورنىدا كۆرمىدى، بۇرھانىددىن خوجىنىڭ مىجەزى يۇمشاق، خۇشخۇي، خۇش خۇلق كىشى ئىدى.

نەزم:

ئەگەر پادىشا بولسا مولايىم سۇخەن،
كى مۇشكۇلىنى ئاسان ئەيلىگەي ھاپىز ھەي، ①

## سىيىت جامالىددىن خوجام يەركەن ۋە قەشقەرنى قولغا كىرگۈزۈش ئارزۇ ھەۋىسىنىڭ تەمەنناسى ۋە بىر قېتىمدا ئىككى شەھەرنى پەتھى قىلىش تەقەززاسى، بىرئوق بىلەن ئىككى كېيىكنى ئوۋ قىلىش غورۇرى بىلەن يۈرۈش قىلغانلىغى، بىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ، يەنە بىرىگە قەدەم قويماق بىلەن ھەر ئىككىسى سىيىت جامالىددىن خوجامنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىپ، باشقا بىر چەۋەنداز ئوۋچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىگى، نەتىجىدە مالال ۋە مەيۇس بولۇپ ئۆز جايلىرىغا قايتىپ كەتكەنلىگىنىڭ بايانى

دوستلارنىڭ پاك قەلبى، ئەرباپلارنىڭ رۇشەن مولاھىزىلىرىدىن مەخپى قالمىغايكىم، رىۋايەتلەر: خوجاملار يەركەننى ساقلاپ قالالماي يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاقسۇنىڭ ھاكىمى جامالىددىن خوجىنىڭ ھىممەت ۋە غەيرىتى قايناپ، غەيرەت ۋە جۈرئەت تومۇرلىرى ئۆرلەپ:"ئۆزەم ئاتلىنىپ بېرىپ، يەركەن ۋە قەشقەرنى پەتھى قىلىپ، ياقۇپ قۇشبېگى دىگەننى تىرىك تۇتۇپ باغلاپ، ئىنسان كۆرمىگەن خورلۇقلارنى سېلىپ، ئېتىۋارىنى قويماي، ئېتىمنىڭ تومشۇغىدا ھەممىشەم پىيادە ئېلىپ يۈرمىسەم نىزامىددىن خوجىنىڭ ئوغلى بولماي قالاي"، دەپ، ئاچچىق ۋە يامان سۆزلەر بىلەن قەسەم ئىچتى. بارلىق ئەركان، دولەت مەنسەپدار ۋە خۇشامەتچىلەر:"ۋاي شۇنداق بولماي، يۇرتىدىن قېچىپ كەلگەن يالىڭاچ بۇلاڭچىنىڭ نىمە ئەتىۋارى بولسۇن" دەپ ھەددىدىن زىيادە خۇشامەت قىلىپ ئاشۇرىۋەتتى،

قىشىچە لەشكەر، قۇرال-ياراق تەرەددۇتى، ئوزۇق-تۈلۈك، ئات-ئۇلاغ غېمى بىلەن باھارغا ئۇلاشتى. يەردىن كۆك چىقىپ باھار باشلىنىدىغان مەۋسۇمدە جامالىددىن خوجا ئۆز ئورۇنلىرىدا ئىنىسى جالالىددىن خوجىنى ۋاقىتلىق ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، يەركەن تەرەپكە ئاتلىنىشنى قارار قىلدى. كۇچارنىڭ ئۇلۇغ پېشۋاسى، ئەللىك يىل ئەلەملىك مەنسۇپنى قولىدا تۇتۇپ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن سىدىق خوجا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ باشچىلىقىدا كۇچار-شايارنىڭ

① پادىشا مۇلايىم — يۇمشاق سوزلۇك بولسا، تەگرى تۈنىرىق قىيىن ئىشلىرىنى ئاسان قىلىدۇ.

لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى، بۇرھانىددىن خوجا ۋە ھامىددىن خوجىلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئۇچتۇرپاندىن كەلدى،

ئاقسۇدىن موللا باقى ئاخۇنۇم، قاسىم قازى بەگ، باقەش مىراپ، مۇھەممەت شېرىپ ئورتەڭ بېگى، سابىر مىراپ، كۇچار بەگلىرىدىن ھاجى غەزنىچى بەگ، ياقۇپ دىۋان بېگى، موللاش مىراپ، ئۇچتۇرپان بەگلىرىدىن ئاق بەگ، موسا بەگ، قۇربان مىراپ قاتارلىق كارغا يارايدىغان، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ۋۇجۇدىدا ھىممەت ۋە غەيرىتى بار بەگ ھەم بەگزادىلارنى ھەمراھ قىلىپ، يەركەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. پىلتىرچى، بازارچىلاردىن باشقا نوقۇل ئەسكەرنى يىگىرمە ئالتە مىڭ دەپ رويخەتكە ئالدى.

خوجاملار، ئەمەلدار-ئەرباپلار بىلەن يولغا چىقىپ، نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، يەركەن شەھرىگە ئۈچ مەنزىل قالغاندا، يەركەننىڭ ۋالى ۋە ئاھالىلىرى، ھەزرەت ھەم تۇغقانلارنىڭ ئىسھاملىرى، ئۆلىما ۋە پۈزۈلالىرى، چوڭ-كىچىك پۇخرالار تارتۇق، سوغا-سالاملار بىلەن ئالدىلىرىغا چىقتى. يۈزلىرىنى خوجاملارنىڭ غالىپ ئۈزەڭگۈلىرىگە سۈرتۈپ، قوللىرىنى دۇئاغا كۆتىرىپ، تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا ئاجىز ۋە بىچارىلىگىنى شەپى كەلتۈرۈپ، خوجام پادىشالارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، دۆلىتىنىڭ زىيادە بولىشىغا ئايەتلەر ئوقۇپ، باشلىرىنى تۆۋەن سىلىپ، خىجالەتچىلىك تېرىغا غەرق، ئىلگىرىكى قىلغان ئىشلىرىنىڭ پۇشايمانىغا مۇستەغرەق بولۇپ تۇرغان چاغدا، خوجاملار پادىشالارچە ئىنئام، سېخىلەرچە ھەركەتلىرىنى كۆرسىتىپ، ھەممىنىڭ گۇنالىرىنى ئەپۇ قىلىپ، دىلكەشلىك بىلەن خۇشال-خۇرام قىلدى. ئاندىن كاتتا داغدۇغا ھەشەمەت بىلەن يەركەن شەھەرىگە كىرىپ، پادىشالىق تەختىدە ئولتۇردى. خايىي تۇغقانلار، خايىي ھەزرەت-ئىشانلار، خايىي ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ بىرەر نەرسە دېيىشكە ھەددى بولمىدى. پۈتۈن ئەمەلدارلار، مەنسەپدارلار، ئىتائەت كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلىدى. تەبرىكلەش، ناغرا، دۇمباق، كاناي-سۇنايلارنىڭ سادىسى، گۇرۇھ-گۇرۇھ، توپ-توپ بولۇپ تەبرىكلەشكە كەلگەن خالايىقلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ غەۋغاسى پەلەكتىن ئاشتى. خوجام پادىشا ئىنئام، ئېھسان ۋە سېخىلىقىنىڭ ئىشىگىنى يوغان ئاچتى. ئەدلى-ئادالەتنىڭ قانىتىنى كەڭ يايدى. نەتىجىدە قوي بۆرى بىلەن بىر كۆلچەكتە سۇ ئىچتى. لاچىن كەپتەر بىلەن بىر جايدا ئۇۋا تۇتتى. ئىنسان گۇرۇھى ھەتتا پۈتۈن مەخلۇقات ئارىسىدىمۇ ئىتتىپاقسىزلىق، دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت تۈگىتىلىپ، دوستلۇق ۋە مۇھەببەت، ئىشەنچ ۋە ساداقەتنىڭ يۈسۈن-قائىدىلىرى قۇياشقا ئوخشاش نۇر چاچتى. مۇشۇ يول بىلەن ھەممىنى خۇشال-خۇرام، خاتىرجەم، باياشات، پاراۋان، بىغەم قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

بۇنىڭدىن كېيىنكى نىشان-مەقسەت قەشقەرنى پەتھى قىلىش بولغانلىقتىن، بۇنىڭ ئۈچۈن زادىرا، ھىلە، يول راسخوتى تەييارلاش كويىغا چۈشتى. يەركەن ۋىلايىتىدىن نۇرغۇن ئەسكەر توپلاپ، ياخشى كۆڭۈللەرنىڭ بىردە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى.

يەركەن ھۆكۈمىتىنى كۇچارلىق سىدىق خوجا ئەلەم ئاخۇنۇمغا تاپشۇرۇپ، مەملىكەت ئىشىنىڭ پۈتۈن ئىختىيارىنى بەردى. قەشقەرگە بىرىشقا تەييارلانغان خايىي مۇسۇلمان، خايىي تۇڭگان لەشكەرلىرىنى تىزىملاپ رويخەتكە ئالدى. قوشۇنچى، پىلتىرچى، بازارچىلاردىن باشقا، يەتمىش

ئىككى مىڭ لەشكىرى چېۋەندازلارنى ساناق ۋە ھېساپقا ئالدى. ياخشى پەسلى، ئوبدان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىل قۇيرۇقى بولۇپ ئاتلىنىپ، يەركەن شەھەرىدىن چىقىپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى قەشقەر يولىغا تىكتى.

لەشكەرلەرنىڭ تولىلىغىدىن پوش - پوش ئاۋازى كوچا - بازارلاردا تاماشا قىلغۇچىلارنىڭ غەۋغاسى، لەشكەرلىككە ماڭغانلارنى ئۇزىتىپ بارغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ خوشلاشقان ۋاراڭ - چۇرۇڭى، كاناي-سۇناي، ناغرا - دۇمباقلارنىڭ ساداسى، نەغمىچىلەرنىڭ ساز - مۇقام، ناخشا-غەزەللىرىنىڭ ئاھاڭلىرى، لەشكەرلەرنىڭ ئاتلىرى ئايىغىدىن چىققان توپا - تۇپراقلىرىنىڭ چاڭ - توزاڭلىرى پەلەك ۋە ساماغا ئۆرلىدى، كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆزلىرى كۆرمەس، ئىشتكۈچىلەرنىڭ قۇلىقى ئاڭلىماس بولدى. ئەقىل- ئىدرەكتىن تاشقىرى، ھەشەمەتلىك داغ- دۇغا ھاسىل بولۇپ، گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك بىر مەنزىرە پەيدا بولدى. خوجامالار دەۋرىدە مونداق كۆپ لەشكەر جەمئى بولوپ ئاتلانغان ئەمەس ئىدى. شۇندىن كېيىنمۇ بولمىدى.

ھەممىنى ياراتقۇچى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ قۇدرەت - ئىنايىتى بىلەن جامالىدىن خوجا ئىسپىھان شەمشىرىنى ئېسىپ، رەڭگا - رەڭ تون، سەرۇپايىلارنى ئۇچىسىغا يېپىنىپ، پادىشالىق تاجىنى بېشىغا كىيىپ، ياخشى ئارغىماق، ياخشى ئاتقا مىنىپ، گەپ سىغمىغۇدەك تولۇق ياسىنىپ چابدۇنۇپ، نۇرغۇن تەبىرىك، مەدھىيە (ماختاش) سادالىرى ئاستىدا مەخسۇس تەييارلانغان شاھانە چېدىر - بارگاھلىرىغا كېلىپ چۈشتى. بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ، چوڭ - كىچىك لەشكەرلىرىگە قەدىر - ئەھۋال سىراجەت، ئۆز لايىقىدا كىيىم - كېچەك بېرىپ، ئۈچىنچى كۈنى كۆزلىگەن نىشانىغا قاراپ ئاتلاندى. ئاستا - ئاستا مېڭىپ، خانىرىق يېزىسىغا كېلىپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكىپ چۈشتى. ئەسكەرلەرنىڭ ئالدى- ئارقىسىنى تەكشۈرۈپ ۋە دەڭسەپ كۆرۈپ مۇلاھىزە قىلدى. "ياقۇپ قۇشبېگى مۇنداق نۇرغۇن قوشۇن كەلگەنلىكىنى بىلسە ھەر قاچان قەشقەر ئىچىدە بىردەممۇ تۇرماي قېچىپ، ئۆزىنى تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە كۆرىدۇ. لېكىن قەشقەر خەلقى ئاتنىڭ ئايىغىدا قالىدۇ»، دەپ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلىكىگە يۆلىنىپ تەمەننا قىلدى. "قەشقەرنى ھايال بولماي ئالىمىز» دىگەن خىيال بىلەن ئەنجانلىق ۋە قىرغىزلارنى بەنت قىلىپ باغلىغىلى تۆرت ھارۋىدا ئىشكەل - كىشەن، زەنجىر ئېلىپ كەلدى. ئەمما ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ تەڭرىمىنىڭ فەزلى - قۇدرىتىگە ئىشىنىش ۋە يۆلىنىشنى ئۇنۇتتى. بۇ توختالغۇسى يوق پەلەك ئۇنى ئويلاشقا يول قويمىدى. مۇنداق ئۇچىغا چىققان ھەشەمەت ۋە داغدۇغىنىڭ زاۋال بولىدىغانلىقىنى بىلمىدى.

مۇشۇ ئەسنادا يېڭىسار تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت چوڭ تۇغ نامايەن بولدى. تۇغنىڭ ئارقىسىدا ئەلەم - بايراق كۆرۈندى. مۆلچەرلەپ قارىسا ياقۇپ قۇشبېگىنىڭ قوشۇنى كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. ئەتراپقا قويغان قاراۋۇل (پوس)، خەۋەرچى (رازۋېدكىچى) لارمۇ ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ، كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى مەلۇم قىلىپ، يۇقۇرقى مۆلچەرنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلىدى.

جامالىدىن خوجا بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز كۆپ، ياقۇپ قۇشبېگىنىڭ قوشۇنى ئاز دەپ قاراپ، ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ بىر مۇنچىسىنى سول تەرەپكە بۇيرۇپ: "ئەجدىھاغا ئوخشاش ئىككى

تەرەپتىن تەڭ باش تارتىپ، يۇمۇلاق چەمبەر بولۇپ، ياقۇپ قۇشبېگىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، تاش سېپىلدەك قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ قورشاڭلار، ھەر قانداق ئادەم قولغا چۈشسە تىرىك تۇتۇپ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرۇق بېرىپ، ئۆز كۆڭلىدە غەم ئەندىشىسىز خاتىرجەم بولۇپ، چېدىر-بارگاھلىرىدىن چىقمىدى.

دەرۋەقە خوجىلارنىڭ لەشكەرلىرىگە قارىغاندا ياقۇپ قۇشبېگىنىڭ قوشۇنى تولىمۇ ئاز ئىدى. ياقۇپ قۇشبېگىنىڭ قوشۇنىنى ئاسماندىكى ھۆكەرگە مىسال قىلسا، خوجىلارنىڭ لەشكىرىنى يەتتە قات ئاسماندىكى پۈتۈن يۇلتۇزچە بار دەپ پەرەز قىلسا بولاتتى. مۇشۇ چاغدا كۇلاپىنىڭ ئۇلۇغى “ھەمراخان» دىگەن كىشى ئىككى يۈز ئەللىك زەپەردەس پەھلىۋان ئەسكىرىنى قورال - ياراغلىرى بىلەن ئېلىپ ياردەمگە كەلسە، خوجىلار بىزگە غەيرى يۇرتنىڭ ئادەملىرى كېرەك ئەمەس دەپ قوبۇل قىلمىدى. ھەمراخان نائۈمىت بولۇپ قايتىپ بېرىپ، ياقۇپ قۇشبېگىگە قوشۇلدى.

ياقۇپ قۇشبېگى خوجىلار ئەسكىرىنىڭ تولىلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ئاز ۋە ئاجىزلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەڭرىگە تەۋەككۇل قىلدى. قەيەردە غېرىپ - مۇساپىر بولسا دۇئاسىنى ئېلىپ، تەڭرىگە سىغىندى. خوجىلارنىڭ ئەسكەرلىرى ئوڭ ۋە سولغا بېرىپ، سەپلىرىنى راسلاپ بولغىچە ياقۇپ قۇشبېگىنىڭ قوشۇنىدىن ئابدۇللا پانساد ناملىق بىر باتۇر ئۆز يىگىتلىرى بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن چۈشكەن بالادەك خوجىلارنىڭ چۇۋالچاق تەرتىپسىز ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن غازى بەگ پانساد، ئېزىز بەگ چاپارمەنلەر چەپ تەرەپكە ھۇجۇم قىلدى. ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش - جەڭلەر ئەۋجىگە چىقتى. ئارقىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئاتقان تۇڭگانلارنىڭ توپ - زەمبىرەكلىرىمۇ ياقۇپ قۇشبېگىنىڭ قوشۇنىنى توسۇۋالالمىدى. ئاقىۋەت خوجىلارنىڭ ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي: “جەڭدە تەڭ كېلەلمىسە ئارقىغا چېكىنىش پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتى» دىگەن مەشھۇر سۆزنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق توپ - زەمبىرەك، قۇرال - ياراغ، ئوزۇق - تۈلۈك، چېدىر-بارگاھلىرىنى تاشلاپ، بىر ئات، بىر قامچى بولۇپ ئاقسۇ يولىغا قاراپ قاچتى. “تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن ئازچىلىقمۇ كۆپچىلىك ئۈستىدىن غەلىبە قازىنالايدۇ» دىگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ ۋەقەدە ئەينەن ئاشكارا بولدى.

پارچە

پاراكەندە لەشكەر قولىدىن ئىش كەلمىگەي،
ئىككى يۈز جەڭچى مەردانە ياخشىراق يۈزمىڭدىن.

ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچار، شايار، يەركەننىڭ ئىككى يىللىق خاراجىتى بىلەن تەييار بولغان نۇرغۇن قۇرال - ياراق، ئوق - دورىلار ۋە شۇنچىۋالا ئەسكەر ئىككى سائەتلىك جەڭگە بەرداشلىق بېرەلمەي، توزغاقتەك توزۇپ كەتتى.

رۇبائى

خۇدايىكىم ئېرۇرلەر مالىكۇلمۇلك،
كي ھەركىمگە بەرسە تۇتيەلمۇلك.

نى ھەد بولغاي كىشىگە مۈلك ئالماق،
شەھەنشاھى كى ئۆلدۈر تەنزىئۇلمۇلك.①

خوجىلار ياقۇپ قۇشبېگىنى ئاجىز كۆرۈپ نىمىلەرنى دىگەن بولسا، ئۆز باشلىرىغا يېتىپ بالا بولدى. «ئوردىنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشىدۇ» دىگەن ھەدىس بۇ ئىشلارغا دەل مۇۋاپىق كەلدى. بىر مۇنچە ئادەملەر ئۆلۈپ نابۇت بولدى. نەچچىسى ئولجا، ئەسىر چۈشتى. نۇرغۇنلىرى ئات - ئۇلاغ، ئىگىن-ئاياغلىرىدىن ئايرىلىپ، يالىڭاچ - بەرەھنە، سۇسىز، تاماقسىز، چۆل - جەزىرىلەردە ئاچ - زار بولۇپ ھالاك بولدى. بەزىلىرى ئاران - ئاران جېنىنى قۇتقۇزۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا ئۇلىشىۋالدى. بۇ كۈنى خوجىلارغا گويا قىيامەت ئاشكارا بولغاندەك بولدى. جانلىرىدىن بىزار بولۇپ، چۈشى ياكى ئوڭى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي، بەڭ (نىشە) چېكىپ، بېشى ئايلانغان بەڭگىدەك، كۆكنار سۈيى ئىچىپ خىيالغا كەتكەن كۆكنارچىلاردەك كۆڭۈللىرى غەم - ئەندىشىگە تولغان، تىللىرى كىكەچ، ئۆزلىرى مالال بولۇپ، جانلىرى تۇمشۇغىغا كېلىپ، ئۆز قارارگاھلىرىغا يېتىپ باردى. پەلەك ئۆزىنىڭ سېھىرگەرلىگىنى، زاماننىڭ تەتۈرلىگىنى، رەڭۋازلىق ھۈنىرىنى ئاشكارا قىلدى.

سىدىق ئەلەم ئاخۇنۇم پايتەخت يەركەندە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. خان ئېرىقتىن قېچىپ بارغانلاردىن بولغان ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ، خاتىرجەم بولالماي، «قەشقەرگە بارىمەن» دىگەن باھانە بىلەن يەركەندىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. بىر دو چىقىپ، ئىككى شەھەرنى بىكارغا بەردى. قەشقەرنى ئالىمەن دەپ يەركەندىن قۇرۇق قالدى.

نەزم

خۇدا بەرگەنگە سەن ھەرگىز ئۆچەشمە،②
ئاتا ئەيلەپ ئۆزى بەردى خۇدا ۋەندە.

ئەمما تۇڭگانلار ھۆكەرگە ئوخشاش توپ بولۇشۇپ، تا نامازشامغىچە مىلتىق، توپ-زەمبىرەكلەردىن ئوت ئېچىپ، قارشىلىق كۆرسەتتى. تولا ئادەملەر نابوت بولدى. ياقۇپ قۇشبېگىنىڭ يوتىسىغا ئوق تېگىپ ھۇجۇم قىلىشتىن توختاپ قالدى. ئاقىۋەت تۇڭگانلار بىلەن سۈلھى - توختامنامە تۈزۈپ، قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ، توپ - زەمبىرەكلىرىنى ئايرىپ قېلىپ، ھەر بىرلىرىگە ئۆز لايىقىدا تون - سەرۇپاي، سوغا ۋە ئەمەللەر بېرىپ، ئۆزىگە تەۋە ۋە رام قىلىپ قايتۇردى. ياقۇپ قوشبېگى چىدىر - بارگاھ، ياراغ - ئەسلىھە، خەزىنە - دەپىنە، پادىشاھانە كىيىم - كېچەك قاتارلىق نۇرغۇن مال - مۈلۈكلەرگە ئىگە بولۇپ، خۇشال ۋە پاراۋان بولدى.

نەزم

ھەرچە خالىق خالىغانى ئول بولۇر،
ئانچە مەخلۇق خالىغان قايدا بولۇر.③

---

① تەگرى يۈتۈن ئالەمنىڭ پادىشاسى، پادىشالىقنى ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، خالىغان چاغدا تارتىۋالىدۇ، بەندىنىڭ مەملىكەتنى ئېلىپ پادىشا بولىشى مۈمكىن ئەمەس.

② تەگرى بەرگەنگە غىدىلىق - يىدىلىق قىلما، چۈنكى تەگرى ئۆزى بىلىپ بېرىدۇ.

③ تەگرى نىمىنى خالىسا شۇ بولىدۇ، بەندىنىڭ خالىشى بويىچە بولمايدۇ.

## بۇرھانىددىن خوجامنىڭ ۋۇجۇد بېغىنىڭ غۇنچە نەۋباھارى، كۆڭۈلسەدىپىنىڭ دۇررى مارجانى يەنى مەھمۇددىن خوجام پادىشانىڭ ھۆكۈمرانلىغىنىڭ ئەھۋالى، مەن كەمىنەنىڭ سەرگۈزەشتلىرى، غەيرى سۇلۇكتىكى گۇرۇھلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىتىقادىنىڭ بايانى:

ھۆرمەتلىك دوستلار، مۆتىۋەر بۇرادەرلەرنىڭ رۇشەن كۆڭۈللىرىدىن مەخپى ۋە يوشۇرۇن قالمىغايكىم، بۇرھانىددىن خوجام كىچىك ئوغلى مەھمۇددىن خوجامنى ئۆز ئورنىدا ئۇچتۇرپانىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ ئۇچتۇرپانىڭ ئىلگىرىكى ھاكىمى توختى بەگ ۋە كۆچارلىق تالى دادخانى خىزمىتىدە قويدى.

مەھمۇددىن خوجام ئۇچتۇريان ھۆكۈمىتىنىڭ پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن: "ئىسلام ئۆتكەن ئىشلارنى تەكرارلىمايدۇ»، دىگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق ئىلگىرىكى مەنسەپدار، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ رەسمى ـ قائىدىلىرىنى يوق قىلدى. خايى پادىشالىق قائىدىسى، خايى يۇرتدارلىق ئىشلىرىدا شەرىئەت ھۆكمىنى تەدبىق قىلىپ جارى قىلدى. ئۈچ يىل بىر ئاي ئۆتكىچە ھېچكىم دەخلى قىلالمىدى. ھەممە خوجىلاردىن ياشقا كىچىك بولسىمۇ، پەھىم ـ پاراسەتتە، ئىلىم ـ دىيانەتتە ۋە فەزلى كامالەتتە ھەممىدىن زىيادە ھەم ئۈستۈن ئىدى. ئۇچتۇرپاندا ئۇزۇندىن بېرى كاپىرلارنىڭ قائىدە ـ قانۇنى، زالىم بەگلەرنىڭ رەسمى يوسۇنلىرى جارى بولۇپ: "سۆھبەتدىشىڭ قانداق بولسا، سەنمۇ شۇنداق بولىسەن»، دىگەن تەمسىلنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق ئەل ئارىسىدا يامان ئىشلار ئەۋج ئېلىپ، ياخشى بىلەن يامان پەرقلەندۇرۇلمىگەن ئىدى. مەھمۇددىن خوجام خالايىقنىڭ قەلبىگە ئورنىشىپ كەتكەن يامان ئىشلارنى تازىلاپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىنى تىكىپ ئولتۇرغۇزۇپ، سىياسەت شەمشىرىنىڭ سۇ ۋە تۇپرىغى بىلەن پەرۋىش قىلىپ، كۆكەرتىپ گۈل ـ گۈلىستان قىلدى. بۇ ئەھۋاللار: "جەننەت ـ قىلىچ سايىسىنىڭ ئاستىدا»، دىگەن ھەدىسنىڭ توغرىلىغىنى ئىسپاتلىدى.

شەھەر، سەھرالاردىكى مەسچىتلەرگە ئىمام، مەزىن تەيىنلەپ، بەش ۋاخ نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلدۇردى، شەرىئەتنى ئىسلامنى كىتاپ ۋە پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىنى ساھابىلارنىڭ رىۋايەتلىرىگە مۇۋاپىق جارى قىلىپ، ھېچقانداق كىشىگە رىئايە قىلمىدى. ھەتتا قىمارۋاز، كەپتەرۋاز، تۇخۇم چېكىشكۈچى قاتارلىق ھەممە يامان ئىش قىلغۇچىلارنى مەنئى قىلىپ يوقاتتى. ئەمما ئۆزى شەترەنجى (شاخمەت) باز ئىدى. ھەر بىر ئىشنى شەرىئەت ھۆكمى ۋە پۇخرالارنىڭ خاھىشى، رەيى بويىچە ئادا قىلغانلىغى ئۈچۈن، چوڭ ـ كىچىك ھەممە رازى ۋە خۇشنۇر بولدى.

مەن كەمىنە مۇئەللىپ① مەھمۇددىن خوجام پادىشانىڭ ھوزۇرىدا، ئولتۇرۇپ، قوپۇشتا دائىم بىللە بولىدىغان سىرداشى ۋە ئۈلپەتدىشى ئىدىم. خايى ئۆلىما، خايى پازىل، خايى ھاكىم، خايى دادخاھلار② مېنىڭ مەسلىھەتىمىز

① مۇئەللىپ ـ مۇشۇ كىتاپنى يازغۇچى ئاپتور.

② دادخاھلار ـ سوتچى، سوراقچى، كىشىلەرنىڭ دادىغا يەتكۈچىلەر.

بىرىش قىلالمايتتى، چۈنكى كۈچاردا مەن بىر مەدرىس، بىر ھوجرىدا يەتتە - سەككىز يىل بىللە يېتىپ قوپقان ھەم قۇرداش ① ھەم ساۋاقداش ئىدىم.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۈچتۇرپانلىق باي مۇھەممەت قازى بەگ ئىپتارغا تەكلىپ قىلدى ھەم: "ئىپتار قىلىپ قونۇپ، ئەتىسى قايتىپ كەلسىلە، پادىشادىنمۇ شۇنداق رۇقسەت ئالسىلا" دەپ تەكلىپ قىلدى. باي مۇھەممەت قازى بەگنىڭ ھويلىسى شەھەرنىڭ تېشىدا ئىدى. چۈنكى مەن پادىشادىن رۇخسەتسىز بىرەر كېچە باشقا يەردە قونۇپ قالالمايتتىم. بۇنىڭ سەۋەبى پادىشالىق ئوردىدا بەش ۋاخ نامازغا ئىمام، جۈمە نامىزىغا خېتىپ ئىدىم. پادىشانىڭ ھەممە مەخپى گەپ - سۆز، خەت-ئالاقىلىرىغا ئەسرار، ئوردىغا كىرىدىغان توققۇز قاراۋۇل (پوس)غا مەسئۇل ئىدىم. مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ھېچقانداق كىشى قاراۋۇلدىن ئۆتەلمەيتتى.

مەھمۇدىن خوجا پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرغاندا موھۇر② ئويدۇرۇش لازىم بولۇپ، موھۇرغا ئويىدىغان سۆزىنى ھەركىم ھەر نەرسە دەپ "سەجدە" ③ قىلدى. شۇ قاتاردا مەنمۇ:

"ياپەت ئىززەت زى ھەزرىتى مەبۇد،
ئىبنى بۇرھانىدىن خوجا مەھمۇد④"

دەپ سەجدە قىلدىم. مېنىڭ يازغىنىم ياراپ، قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن مېنى موھۇر ئوي-دۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى. مەن موھۇر ئويغۇچىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، ئويدۇرۇپ تەييار قىلدىم. مېنىڭ بۇ خىزمىتىم ناھايىتى ئەرزىگەنلىكتىن تولىمۇ خۇرسەن ۋە خۇشال بولدى. مېنى موھۇر-دار، يەنى موھۇر تۇتقۇچى قىلىپ بەلگىلەپ، موھۇرنى ماڭا تاپشۇردى. ھەر قانداق يارلىق، ئەمرى-پەرمان، قانۇن - دەستەكلەرنى ماڭا تاپشۇراتتى. مەن موھۇر باسقاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولاتتى.

مانجۇلاردىن ئولجىغا قالغان بۇغداي ئامبىرى، بوغداي ئۇنى ئامبىرى، ئارپا ئامبىرى قاتارلىق ئۈچ خىل ئاشلىق ئامبىرىنى مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا تاپشۇرغان ئىدى. بۇ ئاشلىقلار ئوردىنىڭ مەخسۇس ئالىي ئاشخانىسى، ئاتخانىسى ۋە خاس خىزمەتچى مەھرەملەرنىڭ ئاتلىرىغا ئىشلىتىلەتتى. مەن ئۆز ئورنۇمدا ئاشلىق ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئىبنىم مۇھەممەت خەلپىنى قويدۇم. ئەمما بەلگۈلىمە، ئۆلچەم، بۇيرۇق بىلەن سەرپ قىلىناتتى. مەخسۇس ئالىي ئاشخانىغا لازىم بولىدىغان گۆش، ياغ، گۈرۈچ، سەۋزە، پىياز، چاي، تۇز، ئوتۇن قاتارلىقلارغا ئامباردىكى ئاشلىقلارنى سېتىپ خاراجەت قىلىناتتى. ئامباردىكى ئاشلىقلار شۇ قەدەر تولا ئىدىكى، ئىككى يىلدىن كېيىن كىرىپ قاراپ باقسام تۆرت ھەسسىنىڭ بىر ھەس-سىسىمۇ تۈگىمەپتۇ.

---

① قۇرداش — تەڭ ياشلىق، بىر دەمەتلىك.
② موھۇر — تامغا، پادىشالىق تامغا.
③ سەجدە — قاپىلىنى ئۇرۇش، شېئىر ئوقۇش.
④ تەگرىدىكى ئىززەت — ھۆرمەتكە ئىگە بولغان بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئوغلى - مەھمۇت.

ئۆزۈمگە بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن تاشقىرى بىر سەر ئاشلىقنىمۇ ئارتۇق ئالمايتتىم. ئىنىم مۇھەممەت خەلپە بىلەن بىر ھويلىدا بولغانلىقىم ئۈچۈن، بەزى چاغلاردا چىراغ يېغى، ياكى شام لازىم بولۇپ قالسا بازار نەرقى ھېساپلاپ پۇل بېرىپ ئالاتتىم.

ئاشخانا ۋە ئاتخانىلارغىمۇ ئۆلچەمدىن تاشقىرى ئىشلەتمىدۇق ياكى سېتىپ پۇلىنى يانچۇقىمىزغا سالمىدۇق. بۇ مېنىڭ پەرھىزكار ۋە تەقۋادارلىقىمدىنلا بولغان ئىش بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىنساپ، ئېھتىيات ۋە دىيانىتىمدىن بولدى. يەنە لىقمۇ - لىق توققۇز ئامباردا ئاشلىق بار ئىدى. كېيىن ئاتالىق غازى① نىڭ قولىغا چۈشتى.

گەپنى قىسقارتىپ ئەسلى مەقسەتكە كېلەيلى. مەن مەھمۇدىن خوجىدىن مۇھەممەت قازى بەگنىڭ دېگىنىدەك رۇخسەت ئېلىپ، ئىپتارغا باردىم. كەچكى نازۇ - نېمەتلەر بىلەن ئىپتار قىلىپ، ئاندىن كېيىن ناماز تاراۋىنى ئادا قىلدۇق. تاراۋۇدىن يېنىپ، مەخسۇس ھازىرلانغان مېھمانخانىغا كىردۇق. كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلىدىغان نەغمە، ساز، ناخشا، ناۋا بىلەن مەشرەپ بولدى. مەشرەپ ۋە مېھماندارچىلىق قائىدىسىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ بەجا كەلتۈرۈلدى. ۋاقىت نىسپى شەپ② بولغاندا يالغۇز مېنى چاقىرىپ، يەنە بىر خاس مېھمانخانىغا ئېلىپ كىردى. بۇ ئۆيدە ئۈچتۇرپاننىڭ كونا بەگلىرىدىن قۇربان غەزىنىچى بەگ، موللا ئىمىن شەيىخ ۋە موللا تۆرە مېھمان بەگ باشلىق ئون بەشكە يېقىن كىشىلەر ئولتۇرغان ئىكەن. مەن كىرگەندىن كېيىن، يەنە زىيابەت قائىدىلىرى ئادا قىلىندى ئاندىن يۇرت ئۇلۇغلىرى مۇنداق دېدى: "بۇرھانىدىن خوجامنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، ياخشى كىشى، ھامىدىن خوجام بولسا ناھايىتى غەيرەتلىك، غەزىپى زىيادە، ئاچچىقى يامان كىشىكەن. مەھمۇت خوجام ھازىر ناھايىتى ياخشى سوراۋاتىدۇ. چوڭ - كىچىك ھەممە خالايىق رازى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرھانىدىن خوجىلار يۇرتدارچىلىق ئىشىغا ئارىلاشماي تىچ يېتىپ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانسا، مەھمۇت خوجام پادىشالىق - ھۆكۈمرانلىق ئىشى بىلەن مەشغۇل بولسا ياخشى بولىدۇ. مۇبادا خوجىلارنىڭ ھەممىسى يۇرتدارچىلىق ئىشىغا ئارىلىشىپ دەخلى قىلسا ئوبدان بولمايدۇ. بىزنىڭ مۇشۇ ئىلتىماسىمىز ماقۇل كۆرۈلمىسە، ئىش يامان بولىدۇ ۋەسسالام" دەپ گېپىنى تۈگەتتى.

ئەتىسى قايتىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ غەرەز - مۇددىئاسىنى مەھمۇت خوجامغا بىر - بىرلەپ ئىزھار قىلىپ يەتكۈزدۈم. مەھمۇت خوجام: "بۇ گەپنى مەيلى دادام، مەيلى ئاكامغا مەلۇم قىلسىلا، ئۆزۈم يولى بىلەن ئېيتىپ ماقۇل قىلىمەن" دېدى. ئۇنىڭغىچە ئۈچ كۈن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. تۆتىنچى كېچىسى بولغاندا ئۈچتۇرپان خەلقى قوزغۇلۇپ، قاراكالتەك بولۇپ، مەھمۇت خوجامغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، "مازارتېرەك" دېگەن جايغا توپلاندى. بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇرھانىدىن خوجام موللا توختى موھتەسىپ دېگەن كىشىنى؛ مەھمۇت خوجام بولسا مېنى (ئاپتورنىڭ ئۆزىنى) ئەلچىلىككە تەيىن قىلدى. ئىككىمىز ئەلچىلىك سۈپىتىمىز بىلەن شەھەردىن چىقىپ، مازارتېرەككە يېتىپ باردۇق. يىراق - يېقىندىكى خالايىق ئىتتىپاقلىشىپ مەھمۇت خوجىدىن يۈز ئۆرۈپ، مىرزاجان ھەزرەت دېگەن كىشىنى ئۆزلىرىگە ئۇلۇغ قىلىپ سايلاپتىكەن.

① ئاتالىق غازى — ياقۇپ بەگ، يەنى بەدۆلەتنى كۆرسىتىدۇ

② نىسپى شەپ—كېچىنىڭ يېرىمى، يېرىم كېچە.

هاۋا سوغۇق بولغاچقا ئۇلار بىزنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئەلچىلىك سۆھبىتىدە تۇرۇپ ئېيتتۇقكى: "چوڭ - كىچىك يۇرت ئەھلى بۇ خىل سۆز - ھەرىكەتتىن يانسۇن، يۇرتدارچىلىقتا قايسى ئىش توغرا بولمىغان بولسا ئۇنى يوقىتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلايلى، ئەگەر كۆڭلى ئاغرىغان بولسا تون كەيدۈرۈپ، چاي قۇيۇپ كۆڭلىنى ئالايلى، دەپ بىزنى چىقاردى" دېدۇق. بىزنىڭ بۇ گېپىمىزنى ئاڭلاپ، مىرزا ھەزرەت باشلىق كاتتىلار باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلمەي تۇرغانلىرىدا ئىمىن شەيخ قوپۇپ: "قىرغىز، قازاقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىنى ئۆزلىرى سوراۋاتىدۇ. بىزمۇ قىرغىز، قازاقلاردىن قالغۇچىلىكىمىز يوق، ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىنى ئۆزىمىز سورىساق نېمە بوپتۇ؟ خوجاملار ھەر قانچە جاپا - مۇشەققەت تارتقان بولسا ئۇنىڭ ئەجرى قولىغا تەگدى. ياراغ - جابدۇقتىن بۆلەك ھەر قانداق نەرسىلىرى بولسا ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتسە، ئات - ئۇلاغ تەييارلاپ يولغا سالساق. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، كەيگەن تونىمىز كېپەن، ئىچىدىغان چېيىمىز ئەجەل شەربىتى بولىدۇ، سۆز تامام، ۋەسسالام" دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇللا توختى مۇھتىسىپكە بىر ئادەم قوشۇپ شەھەرگە كىرگۈزدى، مېنى، كىرگۈزگەن ئادەمنىڭ ئورنىغا دورۇن قىلىپ تۇتۇپ قالدى. شۇكۈنى جۈمە بولۇپ، توپلانغان قوزغىلاڭچىلار مازار تېرەكتىكى مەسچىتتە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، مىرزاجان ھەزرەتنى ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرىگە پادىشا تىكلەپ، يىغا - زارە بىلەن شەھەر تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. بارغانچە بېرىپ، بىر دەرۋازىنى ئېچىپ كىرىپ، يەنە بىر دەرۋازىغا بارغاندا ھامىدىن خوجا توپ - زەمبىرەك ئېتىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر مۇنچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قوغلاپ چىقىرىپ، دەرۋازىنى ئېتىۋالدى. سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئوق ئېتىپ، ھېچ كىشىنى يېقىن كەلتۈرمىدى. مېنى قوزغىلاڭچىلار بىر ئۆيگە قاماپ قويۇپ، بىر نەچچە كىشىنى ساقلاشقا قويدى. قوزغىلاڭچىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئالالمىدى. نۇرغۇن ئادەم زايا بولدى. يەتتىنچى كېچىسى بولغاندا، مىرزاجان ھەزرەت مېنى قاماپ قويغان ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇچتۇرپانىڭ ۋە قىرغىزلارنىڭ چوڭ - كىچىك بەگلىرى، تۇڭگانلارنىڭ كاتتىلىرى يىغىلغان بىر سورۇندا: "ئۆزلىرى بىز تەرەپكە خوجامنىڭ ئەلچىسى بولۇپ چىققان، ئەندى بىز تەرەپتىن خوجامغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ، ئىككى تەرەپنى ياخشى، ئوبدان قىلىپ ئەپلەشتۈرسىلە، يۇرت ئەھلىگە مەن پەندى - نەسىھەت قىلدىم. ئىلگىرىكىدەك، خوجاملار پادىشا، بىز يۇرت ئەھلى، پۇخرا بولىدىغان بولدۇق" دېدى.

مېنىڭ مېنىپ چىققان ئېتىمنى تەسبىپ يۈز بەگ ئولجا قىلىپ ئالغان ئىكەن، قايتۇرۇپ بەردى. مېنىڭدىن كېيىن خوجاملار سەمەرقەندلىك موللا قەلەندەر ئاخۇن دېگەن موتىۋەر كىشىنى ئەلچى قىلىپ چىقارغان ئىكەن. ئۇ كىشىمۇ مېنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە قاماپ قويۇلغان ئىدى، سوراپ ئېلىپ، ئۆزۈمگە ھەمرا قىلىپ، شەھەرگە قايتتىم. بىزگە قوزغىلاڭچىلارنىڭ دەخلى قىلماسلىقى ئۈچۈن تۆت بەگنى قوشقان ئىدى. ئەسلىدە تۇمشۇق تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ قايتىپ كەتمەكچى ئىدى، تۇمشۇق تاققا كەلگەندىن كېيىن قوشۇلۇپ كەلگەن بەگلەردىن نورۇز مىڭ بېگى قۇلىقىمغا ئاستا مۇنداق دېدى: "مېنى پالاكەت بېسىپ، بۇلارغا قوشۇلۇپ قاپتىمەن. ئۆزلىرى بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتسەم مېنى زايا قىلىۋېتەرمۇ؟" مەن دەرھال ئەھۋالنى مۆلچەرلەپ: "ئاشكارا مېنىڭ بىلەن شەھەرگە بىللە كىرسىلە، ھەر

قانداق شارائىتتا قۇتقۇزۇپ ئالىمەن، بۇ توغرىدا مەن كېپىل» - دېدىم. باشقا بەگلەرمۇ ئاڭلاپ: "بىزمۇ بىللە كىرسەك» دېدى. ئۇلارغىمۇ كېپىل بولۇپ شەھەرگە ئېلىپ كىردىم.

ئۈچ دەرۋازىغا ئۈچ خوجام مۇئەككەل① ئىكەن. مەن ھامىدىن خوجام بار دەرۋازا بىلەن كىردىم. مۇلاقات ھاسىل بولغاندىن كېيىن، ۋەقەنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدىم. ھامىدىن خوجام ناھايىتى خۇشال ۋە مىننەتدار بولۇپ، سەللا، كۇلا②، تون، سەرۇپاي ئىنئام قىلدى. موللا قەلەندەر ئاخۇن باشلىق بەگلەرنى ئېلىپ كىرىشكە ئادەم بۇيرىدى. شۇ ئەسنادا كىشى كېلىپ، مېنى بۇرھانىدىن خوجامنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ باردى. ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ بايان قىلغىنىمدىن كېيىن، ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلدى. چۈنكى شۇ كۈنلەردە خوجاملار قورشاۋدا قېلىپ، تاقەتلىرى تاق بولۇپ، شەھەردىن قېچىپ كېتىدىغاننىڭ ئىلاجىنى تاپالماي ھەم قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلمەي، كېلىدىغان بالا - قازاغا رازى بولۇپ تۇرۇشقان ئىكەن. شۇ كۈنى ئىپتارغا يېقىن ھامىدىن خوجام توپ- زەمبىرەك بىلەن يىگىت، سەركەردىلىرىنى باشلاپ، مازار تېرەككە بېرىپ، مىرزاجان ھەزرەتنىڭ ھويلىسىنى قورشاپ ئېلىپ، ئىككى تەرەپتىن زەمبىرەككە ئوت ياقتى. قوزغىلاڭچىلار ئىپتار بىلەن بولۇپ، خەۋەرسىز قالغاچقا، چاپ - چاپ قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، مىرزاجان ھەزرەتنى تىرىك تۇتۇپ باغلاپ، شەھەرگە ئېلىپ كىردى. شۇ كېچىسى خا ياخشى، خا يامان، ئۇچرىغان يەردە ئۆلتۈرۈپ، يوق قىلدى. ئۈچتۇرپاننىڭ بۇرۇنقى ھاكىمى توختى بەگ، ئىنىسى ئاق بەگ، باي مەھەممەت قازى، قۇربان غەزنىچى باشلىق نۇرغۇن مۇتىۋەر كىشىلەر تىرىك قولغا چۈشتى. قىرغىز بەگلىرى باشلىق بىر مۇنچە كىشىلەر قەشقەرگە كەتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى قىرغىزلار تالانچ - تاراج قىلىپ يوق قىلدى. بەزىلىرى سوغۇقتا توڭلاپ نابۇت بولدى. ئىمىن شەيخ باشلىق بىر مۇنچە ئادەملەر ئىلى تەرەپكە قېچىپ بېرىپ، دەشت، چۆل - جەزىرىلەردە ھالاك بولدى. ئاتا - بالىدىن، بالا - ئاتىدىن خەۋەرسىز، گويا قىيامەت بولغاندەك، ھەممە ئۆز ھالى بىلەن ۋەيران ۋە سەرگەردان بولدى. ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى ئىككى مىڭدىن زىيادە، دەپ ھېساپ - قا ئېلىشتى. بۇنىڭدىن باشقا تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ، چۆل - باياۋانلاردا ئۆلگەنلەرنىڭ ھېساۋى يوق.

خوجاملار ئۈچتۇرپان شەھىرىنى پەتھى قىلغان چاغدا، ھاراقخانىنىڭ ھاراق قايناتىدىغان چوڭ قازىنى ئولجا چۈشكەن ئىدى. بۇ قازاننى خوجاملار قۇتلۇق مازارغا ۋەخپى قىلىپ بەرگەن ئىدى. قوزغىلاڭچىلار بۇ قازاننى مىرزاجان ھەزرەتنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ بېرىپ، غىزا قىلىپ يېيىشكەن ئىكەن. ھامىدىن خوجام كېلىپ، زەمبىرەككە ئوت ياققان چاغدا، بۇ قازاندىن ئۇماچ ئۇسسۇپ بېرىۋاتقان ئىككىسى قازانغا چۈشۈپ كېتىپ، ئۇماچقا مىلىنىپ ھالاك بولۇپتۇ.

ھامىدىن خوجام قوزغىلاڭچىلاردىن تىرىك قولغا چۈشكەنلىرىنى بىر - بىرلەپ سوراق قىلىپ، ھەر كېچىسى ئۆلتۈرۈپ، قۇدۇققا تاشلاتقۇزدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا يەتتە قۇدۇق ئادەم ئۆلىگى بىلەن لىققمۇ - لىق تولدى. ئاغزىنى كۆمدۈرۈۋەتتى.

① مۇئەككەل - مەخسۇس بەلگىلەنگەن، مەسئۇل قىلىنغان.

② كۇلا - سەللە يۆگەش ئۈچۈن يىپ، ياكى يىپەك رەختتىن مەخسۇس تىكىلگەن بۆك.

دىمەك، قوزغىلاڭچىلارنىڭ بېشىغا بۇ ئالەمدە بولىدىغان بالا - قازا، ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىڭ ھەممىسى كەلدى. بۇنى بىر - بىرلەپ بايان قىلسام، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تەنىدىگە ئېغىر كېلىشى مۇمكىن.

بۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇنداق پالاكەت ۋە ھالاكەتلەرگە دۇچار بولۇشىدا سەۋەب بار ئىدى. سەۋەبسىز بۇ خىل ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ سەۋەب شۇكى: ئۇچتۇرپان ئەھلى ناھايىتى ئېھتىقاتلىق، مۇسۇلمان، شەرىئەت ھۆكمىگە قاتتىق رىئايە قىلىدىغان بولسىمۇ، يەنە ئاجايىپ - غارايىپ ئېھتىقاتتىكى كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنى كەبرۇيە سۇلۇكىدا بىز① دىسە، يەنە بەزىلىرى ئىسھاقىيە، نەمەتىيە، رەبۇدىيە، دوۋانىيە② سۇلۇكىدا بىز، دەپ خىلمۇ - خىل سولۇكلارنىڭ ئېتىقاتچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشەتتى، ھەتتا بەزىلىرى خوجاملارغا بولغان ئىخلاسلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇپ: "ئاللا خوجام" دەپ، تەڭرى بىلەن خوجاملارنىڭ ئارىسىغا ھېچ قانداق كىشىنى سىغدۇرمايتتى. خوجاملار يىغى بارغان چاغدا: "بىز تەلەپ قىلغان كوڭلىمىزدىكى خوجىمىز مۇشۇ" دەپ، ئەقىدىلىرىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ئاتلىرىنى يىلقىسى بىلەن، قويلىرىنى قوتىنى بىلەن، كالىلىرىنى ئېغىلى بىلەن ھەدىيە قىلىپ بېرىپ، دۇئاسىنى ئالدى. ئەمما خوجاملار ھەممە خالايىق ئوخشاش پۇخرا، دەپ قاراپ، نەزەرلىرىنى سالمىدى. بۇ گۇرۇھ مۇشۇ توغرىدىن ئاغرىنىپ، "بىز دىگەن خوجا بۇ ئەمەسكەن" دەپ، ئاخىرى يۈز ئۆرىدى.

يەنە بىر سەۋەب، بۇ گۇرۇھتىكى كىشىلەر ئەر - خوتۇن بىر ئۆيگە يىغىلىپ، يوغان قازانغا جىق كۆك چاي سېلىپ، نەچچە - نەچچە چارا تاۋاقلاردا قايماقنى قۇيۇپ قاينىتىدىكەن. ئىناۋەتلىك، مۆتىۋەر ئادەمدىن بىرنى ئۇسسۇپ بېرىشكە تەيىن قىلىدىكەن. ئۇ كىشى غۇسلى تاھارەت قىلىپ، چۆمۈچنى تۇتۇپ، قاچا - قاچىلارغا ئۇسسۇپ "تەۋەررۇك، تەۋەررۇك" دەپ بېرىدىكەن. باشقىلار ناھايىتى تازىم-تاۋازۇ بىلەن ئېلىپ ئىچىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن نەغمە باشلىنىپ، ئەر - خوتۇن ئۇسۇلغا چۈشۈدىكەن. گايى يىقىلىپ، گايى قوپۇپ، مەس ۋە بىھۇش بولۇپ، ئاغزىدىن كۆپۈك كېلىپ، ھوزۇر قىلىشىدىكەن. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ھۇشلىرىغا كەلگەن بولۇپ "ئۇھ" تارتىشىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ ئولتۇرۇشىدىكەن. مۇنداق قىلىقنى "كەبرۇيە سولۇكى" دەپ ئاتىشىدىكەن. ئەمەلىيەتتە بولسا پۈتۈنلەي شەرىئەتكە خىلاپ ھەركەت.

بىر كۈنى بۇ گۇرۇھنىڭ ئۇلۇغ خەلىپىسى خوجاملارنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، تەۋەررۇك كۆك چاي تىلەپ ئالغاندىن كېيىن: "بىزگە دۇئا قىلىپ بەرگىلى ئۆزلىرىدىن بىر ئادەم تىلەيمىز" دەپ ئىلتىجا قىلدى. خوجاملار مەن كېمىنە يازغۇچىنى بۇيرىدى. مەن ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىنىڭ ئۈستىگە بېرىپ، ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئەۋۋەل باشلاپ خوتۇنلار ئۇسۇلغا تەكلىپ قىلىپ: "تەۋەررۇك قىلىپ باشلاپ بەرسىلە" دەپ ئىلتىماس قىلدى. مەن تېخى ياش دەپ ھۆززە ئېيتىپ، بىر پېشقەدەم كىشىنى ئۆز ئورنۇمدا تەكلىپ قىلدىم. سۆھبەت ئاياقلاشقاندىن كېيىن ئۇلار: "بىزنىڭ سولۇكىمىزغا كىم قاتناشقان بولسىدۇ" دەپ سورىدى. مەن: "ھازىر پەيغەمبە

①② - كەبرۇيە، ئىسھاقىيە، نەمەتىيە، رەبۇدىيە، دوۋانىيە - دىگەنلەرنىڭ ھەممىسى سوفىزىمدىكى خىلمۇ - خىل سولۇك، يوللارنىڭ نامى.

رىمىزنىڭ شەرىئەت سولۇكلىرىنى تولۇق ئادا قىلالمىدىم. ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سىلەر-نىڭ سولۇككىڭلارغا ئىشتىراك قىلسام مۇمكىن، دەپ نىيەت قىلىۋاتىمەن» دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇلار خوجاملارنى بىلمەستىن، سولۇكلىرىنى ئىنزار قىلغان ئىكەن. مېنىمۇ ئۇقۇشماي تەۋەرۈك چايلىرىغا باشلاپ چىققان ئىكەن. بىزنى ئۆزلىرى بىلەن بىر سولۇكتا، دەپ گۇمان قىلغانلىرىغا كېيىن پۇشايمان قىلىشتى. ئەمما پايدىسى بولمىدى. شەرىئەتنىڭ ھىمايىچىسى بول-غان خوجام پادىشا بۇ گۇرۇھتىكىلەرنىڭ ناتوغرا يولىنى توغرا يول دەپ تونۇپ، بىدئەتنى① سۈن-نەت② دىن پەرقلەندۈرمىگەنلىگىنى بىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئەتلىرىگە تەدبىقلاپ، مەش-ھۇر ئۆلىمالاردىن پەتىۋا③ ئېلىپ، پەتىۋانىڭ مەزمۇنىنى خالايىققا ئېلان ۋە جاكا قىلىپ: "نەس-ھەت قىلىشنىڭ ئۆزى-دىن بولىدۇ"دىگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق، ياخشى سۆز، شىرىن گەپلەر بىلەن ۋەز، نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، پايدىسى بولمىدى. يەنە بىگانە ئەر-خوتۇنلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ سۆھبەت قىلغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، چاقىرىپ كېلىپ، شەرىئەت قامچىسى بىلەن دەررە ئۇرۇپ، قاتتىق جازالىدى. بۇنىڭدىن ئاغرىنىپ، ئاداۋەت تۇخۇمىنى تېرىپ، خۇسۇمەت تىكىنىنى چاچتى. دۈشمەنلىك ئاداۋىتى ئۆرلەپ، ئالا - توپىلاڭ كۆتەردى. ئاقىۋەتى جەڭ-جېدەلگە ئايلاندى. كۆيۈپ تۇرغان چىراقتا پەرۋانە ئۆزىنى ئۇرغاندەك ئۇرۇپ ھالاك بولۇشتى.

نەزم

چىراغىنىكى ھەق ياندۇردى قويدى،
كىشىكىم پۈپ دىدى ساقال كۆيدى.

(ئەگەرى ياندۇرغان چىراقنى كىمىكى ئۆچۈرمەكچى بولۇپ، پۈپ دىسە، ئۇنىڭ ساقىلى كۆيۈپ زىيان تارتىدۇ).

بۇ گۇرۇھتىكىلەرنىڭ ئەھۋالى مۇشۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق بولدى.

## خوتەن بىلەن ئىلىغا ئىبۋەتىلگەن ئەلچى ۋە مەكتۇپلارنىڭ، ئۇ تەرەپتىن كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ۋەقەلىرىنىڭ بايانى

ئېزىز يارانلار ۋە قەدىرلىك بۇرادەرلەرگە ئوچۇق، ئاشكارا بولغايكى، كۇچار شەھەرىدە قوزغىلاڭ بولۇپ، راشىددىن خوجام خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئىسلام قىلىچىنى كاپىر (دىنسىز-لار) نىڭ بېشىدا ئوينۇتۇپ، غەلىبە قازانغانلىق خەۋىرى ئالتە شەھەرنىڭ چوڭ - كىچىك ئاھا-لىلىرىگە، ھەتتا ئەتراپ، ئالەمگە تارقىلىپ كەتتى. شەھەر - شەھەردىكى مۇسۇلمانلار ۋە تۇڭگانلار ئىسلام

① بىدئەت — ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسىگە كىرمەيدىغان ئىشلار بىدئەت بولىدۇ.
② سۈننەت — پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىلغان ئىشلىرى، ئادەتلىرى سۈننەت، دىيىلىدۇ.
③ پەتىۋا — بىر ئىشنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئىسپاتلاپ چىقىرىلغان ھۆكۈم پەتىۋا دىيىلىدۇ.

ئېچىش مۇددىئاسى بىلەن كاپىرلارنىڭ بېشىغا تىغ تارتىپ ، كاپىرلارغا ئىتائەت قىلىشتىن باش
تارتتى . جۈملىدىن ئىلىدىكى تارانچى① ۋە تۇڭگانلارمۇ كاپىرلارغا ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆ -
رۈپ ، موللا شەۋكەت ئەلەم ئاخۇنۇمنى ئۆزلىرىگە باشلىق ( هاكىم ) قىلىپ سايلىدى. خوتەن
خەلقى كاپىرلارغا بويسۇنۇشنى رەت قىلدى. يەكەن ۋە قەشقەر ئاھالىسىمۇ غەيرى دىنىدىكىلەرنىڭ
ھۆكۈمرانلىق زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. چۈنكى كۈچار شەھەرى بۇ ئالتە شەھەر② نىڭ دەرۋا -
زىسىغا ئوخشاش بولۇپ ، بىرىپ - كېلىش ئۈچۈن كۈچاردىن ئۆتمەي بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن
بۇ شەھەرلەر بۇزۇلۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىگە يېڭىدىن باشلىق ۋە هاكىم سايلاپ ئالدى. بولۇپ -
مۇ خوتەن خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، داموللا ھاجى ھىبىبۇللا مۇپتى دىگەن پەرھىزكار ۋە شەرىئەت
شۇئار بىر كىشىنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ، دىنسىزلار ئۈستىگە تىغ تارتىپ، پات پۈرسەتتىلا
غەلىبە قازاندى . تۇڭگانلارنىمۇ دىنسىزلار بىلەن ئوخشاش دەپ ھىساۋلاپ يوق قىلدى.

شۇ كۈنلەردە نەزىرىدىن خوجا، ھاجى خەزىنچى بەگنىڭ ھەمراھىدا كۈچاردىن كىلىپ ،
يەكەننى قولغا كىرگۈزگەن ئىدى. ھايال بولمايلا ھاجى غەزىنچى بەككە يەتتە يۈز مۇسۇلمان ،
ئۈچ تۇڭگان، جەمئى مىڭ نەپەر ئەسكەرنى قوشۇپ، خوتەنگە بىرىشىنى بۇيرۇپ ، مۇنداق
دىدى:" ھىبىبۇللا ھاجى، سىلىنىڭ بارغانلىقلىرىنى ئۆزىگە پەخىر ۋە ئابرۇي دەپ بىلىپ ، ئىتا -
ئەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، قىلىچىنى بوينىغا ئېسىپ، ئىستىقباللىرىغا چىقىپ، ئىززەت - ئىك -
رام بىلەن شەھەرگە باشلاپ كىرىپ، پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، خىزمەتكارلىق قائىدە -
رەسمىنى بەجا كەلتۈرسە ناھايىتى ياخشى. مۇنداق قىلماي، كەينىگە تارتىپ ھايال قىلسا، كۈچ
ۋە زورلۇق بىلەن خوتەننى قولغا كىرگۈزۈپ، ھىبىبۇللا ھاجىنى ئەھلى - ئەۋلات، بالا - چاقى -
لىرى بىلەن قوشۇپ، مېنىڭ ھوزۇرۇمغا ئېۋەتسىلە» - دەپ سىياسەتنامە، ئاچچىق ئورۇنسىز گەپ -
لەر بىلەن بىرمۇنچە لاپ سۆزلەپ يولغا سالدى. ھاجى غەزىنچى بەگ يەكەندىن چىقىپ ، يۇرت -
مۇ - يۇرت، مەنزىلمۇ - مەنزىل يول يۈرۈپ، سانجۇغا يېتىپ باردى ۋە مەغرۇرانە خەت قىلىپ،
خوتەنگە كىرگۈزدى. ھىبىبۇللا ھاجى پادىشا بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ، مۇلاھىزە قىلىپ كۆر -
گەندىن كېيىن:" بۇ خەتتىن دوستلۇقنىڭ پۇرىقى كەلمەي، خۇسۇمەت ناغرىسىنىڭ ساداسى كې -
لىدۇ. بۇنىڭ لايىقىدا تاللىغان ئادەم چىقىرىشىمىز لازىم» دەپ چوڭ ئوغلى ئىبراھىمخان سۇدۇر③
نى باش قىلىپ، ئىككى مىڭ ئەسكەر ئېۋەتتى. ئىككى ئوتتۇرىدا جەڭ - ئۇرۇش يۈز بې -
رىپ، ئىبراھىمخان سۇدۇرغا ئوق تېگىپ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئاخىرىدا ھاجى غەزىنچى
بەگنىڭ ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بىرەلمەي، ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. ھاجى غەزىنچى بەگ مەغ -
لۇپ بولۇپ، نۇرغۇن ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ، ئازغىنا ئادەم بىلەن يەكەنگە قايتىپ كەلدى.
ھىبىبۇللا ھاجى پادىشانىڭ ئەسكەرلىرى غالىپ بولۇپ، خۇشال - خۇرام خوتەنگە ياندى. ھاجى
غەزىنچى بەگ خوجاملارغا ئانا جەمەت تۇققان بولۇپ، قەدىمدىن چىن مەنسەپدارلىرىغا تۇڭ -
چى ( تەرجىمان ) بولۇپ كەلگەن كۈچار بەگلىرىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگى -

① تارانچى — «دىھقان»، دىگەن سۆز بولۇپ ، ئىلىدىكى يەرلىك ئۇيغۇر دىھقانلىرى شۇنداق دەپ ئاتىلاتتى.
② ئالتە شەھەر — خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، كۈچاردىن ئىبارەت .
③ سۇدۇر — يېتەكچى، ئالدىدا ماڭغۇچى، بولباشچى مەنىسىدە .

رى يەكەن ئامبىلىغا تەرجىمان بولۇپ كېلىپ، غەزىنىچى بەگ مەنسىۋىگە ئېرىشكەن. خەنزۇچە سۆزلەپ، خەنزۇچە كىيىم - كېچەك كىيىپ يۈرۈشنى ئادەت قىلغان كىشى ئىدى. ھېبىبۇللا ھاجى پادىشا ئۆز ئۈستىگە ھاجى غەزىنىچى بەگنى ئېۋەتكەنلىكىنى نومۇس دەپ بىلىپ، خوجىلاردىن بىرەرسىنى ئېۋەتمىگەندىمۇ ئىسلام كىيىمىنى كىيىپ، شەرىئەتنىڭ ئىچىدە يۈرۈيدىغان ئىخلاسمەن، مۇسۇلمان ئېيىلمىدىمۇ؟ دەپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىلىدىكى تارانچى ۋە تۇڭگانلار كاپىرلار بىلەن ئىمكانىنىڭ بېرىچە جەڭ قىلىپ، غازىلىق① دەرىجىسىنى تاپقانلىقىدىن ئىلھاملانغان خوتەن خەلقى ھاجى غەزىنىچى بەگ ئەسكەرلىرى بىلەن جان پىدا قىلىپ جەڭ قىلدى.

ئىلىدىكى مانجۇلارنىڭ چوڭى بولغان جاڭجۈن ( گېنېرال ) كۆرە شەھىرىدە بولۇپ، تېخى پەتھى قىلىنمىغان ئىدى. ياخشى كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئىلى مۇسۇلمانلىرىنىڭ كاتتىسى موللا شەۋكەت ئاخۇن يۇرت چوڭلىرى ۋە مۆتىۋەر كىشىلەرنى يىغىپ، " دىنسىزلار بىلەن جەڭ قىلىپ، نۇرغۇنلىرىنى يوقاتتۇق. بىزدىمۇ بىر مۇنچە ئادەم نابۇت بولدى. ئۈستىمىزدە تۇرۇپ دۇئا قىلىپ بېرىشكە ئەۋلادى رۇسۇلىللادىن② بىر كىشىنىڭ بولىشى لازىم ئىدى. ئالدى بىلەن كۇچاردا ئىسلام ئېچىلىپ، شۇنىڭ مەدەت ۋە ئىلھامى بىلەن بىزلەرگىمۇ كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل بولۇپ، دىنسىزلارنىڭ ئۈستىگە تىغ تارتتۇق، خان خوجام③نى مۇبارەكلەپ، بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ئىتائەت قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ، ئەلچى ئېۋەتسەك، بىردىن، بىر مەزھەپتە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئىتتىپاق قىلىشىپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، قىيىنچىلىق يۈز بەرسە ئۆزئارا مەدەت ۋە ياردەم بەرسەك، شۇنداق قىلىپ خالايىقنىڭ پاراۋانلىقى، يۇرتىمىزنىڭ ئاۋاتلىقى ئۈچۈن چارە - تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ، تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك » دەپ مەسلىھەت سالدى. ھەممە ئەرباپلار، يۇرت كاتتىلىرى بىردەك ماقۇل كۆردى. بۇ مەسلىھەت ئىتائەتنامە④ يېزىپ، بىر ساھىبى دۇئا⑤ ئىلتىماس قىلىپ، موللا قۇربان خېتىپ ئاخۇنۇم باشلىق قىرىق نەپەر كىشىنى ئەلچى قىلىپ، تارتۇق، سوغا - سالاملار بىلەن يولغا سالدى. ئەلچىلەر ئىلىدىن چىقىپ، تېز سۈرئەت بىلەن نۇرغۇن يول، مۇساپىلەرنى بېسىپ، ئۇچتۇرپانغا كەلدى. ئۇچتۇرپاندىكى خوجىلار⑥ ئالدىغا كىشى چىقىرىپ، ئىززەت ئىكرام بىلەن ياخشى جايغا چۈشۈردى. بۇلارنىڭ ئىتائەتنامە بىلەن كېلىشتىكى سەۋەپ - مەقسىدىنى راشىدىن خوجىغا مەلۇم قىلدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن: " ۋاقىپ بولدۇم، كەلسۇن » - دەپ يارلىق كەلدى. ياخشى، ئىشەشلىك خىزمەتچى، مۇلازىملارنى قوشۇپ، ئەلچىلەرنى كۇچارغا يولغا سالدى. بۇلار كۇچارغا يېتىپ بارغاندا، راشىدىن خوجام ئىززەت بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئىككى ئاي توختاتقاندىن كېيىن، موللا قۇربان خېتىپ ئاخۇنۇمغا ئىنئام ۋە مۇكاپات بېرىپ، كۇچاردىن خوجا باھائىددىن خوجامنىڭ ئوغلى سايىت خوجامنى باش قىلىپ، ئاللا يار ئاخۇنۇمنى ھەمرا قىلىپ، بىر

---

① غازى — كاپىرلار بىلەن بولغان جەڭدە غالىپ چىققانلار غازى دېيىلىدۇ.
② ئەۋلادى رۇسۇلىللا — پەيغەمبەر ئەۋلادى.
③ خان خوجام — راشىدىن خوجىنى دېمەكچى.
④ ئىتائەتنامە — بويسۇنۇش خېتى.
⑤ ساھىبى دۇئا — دۇئا قىلغۇچى، دۇئاگۇي.
⑥ ئۇچتۇرپاندىكى خوجىلار — بۇرھانىددىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

يۈز ئەللىك ئەسكەر قوشۇپ ، تۇغ ـ ئەلەم ( بايراق ) بېرىپ ، ئىلىغا يولغا سالدى . بـۇلار مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، مۇز داۋاندىن ئۆتتى. مۇز داۋاندىن سالامەت ئۆتۈ ـ كەنلىكىگە خوشال بولۇپ ، شۈكرە ـ سانا ئېيتىپ ، تىكەسكە داخىل بولدى. بىر نەچچە يامان غەرەزدىكى قالماقلار كېلىپ، "سىلەر نىمە ئادەم؟ قەيەردىن كەلدىڭلار ؟ قەيەرگە بارسىلەر؟" ـ دەپ سۈرۈشتۈرۈپ ، بۇلارنىڭ ئاز ـ كۆپلىگىنى ، كۈچ ـ قۇدرىتىنى مۆلچەرلىگەندىن كېيىن، " بۇ يەردە باش ـ باشتاق ، يامان ئادەملەر بار ، ئۇلارنىڭ سىلەرگە دەخلى قىلىپ سېلىشىغا ئۈچۈن ئادەم قوشۇپ ، ئىلى تەۋەسىگە ئۆتكۈزۈپ قويايلى " دەپ، ئادەم قوشۇپ ئىلىغا يولغا سالدى . ئەمما مۇناپىقلىق بىلەن قوسىقىدىكى يامان غەرەزلىرىنى ئاشكارا قىلمىدى . كۇچاردىن كەلگەنلەر خاتىرجەم ئىلىغا بېرىۋالىدىغان بولدۇق ، دەپ خوش بولۇپ ، ئىككى مەنزىل يول يۈردى . قونالغۇدا ئات ـ ئۇلاغلىرىنى ئوتقا قويۇپ ، ئۆزلىرى ئاش ـ تاماق يەپ، غەم ـ ئەنـ دىشىدىن خاتىرجەم يېتىپ، ھەممىسى ئۇيقىغا كەتتى . قوشۇلۇپ ماڭغان قالماقلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئەتراپتىكى قالماقلارغا خەۋەر يەتكۈزدى. ئۇرغۇن قالماقلار ئۇشتۇمتۇت باسـ تۇرۇپ كىلىپ ، تالان ـ تاراج ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. نەچچىسىنى ئۆلتۈرۈپ نابۇت قىلدى. نەچچىسىنى ئولجا قىلىپ ئەسىر ئالدى. نەچچىسى ئىسسىق كۆل تەرەپكە قېچىپ،جېنىنى قۇتقاز ـ دى. جۈملىدىن سايىت خوجام كىيىم ـ كېچەكسىز ، يالىڭاچ ، ئاچ ۋە زار ، پاراكەندىچىلىك بىلەن ئىلىغا تەۋە يېزىلارنىڭ بىرىگە يېتىپ بېرىۋالدى . يېزىنىڭ باشلىقى ھال ـ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئاش ـ نان، كىيىم ـ كېچەك بېرىپ ، ئىلى سۇلتانىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كىردى . سايىت خوجام ئىلىنىڭ سۇلتانىغا بېشىغا كەلگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى بايان قىلغاند ـ دىن كېيىن ، لايىقىدا تون ، كىيىم ـ كېچەك بېرىپ ، ۋەزىپە ، مائاش تەيىن قىلىپ ، ئۆي ـ ماكان كۆرسىتىپ بەردى . ئاللا يار ئاخۇنۇممۇ ئارقىدىن بىر شاگىرت بىلەن ھەيران ۋە سەر ـ گەردان بولۇپ يېتىپ باردى. ئەمما سايىت خوجامغا ئىلى خەلقى ئىشەنچ ۋە ئېتىقات قىلمىدى. " يالىڭاچ خوجام " نامى بىلەن تونۇلۇپ ، مەشھۇر بولدى . چۈنكى سايىت خوجام ئىلىغا يې ـ تىپ بارغىچە، موللا شەۋكەت ئاخۇنۇمغا بىر گۇنانى قويۇپ ، توپىلاڭچىلار تاغارغا سولاپ ، تى ـ رىك دەرياغا تاشلاپ ئۆلتۈردى ، ئورنىغا يېڭىدىن بىرسىنى سۇلتان قىلدى . بۇ سـۇلتانىنىڭ سايىت خوجىلار بىلەن كارى بولمىدى . رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، سايىت خوجام ئۆز ئىسبا ـ دەت ، ئىستىقامەتلىرى بىلەن بولۇپ ، ئاتلىق غازى① نىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلدى.

ھېبىبۇللا ھاجى پادىشا كۇچارلىق ھاجى غەزىنچى بەگنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، بىر تە ـ رەپتىن خۇشال بولسىمۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن: "ياخشى ئىش بولمىدى ، ھەممىمىز بىردىن ، بىر مىللەت بولغاندىن كېيىن ئىتتىپاق بولۇپ ، بىرلىكتە ئۆتسەك ياخشى بولاتتى " ـ دەپ ما ـ لال ۋە غەمكىن بولدى. بىر نەچچە كۈن مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن: "بىرى،ھاجىغەزىنچى بەگدىن باشقا ئادەم كەلگەن بولسا ئەلبەتتە ئىنائەت قىلىپ،خىزمەتكارچىلىق رەسمىنى بىجا كەلتۈرگەن بولاتـ تىم، يەنە بىرى،خاقان ئېقلىمىنىڭ بىر سۆز ، بىر ئۇنىدىكى ياخشى ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، يا ـ مان ئادەملەر بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ ، پادىشالىق قىلىپتىلا، يەنى مانجۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ، تۈگ ـ

① ئاتلىق غازى ــ ياقۇپ بەگ ئۆز دەۋرىدە "ئاتلىق غازى" ، "بەدۆلەت" دەپ ئاتالغان.

گانلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇپتىلا، تۇڭگانلارنىمۇ يوق قىلغان بولساق ئىتائەت قىلغان بولاتتىم. ھېلىمۇ ئۆزلىرى بىزدىن ئىلگىرى پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرغان. شۇڭا بىزنىڭ ئۆزلىرىگە ئىتا- ئەت قىلىشىمىز لازىم» — دەپ ئىتائەتنامە، مەكتۇپ يېزىپ، ئوشۇقچە بولغان ناتوغرا ئىش- لارغا ئۆزرە ئېيتىپ، خوتەننىڭ ياخشى، ئېسىل مال - ماتا، ئات - ياراغ قاتارلىق نەرسە- لىرىدىن تۇرغۇن سوغا - سالام تەييارلاپ، ئەھمەت مىراپ دېگەن ئىشەشلىك ۋە ئابرۇيلۇق كىشىسىنى ئەلچىلىككە تەيىنلەپ، ئەللىك كىشىنى قوشۇپ، كۇچارغا يولغا سالدى. بۇلار كۇچارغا بىر مەنزىل قالغان يەرگە يېتىپ بارغاندا، راشىدىن خوجام ئالدىغا كىشى چىقىرىپ، كۇچارغا ئېلىپ كىردى. ئەھمەت مىراپ باشلىق ھەممىسىنى ئات - ئۇلاغ ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلىرى- دىن ئايرىپ، ھەر بىر كىشىنى ئۆز لايىقىدا بىردىن ئائىلىگە چۈشكۈن① تېرىقسىدە تەقسىم قىلىپ بەردى. ياخشى مۇھاپىزەت قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى. ئىككى يىلغىچە سايرام يېزىسىنىڭ بەلگۈلەنگەن يەرلىرىدە ماكان تۇتۇپ تۇرۇپ قالدى. ئاتلىق غازىنىڭ دەۋرىدە ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ، بالا - چاقا، ئەھلى - ئاياللىرى بىلەن قوشۇلۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

## بەدىئىلەرنى ئاسىرىغۇچى ئۇلۇق تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىسھاق خوجامنىڭ شەرق تەرەپكە قاراپ يولغا چىققانلىقى، ئۇششاقتالدا تۇرغۇن مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ يوق قىلىنغانلىقى، قارا شەھەرنىڭ پەتھى قىلىنغانلىقىنىڭ بايانى:

غەلىبە قازانغۇچى راشىدىن خان خوجام، خانلىق پايتەختىدە ( كۇچاردا ) ئولتۇرغاندىن كېيىن، شەرق تەرەپتىكى - قارا شەھەر ۋە تۇرپاندىكى - كاپىرلاردىن ئەندىشە قىلىپ، خاتىر- جەم بولالماي: «خۇدانىڭ يولىدا جېنىنى پىدا قىلىپ، دىنسىزلار بىلەن غازات قىلىپ، غازىلىق مەرتىۋىسىنى خوش كۆرىدىغان، شېھىتلىق دەرىجىسىنى ئارزۇ قىلىدىغان، قورقماس باتۇر بار- مۇ؟» دەپ جاكا قىلدى. شۇ چاغدا توختى مۇھەممەت يۈز بېشى كىلىپ: «شۇ دەرىجىنى ئارزۇ قىلىمەن، خىزمەتلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن» دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. راشىدىن خوجام، توختى مۇھەممەت يۈز بېشىغا بىر يۈز نەپەر لەشكەرنى قوشۇپ، باھائىددىن خوجا، ئابىدىن خو- جالارنى باش قىلىپ، ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلىپ، دىنسىزلار بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن، يولغا سالدى. بۇلار بۈگۈرگە يېتىپ كەلدى. بۈگۈردە يۈزگە يېقىن مانجۇ چېرىكى بار ئىدى. بسۇنى يوقۇتۇپ بۈگۈرنى ئالدى. شۇ ئەسنادا ئارقا تەرەپتىن ئىسھاق خوجام، سىدىق دادخا، مە- مۇر خەلپە باشلىق بىر يۈز ئەللىك ئەسكەر ياردەمگە كەلدى. بۈگۈردىن دۇئايى خەلپە دې- گەن تۇڭگان باشلىق يۈز كىشى كېلىپ قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن لەشكەر قوشۇلۇپ بىر-

① چۈشكۈن — قونغۇچى، قونىدىغان مېھمان.

لىكتە كورلىغا يېتىپ بېرىپ پەتمەي قىلدى . كورلىدىن يەنە نۇرغۇن ئادەم قوشۇلۇپ چوڭ قوشۇن ھاسىل بولدى. تۇغ - بايراق، ئوق - ساغداق①، مىلتىق - زەمبىرەك، نەيزە - ياراغ، ناغرا - سۇناي ، داقا - دۇمباق ساداسى بىلەن زور لەشكەركەشلىك داغدۇغىسىنى نامايان قىلىپ، قارا شەھەرگە قاراپ راۋان بولدى . مۇشۇنداق زور ھەشەمەت بىلەن دەريا لېۋىگە يېتىپ بارغاندا ، كاپىرلار كېمىنى تارتىۋېلىپ، مىلتىق - زەمبىرەك ئېتىپ، ئۆتكىلى قويمىدى . نائىلاج بولۇپ تۇرغان چاغدا، كورلىدىن قوشۇلغان باتۇرلاردىن ئىسلام خەلپە مەسلىھەت كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى : " چوڭ يول بىلەن قارا شەھەرگە كىرگىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ ، باغراش كۆلىنىڭ ئايىغى بىلەن ئۆتۈپ ، ئۇششاقتالغا چىقىپ، ئاندىن ئارقىمىزغا يېنىپ كېلىپ، قارا شەھەرنى ئالساق.» ھەممە:" خۇددى تەڭرىنىڭ ئىلھامى بىلەن كۆرسىتىلگەن ناھايىتى ياخشى مەسلىھەت بولدى» دەپ قوبۇل قىلدى . ئارقىلىرىغا يېنىپ كورلىغا كېلىپ، باغراش كۆلىنىڭ ئايىغى بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، توققۇز كۈندە ئۇششاقتالغا چىقتى . بۇ يەردە ئۈرۈمچىدىن چىققان 18 مىڭ مانجۇ چېرىكى يامغۇر يېغىپ ماڭالماي ، توپ - زەمبىرەكلىرىنى ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن دەپ قۇمغا كۆمۈپ، قويۇپ ، ئۆزلىرى بىپەرۋا ئارام ئېلىپ ياتقان ئىكەن.شۇنداق ھالەتتە ئىككى لەشكەر ئۇچرىشىپ ئۇرۇش ئارا جەڭگە كىرىشىپ كەتتى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى جاھانگىر خوجام ئالتە شەھەرنى قولغا كەلتۈرگەن چاغدا، بېيجىڭ تەرەپتىن " ئاي جاڭجۇن » دېگەن كاتتا مەنسەپدار كېلىپ، ئالتە شەھەرنى تارتىۋېلىپ، جاھانگىر خوجامنى تۇتۇپ بېيجىڭگە ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. شۇ خىزمىتى ئۈچۈن بېيجىڭنىڭ خېنى ئۇششاقتالدا ئاي جاڭجۇڭغا ئاتاپ، بۇتخانا ياساپ، ھەيكىلىنى توختىتىپ، بۇ بۇتخانىنى ئالتە شەھەرنىڭ" تەربىيەت كەردىسى»② قىلدىم، دەپ يارلىق چۈشۈرگەن ئىكەن.

ئۈرۈمچىدىن چىققان 18 مىڭ مانجۇ چېرىكلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي مەغلۇپ بولۇپ، ئاقىۋەت شۇ بۇتخانىنىڭ ئىچىگە قېچىپ كىرىۋېلىپمۇ قۇتۇلالماي نابۇت بولدى. ئۈرۈمچى تەرىپىگە بىرەرسىمۇ قېچىپ كېتەلمىدى. ئەمما قارا شەھەر تەرەپكە ئازراق قېچىپ كەتتى.

مۇشۇ پەيتتە تۇرپان تەرەپتىن ئىككى ئاتلىق خەنزۇ بىغەم ۋە بىپەرۋا چىقىپ كېلىۋاتقان ئىكەن ، قالمىقلار تۇتۇپ خوجامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئاختۇرۇپ قارىسا يېنىدىن خەت چىقتى. بۇ قارا شەھەرنىڭ ئامبىلىغا يېزىلغان خەت بولۇپ،" خاننىڭ يارلىغى بىلەن مەدەتۋە ياردەم ئۈچۈن 24 مىڭ چېرىك، 470 زەمبىرەك، 300 ھارۋا ئوق - دورا بىلەن كەلدۇق. 3 كۈندە ئۇششاق تالغا يېتىپ بارىمىز. ئالدىمىزغا نۇرغۇن ئوزۇق - تۈلۈك چىقارغىلار» دېگەن مەزمۇندا ئىكەن. خەتنىڭ مەزمۇنىنى پۈتۈن قوشۇنغا جاكالاپ، چۆلنىڭ ئاغزىنى، سۇنىڭ بويىنى توساپ تەييار بولۇپ تۇردى. 3 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تۇغ نامايان بولدى. تۇغنىڭ كەينىدىن چېرىكلەر كۆرۈندى. ئىسلام ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ، بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىققان چېرىكلەر ئوخشايدۇ، دەپ بىپەرۋا، غەم ئەندىشىسىز يېقىنلاپ كەلدى. شۇ ئەسنادا بىر تەرەپتىن ئىسھاق خوجام، توختى مەھەممەت خەلپە، بىر تەرەپتىن باھائىددىن خوجام، مەمۇر خەلپە، بىر تەرەپتىن ئاپىدىن خوجام، دۇئايى خەلپە، سۇ موللا تۇڭگانىلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەكبىر ئېيتىپ، ئاسماندىن

---

① ساغداق—ئوقدان، ئوق سالىدىغان قاچا.

② تەربىيەت كەردىسى—باققۇچى، قوغدىغۇچى، باش پانا بولغۇچى.

چۈشكەن بالا قازادەك، چېرىكلەر ئۈستىگە ئات سېلىپ بېرىپ جەڭگە كىردى. باھائىددىن خوجام،
مەمۇر خەلىپىلەر تەرىپى ئاجىز كېلىپ قاچقىلى تۇردى. ئىش يامان تەرەپكە يۈزلىنىۋاتقان ها-
لەتتە، ئىسھاق خوجام خەۋەر تېپىپ، تىلىدا غەلىبە ئايەتلىرىنى جارى قىلىپ، دىلىدا تەڭرىنىڭ
دەرگاھىغا ئاجىز - بىچارىلىقىنى ئاشكارا قىلىپ، لەشكەرلەرگە قاراپ دۇئا قىلىپ: "(تەڭرىگە)
شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ روھى بويىچە ئەسكەرلەرنى جەڭگە تەر-
غىپ ۋە دالالەت قىلدى. ھەممە بىردەك يىغى - زارى بىلەن جەڭگە كىرىپ، گايى ئوڭنى سولغا،
گايى سولنى ئوڭغا سۈرۈپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە، كېچىدىن تاڭ ئاتقىچە جەڭ قىلدى. چاپ -
چاپ ئاۋازى، توپ - زەمبىرەك، مىلتىق ساداسى قوشۇلۇپ پەلەكتىن ئاشتى. دىمەك، غەلىبە-
مۇۋەپپەقىيەت ئىشىگى ئىسھاق خوجام تەرىپىگە ئېچىلدى. كاپىرلار بىلەن تولۇق بىر كېچە، ئىك-
كى كۈندۈز ئۇرۇشتى. ئۇنى ئۆلتۈرگۈچى ئوتتۇزى ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپ ھالاك قىلدى.
ئۇلارنىڭ ئادىتىدە دۈشمەن قولىدا ئۆلۈشنى ئۆزى ئۈچۈن نومۇس ۋە ھاقارەت دەپ بىلىدىكەن.
ئەگەر ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىشىپ بەرمىگەن بولسا، بەش كېچە - كۈندۈزدىمۇ ئۆلتۈرۈپ تۈ-
گەتكىلى بولمايتتى. چۈنكى ئىسلام لەشكىرى ئىككى مىڭغا يەتمەيتتى. كاپىرلارنىڭ چېرىكى بول-
سا 24 مىڭ كىشى ئىدى. بۇلاردىن بىرەرمىڭچىسى جېنىنى ئېلىپ قېچىپ قۇتۇلدى. قالغانلىرى
ھالاك بولدى. بۇ چاغلاردا ئىسلام لەشكەرلىرىگە سۇ ئىچكىلى، تاماق يېگىلى ئارام ۋە پۇرسەت
بولمىغان ئىدى. ئەندى بىر ئاز خاتىرجەم بولۇپ، تاماق يېيىشكە مەشغۇل بولۇپ تۇرىشىغا: "قارا
شەھەردىن 7 مىڭ مانجۇ، ئۈچ مىڭ قالماق چېرىكى، ئەللىك ئالتە ھارۋىدا توپ - زەمبىرەك،
مىلتىق، يۈز ئەللىك تۆگىدە ئوق-دورا بىلەن تېبۇلغۇ دېگەن مەنزىلگە كېلىپ چۈشتى» دېگەن خە-
ۋەر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن يەۋاتقان تاماقنى تاشلاپ، ھەممە ئىتتىپاق قىلىشىپ غازات - جەڭ قى-
لىش، ئۆزىنى قوغداپ جېنىنى مۇھاپىزەت قىلىش نىيىتى بىلەن بىردەك ئاتلىنىپ، قارا
شەھەر تەرەپكە راۋان بولدى. ئۈچ پوتەي ① مىقدارى يول يۈرۈپ "چوقۇر» دېگەن يەردە مانجۇ
چېرىكى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا جەڭ باشلىنىپ كەتتى. كاپىرلار تۆگىلىرىنى چوكى-
لاندۇرۇپ، ھارۋىلىرىنى قاتار قىلىپ، ئۇنىڭ دالدىسىدا ئىسلام لەشكەرلىرىگە ئوق ئېتىپ يېقىن
كەلتۈرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىسھاق خوجام ئۆزمە چوماقلىرىنى قولىغا ئېلىپ، نامدار باتۇر، پەھ-
لىۋانلارنى ھەمرا قىلىپ، دۈشمەن ئۈستىگە ئات سالدى. بۇنى كۆرگەن كاپىرلار ئىش يامان بول-
دى، دەپ تۆگىدىكى ئوق - دورىلارغا ئوت قويدى. نۇرغۇن ئوق - دورا تۆگىسىچە پارتىلاپ، نۇر-
غۇن تۆگە، ئادەم، قورال - ياراقلارنى ئاسماننىڭ قەھرىگە ئېلىپ كەتتى. دورىنىڭ ئىسى، ئاتلارنىڭ
ئايىغىدىن چىققان توپا-چاڭ زېمىن يۈزىنى قاپلاپ، قوياش نۇرىنى خىرەلەشتۈرۈپ، كېچىنى كۈندۈزدىن،
كۈندۈزنى كېچىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان، گويا قىيامەت بولغاندەك غەلىتە ئەھۋال يۈز
بەردى. نەتىجىدە كاپىرلار ئاجىز كېلىپ قاچتى. خوجاملار چاپ - چاپ قىلىپ قوغلاپ، تېۋۇلغۇ
دېگەن جايغا بېرىپ چۈشتى. غىزا - تاماق يەپ بىر كېچە قونۇپ ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئەتى-
سى قالماقلارغا يول باشلىتىپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. شەھەرگە يېقىن بارغاندا "ئىرولچى» ②
خەنزۇلاردىن ئىككىسىنى تۇتىۋالدى. بۇلارنى سوراق قىلغاندا "چوڭ يولنىڭ ئۈستىگە توپ - زەم-

① پوتەي — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بولۇپ تەخمىنەن 4 كىلومېتىر كېلىدۇ.
② ئىرولچى — چارلىغۇچى، رازۋېتچىك.

بىرەك قۇرۇپ قويدى» دىدى. قالماقلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن چوڭ يولنى تاشلاپ، سول تەرەپ بىلەن يۇرۇپ، شەھەرنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، غەرپ تەرەپتىكى ”تىرەكلىك« دىگەن جايغا بىرىپ چۈشتى.

تىرەكلىك دىگەن جاينىڭ بىر تەرىپى دەريا، بىر تەرىپى تاغ، بىر تەرىپى شەھەر، يەنە بىر تەرىپىدە چوڭقۇر ئېرىق بارئىدى. شۇ كۈنى شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا-قىشلاق، بازارلارنى تامام ئېلىپ ئوت قويۇپ، ھەددىدىن زىيادە جەڭ بولدى. كاپىرلارنىڭ ئۆلگىنىنىڭ تولىلىقىدىن، ماڭغىلى يول قالمىدى. ئۇرۇش بولغان يەردە كاتتا ئىككى ئۆستەڭ بولۇپ، چوڭقۇرلىقى بىر نەيزە بويى① كېلەتتى. ئىككى ئۆستەڭ كاپىرلارنىڭ ئۆلۈكى بىلەن توشۇپ كىتىپ، سۇلىرى ئاقالماي، ھەر تەرەپكە تېشىپ، سۇيىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ، قانغا ئوخشاش قىپ - قىزىل بولۇپ كەتتى.

گەپنىڭ قىسقىسى، شەھەر سىرتىدىكى دۈشمەنلەر يوقىتىلغان بولسىمۇ، شەھەرنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار دەرۋازىنى ئېتىۋىلىپ، سېپىلنىڭ ئۈستىدىن ئوق ئېتىپ، تاش - كېسەكلەرنى تاشلاپ، يېقىن بارغىلى قويمىدى. بۇ ھالەتتە ئىسلام لەشكەرلىرى ھارۋىلارنى ئېلىپ كېلىپ، قاتار قىلىپ، ئۈستىگە تۆگىنىڭ چومىنى سۇغا چىلاپ بېسىپ، ئاستىدا تاللانغان باتۇرلارنى يوشۇرغان پېتى ھارۋىنى ئىتتىرىپ بېرىپ، دەرۋازىغا ئوت ياقتى. بۇنى كۆرگەن كاپىرلار ئەس ھۇشىنى يوقۇتۇپ، ئەقلىدىن ئازدى. يورۇق جاھان كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈندى. قول - پۇتى پالەچ بولۇپ، مىلتىق - قوراللىرى يەرگە چۈشتى. ئۆلۈك، يا تىرىكلىكىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ قالدى.

شۇ چاغدا ”خوجەك قازى« دىگەن كىشى قالماقلارغا تەرجىمان ئىكەن. خوجەك قازى قالماقلارغا : ” خوجاملار ئۇلۇق كىشىلەر، ئۇلارغا ئوق ئاتماڭلار. دۇئايىبەت② قىلىۋەتسە ھەممىڭلارغا ئوت كېتىپ، كۆيۈپ تۈگەيسىلەر« دىگەن ئىكەن، قالماقلارغا بۇ سۆز ماقۇل كېلىپ: ” بىز جاھانگىر خوجا زامانىسىدىن تارتىپ، خاننىڭ يارلىقى بىلەن قەشقەرگە بىر قانچە قېتىم بېرىپ، خوجاملارغا ئوق ئېتىپ، جەڭ قىلدۇق، ئەمما بىزلەرگە ئوبدانلىق بولمىدى. ئارىمىزغا كېسەل تارقاپ، نۇرغۇن ئادەملىرىمىز ئۆلۈپ كەتتى. چارۋا - ماللىرىمىزغا چېچەك چىقىپ نابۇت بولدى، ئەمدى خوجاملارغا ئوق ئاتمايمىز. « دەپ چەتكە چىقىۋالدى. ئىسلام لەشكەرلىرى شەھەرگە كىرىپ، شەھەرنى ۋەيران قىلىپ، كاپىرلارنى تار - مار قىلدى.

نەزم

شاھقا ئەگەر بولسىلەر دۆلەت بەختىيار،
بولۇر پەتھە، نۇسرەتلەر شاھقا دۇچار.③

خاھى مەنسەپدار، خا، ئادەتتىكى چېرىكلەر، خاھى پۇخرا بولسۇن، بىر ھەپتە ئىچىدە ئىككى يۈز مىڭدىن ئارتۇق دىنسىز كاپىرلار يوق قىلىندى. مۇشۇ جەريانىدا ئىسلام لەشكەرلىرىدىن بىر يۈز ئەللىكچە كىشى قۇربان بولۇپ، شېھىتلىك دەرىجىسىنى تاپقان بولسا، ئۈچ يۈزچە كىشى جا-

① نەيزە بويى — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بولۇپ، تەخمىنەن ئىككى مېتىرغا يېقىن.
② دۇئايىبەت — يامان دۇئا، يامان ئىشنىڭ بولۇشى ئۈچۈن قىلىنغان دۇئا.
③ پادىشاغا بەختى دۆلەت كەلسە، غەلىبە — مۇۋاپپەقىيەتمۇ قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

راھەتلىنىپ، زەخمىدار بولدى. ئۆزىگە خاس قۇدرىتى بىلەن ئاسىرىغۇچى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىسھاق خوجام غالىپ بولدى. غەلىبە شوكرانىسى ئۈچۈن ئىسھاق خوجام نامازشۇكرانە① ئوقۇپ، ھەمدۇ ـ سانا② ئېيتتى ھەمme خۇشاللىقتا چۆمدى. شاتلىق سادالىرى، غالىبىيەت ئاۋازلىرى پەلەكتىن ئاشتى.

تارىخ كىتاپلىرىدا بايان قىلىنغان جەڭ ـ غازاتلاردا بۇنداق نۇرغۇن دىنسىز چېرىكلەرنىڭ نابۇت بولغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىگەن ۋە ئىشىتمىگەن. «رەۋزەتۇسسافا»، «ئاتەشكەدە»، «تارىخى رەشىدى»، «شەھرى خىيە»③ ۋە باشقا تارىخ كىتاپلىرىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بىر زامانلاردا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ مۇسۇلمانلار ھالاك بولۇپ، كاپىرلار غالىپ بولغان ۋەقەلەرمۇ كۆرۈلگەن. ئەمما بۇ قېتىمقى جەڭدە كاپىرلار مەغلۇپ بولۇپ، مۇسۇلمانلار غالىپ ۋە ئۈستۈن بولدى. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمان، تۇڭگان ۋە قالماقلار باتۇر، پەھلىۋان ھەمme لەشكەرى ئىسلام ئىتتىپاق قىلىشىپ، ئەۋلادى رەسۇلۇللا، غەلىبە ۋە مۇۋاپپەقىيەت قازانغۇچى خوجا ئىسھاق خوجامنى ئۆزلىرىگە ئېمىرلەشكەر④ قىلىپ سايلاپ، ناغرا ـ كاناي، داپ ـ دۇمباق سادالىرى بىلەن تەنتەنە قىلىشتى. ھەمme قوللىرىنى كۆكسىلىرىدە قويۇپ، تازىم بىلەن بوي سۇنۇپ، ئىتائەت قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

نەزم

مەسندى شاھلىقتا ئولتۇردى سائادەت كۈنلىرى،
تەختىگە چىقتى ئاچىلىپ غۇنچە يەڭلىغ باغلىرى.⑤

نەتىجىدە يەتتە پۇشتىدىن تارتىپ جىنازىغا ئوخشاش ئورۇق ئاتقا، ياغاچ لىڭگىرچاق توقۇپ، ياغاچ ئۈزەڭگۈ، شوينا قوشقۇن سېلىپ مىنىپ كەلگەن سەھرالىقلار، ئارغىماق ـ توپچاق ئاتلارغا، قىممەت باھالىق بېيجىن ئېگەرلىرىنى توقۇپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن ئۈزەڭگۈ، قوشقۇن سېلىپ مىنىدىغان بولدى. ياز كۈنلىرى بېشىغا تۇزۇككىنە دوپپا، قىش كۈنلىرى ئىسسىقىنا تىرە تۇماق كەيمىگەن، خام ( ماتا ) چاپاندىن باشقىغا قۇدرىتى يەتمىگەن، بەشتەڭگە پۇلنى ئىشلىتىپ خىراجىتى ئۈچۈن يېنىغا سالالمىغان كىشىلەرمۇ ئېسىل قىممەت باھا تۇماققا، تۈلكە، سۆلەيسۇن تېرىسىدىن قىلىنغان ئالى جۇۋىغا مۇيەسسەر بولۇپ، تاۋار ـ دۇدۇنلاردىن پايتىما قىلىپ، خورجۇن ـ خورجۇنلاردا ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاغار ـ تاغارلاردا تاۋار ـ دۇدۇنلارغا ئىگە بولدى. ئەسكەر باشلىقلىرى، پانسەت⑥، يۈز بېشى، ئونبېشى قاتارلىقلارنىڭ ئىگە بولغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئات ـ ئۇلاق، ئىگىن ـ ئاياقلارنىڭ ھېساۋى يوق ئىدى.

قارا شەھەرپەتھ بولۇپ، يۇرت سەرەنجام تاپقاندىن كېيىن، ئىسھاق خوجا، جەڭ ۋەي

① ناماز شۇكرانە ـــ بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشكەنلىكنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ناماز.
② ھەمدۇ ـ سانا ـــ تەڭرىگە ئېيتىلىدىغان مەدھىيە، ماختاشلار.
③ «رەۋزەتۇسسافا» «ئاتەشكەدە» «تارىخى رەشىدى»، «شەھرى خىيە» ـــ مەشھۇر تارىخى ئەسەرلەرنىڭ نامى.
④ ئېمىرلەشكەر ـــ ئەسكەر باشلىقى، باش قوماندان.
⑤ ياخشى كۈنلەردە گۈل غۇنچىسىدەك ئېچىلىپ پادىشالىق تەختىدە ئولتۇردى.
⑥ پانسەت ـــ ھەربى مەنسەپ نامى، لەنجاڭ دەرىجىسىگە تەڭ.

رانچىلىقى، ئوت ئاپىتىدىن قۇتۇلۇپ قالغان مىلتىق، توپ ـ زەمبىرەك، ئوق ـ دورا قورال ـ ياراق، مال ـ مۈلۈكلەرنى، ھەربىي يۈرۈشتە، ھېرىپ ـ چارچاپ ياكى جاراھەتلىنىپ سەپتىن چۈشۈپ قالغانلارنى يىغىپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئۇششاقتالغا مەخسۇس قوشۇن ئەۋەتتى. بۇلار ئۇششاقتالغا بېرىپ نەزەر سالسا، ئەسلىدىكى ئۇششاقتالنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كەڭ قارا ساي خۇددى قىزىل كېگىز ياپقاندەك، كاپىرلارنىڭ خۇنى بىلەن قىزىللىققا پۈركۈنۈپتۇ. پەرھات قەۋرىسى ئۈستىدىكى دەشتى كىرەنىڭ لالىزار گۈل ـ گۈلۈستانلىقىدىنمۇ زىيادە بەرق ئۇرۇپتۇ. بۇ مەنزىرىنى سەيرى تاماشا قىلىپ، تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا شۈكرى ـ سانا ئېيتىپ، قورال ـ ياراغ، ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ مۈلۈكلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

خوجا ئىسھاق غازى خوجام ـ خۇشخۇي، مۇلايىم، ئادىل، كۆڭلى ئوبدان، سادda، چىققىشاق، سېخى، پۇقرالارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، غەيرەتلىك، پەھلىۋانكىشى ئىدى. " پادىشا قايسى دىن، قانداق ئېتىقادتا بولسا، خالايىقمۇ شۇنداق بولىدۇ " دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق، شۇ چاغدىكى لەشكەرلەرنىڭمۇ كۆڭۈللىرى ساپ، نىيەتلىرى توغرا ئىدى. " نىيىتى قانداق بولسا، ھەركىتىمۇ شۇنداق بولىدۇ" دېگەن ھەدىسكە ئاساسەن، نىيەتلىرى توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىلىرى غازىلىق دەرىجىسىگە مۇشەررەپ بولدى. پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە مۇستەھەپ ① ئەمەللىرىنى ئورۇندىغاندا نىيەت توغرا بولمىسا، ئۇنىڭ ساۋاق ۋە نەتىجىسى بولمايدۇ. غازات بولسا ئۇلۇغ پەرزلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، غازات قىلىش ئۈچۈن ئەلبەتتە ياخشى نىيەت، توغرا مەقسەتنىڭ بولۇشى لازىم ۋە زۆرۈر. خوجا ئىسھاق خوجام باشلىق پەھلىۋان، باتۇرلار ۋە پۈتۈن لەشكەرلەرنىڭ ئۇلجا ئالاي، ياكى "باتۇر" دېگەن نام كۆتىرەي، ياكى شۇباھانە بىلەن بىرەر مەملىكەتكە ھاكىم، پادىشا بولاي دېگەندەك يامان خىيال، ناتوغرا غەرەزى يوق ئىدى. ھەممىلىرى بىردەك كاپىرلارنى تار ـ مار قىلماق، ئەجەل يەتسە تەڭرى يولىدا جېنىنى پىدا قىلماقتىن باشقا مەقسىدى يوق ئىدى. ئۇلۇغ تەڭرىم، ئۆزىنىڭ پەزلى كەرىمى بىلەن ھايات قالغانلارغا غازىلىق بەختى دۆلىتىنى، ئۆلگەنلەرگە شەھىتلىكنىڭ ئالى دەرىجىسىنى بەردى.

ھازىرغىچە رۇسۇلۇللانىڭ سۈننەتلىرىگە مۇۋاپىق غازات قىلغان گورۇھ بەلكى مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن. ھەقىقىي ئەھۋالنى تەڭرىنىڭ ئۆزى بىلىدۇ. ئۇلۇغ تەڭرىم! ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن ھەممىگە ئىنساپ، ياخشى نىيەت، خالىس ئەقىدە ئاتا قىلغىن. جىمى ئالەمنىڭ پەيغەمبىرى ـ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن دۇئالىرىمنى ئىجابەت قىلغىن.

## قۇدرىتى چەكسىز ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن سېيىت ئىسھاق خوجام تۇرپان غازاتىغا يۈرۈش قىلىپ، تۇرپاننى قولغا كىرگۈزۈش بىلەن يەنە بىر نەچچە شەھەرلەرنى پەتھ قىلغانلىقى، تۇرغۇن قىتان ئەھلى نابۇت بولغان ۋەقەلەر يۈز بەرگەنلىكىنىڭ بايانى

دۆلەت ئۇلۇغلىرى، پاراسەتلىك ئەرباپلارنىڭ نۇرلۇق كۆڭۈللىرىگە ئاشكارا ئولغايكىم، ھوقۇق ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ ۋارىسى بولغان سېيىت ئىسھاق خوجام، قارا شەھەردىكى كاپىر ـ قالماقلارنىڭ جېڭىدىن پارىغ بولۇپ، كونا تۇرپاننى پەتھ قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ، ئېمىر ـ

① پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇستەھەپ ــ ئىسلام شەرىئىتى بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئورۇندىشى لازىم بولغان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مۇھىم ۋە مۇھىمسىزلىق دەرىجىسىنى پەرقلەندۈرىدىغان ئاتالغۇلار ـ ئۆلچەملەر.

ئومۇرا، باھادىر، دادىخالارنى چاقىرىپ مەسلىھەت قىلدى. ھەممە ئەربابلار بىر ئېغىزدىن «تۇرپان يولىنىڭ قاتناشلىقى ھەممە ئىنسانلارغا قوياشتەك رۇشەندۇر. بۇ توغرىدا ئايىغىر بۇلاق دېگەن جايدىكى تاققا مېتىن بىلەن ئويۇپ پۈتۈلگەن مۇنداق مەزمۇندىكى بىر خەت بار: "بىرىنچى قېتىم بۇ يولدا ماڭغان كىشى بىلمەسلىكتىن، تىجارەت ۋە نەپەقە ئەھلى ئايال، دەپ نادانلىق بىلەن ماڭغان بولغاي، ئىككىنچى قېتىم ماڭغانلار ناھايىتى زۆرۈرلىكتىن، ياكى ئەسھابۇل كەھفنى زىيارەت قىلىش نىيىتى بىلەن ماڭغاندۇر. ئۈچىنچى قېتىم ماڭغانلارنىڭ ئۆزى كاپىر، خوتۇنى تالاق." بۇ خەتنىڭ قايسى زامان، قايسى ۋاقىتتا پۈتۈلگەنلىكىنى ھېچكىمشى بىلمەيدۇ. شۇڭغا لايىق نان - توقاچ، ئوزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراغ راسلاپ، ئاندىن يولغا چىقساق ياخشى بولۇرمىكى » دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. بۇ مەسلىھەت ھەممىگە ناھايىتى ياقتى. نۇرغۇن ھارۋا، تۆگە، ئات - ئېشەكلەرگە ئوزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراقلارنى ئارتىپ، سائادەتلىك كۈن، ياخشى سائەتتە غەلىبە، مۇۋەپپەقىيەتكە ئاتلاندى. تارىخى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن بىر ① رەبىئۇل ئاخىرنىڭ ئون سەككىزى يولغا چىقىپ، تېزلىنىپ دېگەن مەنزىلگە كېلىپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكىپ ئارام ئالدى. غەلىبە قازانغان بۇ لەشكەرلەر نۇرغۇن كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ يۈرەكلىرى توختىغان، كۆزلىرى قىزارغان، ئاجىزلىرى كۈچلۈك، كۈچلۈكلىرى باتۇر بولغان ئىدى. ھەر بىرلىرى ئۆزلىرىنى ئىسپەندىيار، رويىن تەن، قەھرىمان توھمەتەن چاغلاپ، رۇستەم ۋە بەرزۇدىنمۇ② پەھلىۋانراق، دەپ ئويلايتتى.

شۇڭا ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىنايىتىگە ئۆزىنى ئاتاپ، بىر نىيەتتە خالىس غەرەز بىلەن تەڭرىگە تەۋەككۇل قىلىپ: "دىنىڭغا ياردەم بەرگەن كىشىلەرنى غالىپ قىل، دىنىنى خار قىلغان كىشىلەرنى مەغلۇپ قىل » دېگەن دۇئانى توختىماي تەكرارلاپ، يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن تەكبىر③ ئېيتىپ، يولغا راۋان بولدى. ئەمما كاناي - سۇنايىنىڭ ساداسى، نەغمە - ناۋانىڭ ئاۋازى، لەشكەرلەرنىڭ ھەيۋەتلىك تاماششاسى، ئوق - ساغداق، نەيزە - قىلىچ، توغ - ئەلەملەرنىڭ دەبدەبەسى، پوش - پوش غەۋغاسى، كۆك ئاسماندىن ئۆتۈپ يۇقۇرقى ئالەمدىكىلەرنىمۇ پاراكەندە قىلدى. ئۇششاقتالغا يېتىپ بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، كاپىرلارنىڭ ئۆلۈكلىرى يولنىڭ ئۈستىدە توپ - توپ، دۆۋە - دۆۋە بولۇپ يېتىپتۇ. بىر تەرىپى تاغ باغرى، بىر تەرىپى سۇنىڭ قىرغىقى بولغانلىقتىن، مېڭىشنىڭ ئىمكانىيىتى قالماپتۇ. چۈنكى دىخانلار ئېتىزلىقتا ئورغان زىرائەتتەك، ياكى سايىنىڭ تېشىدەك ئۆلۈك بىلەن پۈتۈن دەشتى - باياۋان توشۇپ كەتكەن ئىدى. ھەشەر - مەدىكار سېلىپ، ئۆلۈكلەرنى بىر تەرەپكە تارتىپ يول ئېچىپ ماڭدى. كېيىنكى نۆۋەتتە مانجۇ چېرىكلىرى كەلگۈچىلىك بۇ ئۆلۈكلەر يول ئۈستىدە قۇرۇپ - چىرىپ ياتتى. ئەمما ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئۆلۈكلەرنىڭ تېرىلىرى قۇرۇپ تارتىشىپ، بەزىلىرى باش ئورىۋاتقاندەك، بەزىلىرى چاڭگال سالغاندەك، بەزىلىرى سوراقچى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندەك قىياپەتتە بولۇپ قالغان ئىدى. كېيىنكى چاغدا بۇ يول بىلەن، يۈرگەن يولۇچى ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئات

① تارىخى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن بىر رەبىئۇل ئاخىرنىڭ ئون سەككىزى — 1864 -، 1865- مىلادىغا توغرا كېلىدۇ.

② ئىسپەندىيار، رويىن تەن، توھمەتەن، رۇستەم، بەرزۇ دېگەنلەر قەدىمى ئىران ئەپسانىلىرىدىكى پەھلىۋانلارنىڭ نامى.

③ تەكبىر — تەڭرىگە مەدھىيە ئوقۇپ يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن چاقىرىش تەكبىر دېيىلىدۇ.

ئۇلاغلىرىنىڭ ئايىغىدا كاپىرلارنىڭ ئۇستىخانلىرى تاش ـ توقماق موسەللىك پۇتلىشىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار ئىسھاق خوجام ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ غەيرەتلىرىگە ئاپىرىن ئېيتىپ دۇئا قىلاتتى. لېكىن ئاتلىق غازى ھاكىمبەگنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، سېيىت ئىسھاق خوجامنى كۆچاردىن بىكار قىلىپ، يەركەنگە ئېلىپ بېرىپ، مۇھەممەت يۇنۇس دادخاغا تاپشۇرۇپ، ھەر كۈنلۈك تەمىنات ـ خاراجىتى ئۈچۈن بىر دانە قىزىل تىللا، ھەر ھەپتىدە ئۈز لايىقىدا تون ـ سەرۇپاي، ھەر يىلدا ئىككى مىڭ چارەك ئاشلىق بېرىشنى تەيىنلەپ، غەمخۇرلۇق يارلىقى چۈشۈرگەن ئىدى. بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن مۇھەممەت يۇنۇس دادخا ئاتلىق غازىغا مۇنداق دەپ ئەرز يازدى: «مەرھەمەت پانا① ئاتلىق غازى يارلىق قىلغان تەمىناتنى ئىسھاق خوجىغا بىر نەچچە يىلدىن بېرى بېرىۋېتىۋردۇم. يېرىمىنى بېرىپ، يېرىمىنى توپلاپ، ئالىلىرىنىڭ نۇسرەتلىك قوشۇنلىرىغا يەتكۈزۈپ بەرسەم، يەركەن ئىچى ئەرزانچىلىق بولغانلىقتىن شۇمۇ يېتەتتى.»

ئاتلىق غازى بۇ ئەرزنى كۆرگەندىن كېيىن، كايىشلىق بىلەن قايتا غەمخۇرلۇق يارلىقى چۈشۈرۈپ: «خەسىس، بېخىللىقىڭدىن ئىسھاق خوجىغا تەمىناتنى ئاز تەيىن قىلغان ئىكەنمەن. بۇ ئالىي يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بۇرۇن تەيىن قىلغان تەمىناتنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىپ، ئالىي دۆلىتىمىز ھەققىگە دۇئا ئالغايسىز. ئىسھاق خوجانىڭ ئۇششاقتالدا قىلغان جەڭ ۋە غازاتلىرىنى، ئۇ يەردىكى كاپىرلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەن، مېنىڭ ئورنۇمدا سىز بولغان بولسىڭىز، ئىسھاق خوجىنىڭ دەستۇرخانىغا پۈتۈن يەركەننى يېزا ـ قىشلاقلىرى بىلەن ئىنئام قىلىپ بەرگەن بولاتتىڭىز» دەپ ئىنساپ ۋە دىيانەت يولىدىن ئەمرى قىلدى. بۇ ئەھۋال ئاتلىق غازىنىڭ ناھايىتى دىيانەتلىك كىشى ئىكەنلىكىگە، ئىسھاق خوجامنىڭ غەيرەتلىك ۋە باتۇرلۇقلىرىغا گۇۋا بولالايدۇ.

ئەمدى ئەسلىدىكى قىسسىمىزگە كەلسەك، سېيىت ئىسھاق خوجام پۈتۈن لەشكەر، ھەممە باتۇر ـ پەھلىۋانلىرى، توپ ـ زەمبىرەكچىلىرى بىلەن ئوت ـ بوغۇز، نان ـ توقاچلىرىنى ئېلىپ، ئۇششاقتالدىن يولغا چىقىپ، دىگەن مەنزىلگە كېلىپ چۈشتى. بۇ يەردىن چىقىپ قارا قىزىلدا قونۇپ، ئاندىن «كۈمۈش» دىگەن قونالغۇغا يېتىپ باردى. كۈمۈشتە 30 — 40 ئۆيلۈك كىشى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن تەسلىكتە كۈن كۆچۈرگىدەك ئازغىنا سۇ ۋە زېمىن بولسىمۇ، ئەمما ئوت ـ خەشەك، ھەتتا چىش كولىغىدەك ياغاچ تېپىلمايدىغان جاي ئىدى.

كۈمۈشتىن چىقىپ، ئۈژمە دەڭگە باردى. ئۇ يەردىن چىقىپ ئايغىر بۇلاق مەنزىلگە چۈشتى. بۇ يەردىمۇ ئازراق سۇ بولۇپ، ئاتلارنى نۆۋەت بىلەن سۇغارسا ئاران كۈپايە قىلاتتى. بۇ يەردىن چىقىپ سۇ بېشىغا كەلدى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ توخسۇنغا يېتىپ باردى. توخسۇن خېلى كاتتا يۇرت بولۇپ، ئەتراپتىكى يېزا ـ قىشلاقلىرىمۇ كەڭرى ئىدى. بۇ يەردىن ئۆتسە تۇرپانغا داخىل بولاتتى. گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن تۇرپان ئىقلىمىغا يېتىپ باردى.

سېيىت ئىسھاق خوجامنىڭ غالىپ لەشكەرلىرى يېتىپ بارغىچە، تۇرپاندا تۇرىۋاتقان سايراملىق خوجىلاردىن مەسۇمخان خوجا ئاتلىق بىر ئۇلۇغ كىشى بولۇپ، تۇرپانلىق قاسىم جەڭچى،

① مەرھەمەت پانا ـ قول ئاستىدىكىلەرگە مېھرى شەپقەت قىلغۇچى.

ۋاھىتخەلپە، خوجازاھىت خەلپە، ھەجى باقى خەلپە دىگەنلەر بىلەن بىرلىشىپ، تۇرپاننىڭ سەھرا - قىشلاقلىرىدىكى چېرىك، ئېلىپ - ساتار خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، بىر - ئىككى قېتىم شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، جەڭ قىلغان بولسىمۇ، تەڭ كېلەلمىگەن. خەنزۇلار شەھەر دەرۋازىسىنى ئېتىۋېلىپ قامىلىۋالغان ئىكەن.

تۇرپانغا قاراشلىق سەھرالاردا ئون توققۇز ئورۇندا چېرىك ۋە ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلار بولۇپ، بەزى ئورۇندىكىلىرىنىڭ سانى يەتتە - سەككىز مىڭ، بەزى ئورۇندىكىلىرى ئۈچ - تۆرت مىڭ كېلەتتى. بۇلارنىڭ ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، قالغانلىرى شەھەرگە كىرىپ قامىلىۋالغان ئىدى. شۇنداق ھالەتتە خوجا ئىسھاق خوجام ھەشەمەتلىك لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، شەھەر ئەتراپىغا چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكىپ ئورۇنلاشتى. ھەر تەرەپكە قاراۋۇل، پايلاقچى، خەۋەرچىلەرنى قويۇپ، ھوشيار تۇردى. تۇرپان شەھىرىنىڭ سېپىلى مۇستەھكەم، قامىلىۋالغان خەنزۇلارنىڭ سانى كۆپ ئىدى. كۈن ئارىلاپ ھەر ئىككى تەرەپ توپ - زەمبىرەك ئېتىپ، سوقۇشۇپ تۇردى. نۇرغۇن خەنزۇلار نابۇت بولدى. ئىسھاق خوجامنىڭ لەشكەرلىرىدىنمۇ بىر مۇنچە كىشى شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچىپ، جەننەتكە داخىل بولدى ①. ئەمما شەھەر پەتھ بولمىدى②. ئاقىۋەت بىر نەچچە يەرگە ئىگىز "شەبىھە"③ باغلاپ، ئۈستىگە بىر نەچچە باتۇر - پەھلىۋانلارچىقىپ، شەھەر ئىچىگە ئوق ئېتىپ، كاپىرلارنى باش چىقارغىلى قويمىدى. مۇشۇ ھالەتتە ئۇرۇمچىدىكى سودالويە، داۋۇتخەلپەلەردىن كىشى كېلىپ: "ئۇرۇمچىنىڭ سەھرالىرىدىكى مانجۇلارنى قوغلاپ شەھەرگە قامىدۇق، بىزگە مەدەت ۋە ياردەم بېرىپ، خوجىلاردىن بىر كىشىنى باشلىق قىلىپ، لەشكەر ئېۋەتىلسە" دىگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. خوجا ئىسھاق خوجام بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال باھائىددىن خوجامنى بىر مىڭ لەشكەر بىلەن، مەسۇمخان خوجامغا، ۋاھىت خەلپە، زاھىتخەلپەلەرنى قوشۇپ، ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن، توڭگان مانۇرخەلپە، ئېلى خەلپەلەرگە توپ - زەمبىرەك، ئوق - دورىلار بېرىپ، بىر مىڭ توڭگان لەشكەر بىلەن، رەھمەت باتۇر، ھەجى باقى خەلپەلەرنى بىر مىڭ لەشكەر بىلەن ئۇرۇمچىگە يولغا سالدى. بۇلار يېتىپ بېرىپ ئۇرۇمچىنى پەتھ قىلدى. بۇ جەرياندا ئوتتۇز مىڭدىن كۆپرەك كاپىر يوقۇتۇلدى. ئۇ يەردىن مېڭىپ، ئون ئالتە مىڭ كاپىرنى يوقۇتۇپ، جىمسارنى ئالدى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ "گۇچۇڭزى"④ غا باردى. گۇچۇڭزى ناھايىتى چوڭ - كاتتا شەھەر بولۇپ، كاپىرلارمۇ تولا ئىكەن. "گۇچۇڭزى" دىگەن خەنزۇ زاۋانىدا "ئىت قۇرۇتى"، يەنى ھىساۋى يوق، دىگەن بولىدىكەن. سەھرا - قىشلاقلىرىمۇ كەڭرى بولۇپ، ھەممىسىدە خەنزۇلار بار ئىكەن. ئۆيلۈك ھىساۋىدا تەخمىنەن ئىككى لەك⑤ ئۆيلۈكتىن كەم ئەمەس ئىدى، دىيىشىدۇ. ھەممىسىنى يوق قىلدى. ئەمما يىراق تاغ باغرىغا ئورۇنلىشىۋالغانلىرى قۇتۇلۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەردىن يۈرۈپ، سەنتەيگە باردى. بۇ يەردە ئونبەش مىڭدىن كۆپرەك كاپىرلار ھالاك بولدى. بۇ يەردىن فۇكاڭغا باردى. ئون ئىككى مىڭ كاپىرنى يوق قىلدى. ئۇ يەردىن يۈرۈپ جەبەكوغا بېرىپ، ئوتتۇز مىڭچە كاپىرنى نابۇت قىلدى. ئاندىن قارا

① داخىل بولدى — كىردى، كىرىپ كەتتى.
② پەتھ بولمىدى — قولغا كىرگۈزۈلمىدى، بوي سۇندۇرۇلمىدى.
③ شەبىھە — سېپىلنىڭ تېشىدا تۇرۇپ، ئىچىگە ئوق ئېتىش ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان ئېگىز لاپاس.
④ گۇچۇڭزى — ھازىرقى گۇچىڭ ياكى چىتەينى دىمەكچى.
⑤ ئىككى لەك — ئىككى يۈز مىڭ

باسونغا يېتىپ بېرىپ، ئونبەش مىڭچە كاپىرنى هالاك قىلدى. شۇ يەردىن يۈرۈپ ماناسقا باردى. ئاتمىش مىڭ كاپىرنى يوق قىلدى. بۇ يەردىن مېڭىپ، جىڭغا يېتىپ بېرىپ، قىرىق مىڭ كاپىرنى يوق قىلدى. جىڭدا قاتتىق جەڭ بولغان بولسىمۇ، كەرەملىك تەڭرىم غالىبە ئاتا قىلدى. خەلىپىلەر، ئەسكەر باشلىقلىرى ئولجا - غەنىمەتلەرگە تويۇپ - تولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇرپانغا قايتىپ كەلدى. بۇ شەھەرلەرنى ئىككى ئاي ئىچىدە قولغا كىرگۈزۈپ، بىر تەرەپ قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسى ۋەيران ھۇۋقۇشقا ماكان بولدى.

شۇ كۈنلەردە ئابىدىن خوجامنى باش قىلىپ، لوكچۈننىڭ ھەسەن قاسىم باتۇر، تۇڭگان خۇ خەلىپە، كۈچارلىق توختى مەھەممەت خەلىپە، شاھيارلىق موللا ئوسمان شەيخ باتۇر، ئىدرىس خەلىپە، موللا يولداش مىرزا، ئاقسۇلۇق ئوشۇر خەلىپە، ھىدايىتۇللا خەلىپە، مۇسا مىڭ بېگى، قەشقەرلىق قۇربان خەلىپە، مۇسا خەلىپىلەرنىڭ بەزىلىرىنى يەتتە - سەككىز يۈزدىن، بەزىلىرىنى مىڭدىن ئادەمگە باش قىلىپ، مورى تەرەپكە چوڭ يول بىلەن يولغا سالدى. بەش مەنزىل يول يۈرۈپ "چىقتىم" دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، چوڭ يولنى تاشلاپ، سول تەرەپ تاغ ئارىسى بىلەن يۈرۈپ، داۋاندىن ئېشىپ، "تاز بۇلاق" دېگەن يەرگە يېتىپ باردى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ "يى سەنگا جىڭزى" دېگەن يەردىكى مانجۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئونمىڭچە كاپىرنى نابۇت قىلدى. ئۇ يەردىن يى باجىڭزىغا يېتىپ بېرىپ، ئون ئىككى مىڭچە كاپىرنى هالاك قىلدى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ، "تاللىق" دېگەن يەر بىلەن مورىغا يېتىپ باردى. مورىنىڭ سېپىلى يوق شەھەر بولۇپ، ئەتراپىدىكى يېزىلىرى ناھايىتى كاتتا ئىدى. مانجۇلار ھېساپسىز دېگۈدەك كۆپ ئىكەن. ئۇرغۇن جەڭلەر بولۇپ، كۆپچىلىكى هالاك بولدى. ئازراقلىرى مۇسۇلمان بولۇپ، جېنىنى قۇتقۇزۇپ ئامان قالدى. مورىدىن يۈرۈپ دوڭكىچىن شەھەرگە يېتىپ باردى. ناھايىتى كۆپ جەڭ - مۇجادىلەر بولۇپ، قىرىق - ئەللىك مىڭ كاپىر ئۆلدى. ئەمما شەھەر پەتھ بولمىدى. ئاقىۋەت مانجۇلار غالىپ كەلدى. ئىسلام لەشكەرلىرى سوغاقنىڭ قاتتىقلىقىدىن قىينىلىپ، بەرداشلىق بېرەلمەي تۇرپانغا يېنىپ كەلدى.

بۇ چاغدا تۇرپان شەھىرىمۇ پەتھ بولمىغان ئىدى. بۇ ئارىلىقتا نۇرغۇن ۋەقەلەر يۈز بەردى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ بىرى شۇكى، سۇ خەلپە دېگەن بۇ گۆردە قالغان ئىدى. كېيىن كېلىپ، تۇرپاننىڭ پەتھ بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئېيتتىكى: "تۇرپان شەھىرىنى قولغا كىرگۈزمىگۈنچە ھېچ نەرسە يېمەيمەن" دەپ ۋەدە قەسەملەر قىلىپ، ئادەملىرى بىلەن شەھەرگە قاراپ ئات سالدى، مانجۇلارنى قوغلاپ، ئارىلىشىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. كاپىرلارنىڭ باشلىرىنى كېسىپ، تاشنى ئاتقاندەك سېپىلدىن ئاتىلدۇرۇپ شەھەرنىڭ سىرتىغا ئاتاتتى. ئاقىۋەت ئەجەل ئوقى كېلىپ تەگدى. كاپىرلار قورشاپ ئېلىپ، ئۆلتۈرۈپ كېيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ ئاقتۇردى. يانچۇقىدىن موھۇرى (تامغۇسى) چىقتى. مۇنى كۆرۈپ، كاپىرلار چوڭ باشلىق ئىكەن دەپ كاپىرلار ئوت قالاپ كاۋاپ قىلىپ بىر لوقمىدىن يېدى.

تۇرپاننىڭ شەھەر ئىچىگە قامىلىۋالغان كاپىرلار ئامباردىكى ئاشلىقلارنى باھاردا پۇقرالارغا ئۆتنە بەرگەن ئىدى شۇڭا ئاشلىقى تۈگەپ، ئاچارچىلىقتىن خا ئات، نا ئىت-ئېشەك، ھەتتا كىچىك بالا، قېرىلىرىنى يەپ ناھايىتى بىتاقەت بولدى. چۈنكى تۆرت ئايدىن بىرى شەھەر پەتھى

بولماي قامىلىپ قالغان ئىدى. بىر كۈنى ئىسھاق خوجام تۇرپان شەھىرىنىڭ بول ئېرىق①تەرىپىدىكى دەرۋازىسىنى توساپ ياتقان ئەسكەرلىرىنى ياندۇرۇپ كېلىپ: "مانجۇلار بېيجىڭ تەرىپىگە كەتسۇن، يول بېرىمىز" دەپ جاكا قىلدى.

ھەممە مانجۇلار يولغا چىقتى. ئالدى بول ئېرىققا يېتىپ بىرىشى بىلەن ئىسلام لەشكەرلىرى قوغلاپ كېلىپ چاپ-چاپ قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، تىرىك قالغانلىرىنى ئەسىر قىلىپ، لەشكەرلەرنىڭ خىزمىتىگە سالدى. شەھەر ئىچىدىكى ئوق-ياراغ، ئەسباپ-ئالەت، ھەممىسىنىڭ ئەسلىھەلىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ، مۇسۇلمانلار شات ـ خۇرام، كاپىرلار غەم بىرلە پەرىشان بولدى. شۇنداق قىلىپ تۇرپان شەھىرى ئىچىدىكى چېرىكلەر ۋە ئون توققۇز يېزىدىكى خوجا②، مەي مەي چى③ لار بولۇپ بىر يۈز ئوتتۇز - مىڭدىن كۆپرەك كاپىرلار ھالاك بولدى. مۇسۇلمانلاردىن تۆرت يۈزچە كىشى شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچىپ جەننەتكە سازاۋەر بولدى.

تۆرت ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە بۇ تەرىپى ئۇرۇمچى، ئۇ تەرىپى مورى ۋە دوڭكىچىن بولۇپ تۆرت لەكتىن كۆپرەك كاپىرلار ھالاك بولدى.

بۇ ھەرگىز مۇ مۇبالىغە ئەمەس. مۇبادا خۇشخۇيلۇق بىلەن قەلەمنىڭ تىزگىنىنى مۇبالىغە تەرىپىگە مايىل قىلىپ، بولغان ۋە ئۆتكەن ۋەقەلەرنى تەپسىلى بايان قىلسام ئوقۇغۇچى ۋە ئىشىتكۈچىگە مالاللىق يېتىپ مۇددىئا ۋە مەقسەتتىن يىراقلىشىپ قالۇرمەنمىكىن دەپ مىڭدىن يۈزىنى، يۈزدىن ئوننى، ئوندىن بىرنى ئېلىپ ـ تاللاپ، بۇ كىتاپ سەھىپىسىگە چۈشۈردۈم. گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، بۇ موغۇلىستان يۇرتىغا كۆپرىلىقنىڭ④ قاراڭغۇلىقى تەسىر قىلىپ، ھەممە قاراڭغۇ-زۇلمەت ئىچىدە قالغان ئىدى. ئىسلام شەمشىرى ۋە خەنجەرلىرىنىڭ قوياشتەك چاقنىشى بىلەن مۇسۇلمانلارغىلا قازىنىپ، رۇشەنلىككە ئىگە بولدى. ئۇلۇغ تەڭرىم مۇسۇلمانلارغا تېچلىق ۋە ئاسايىشلىق ئاتا قىلغايسەن، ئامىن.

## خوجا ئىسھاق خوجام ئىككىنچى قېتىم مورىغا لەشكەر ماڭدۇرغانلىغى ۋە مەقسىدىگە يېتەلمەي قايتىپ كەلگەنلىگى، قۇمۇلدىن ئىسىل ھەدىيەلەرنىڭ كەلگەنلىگى ھەم لوكچۇننىڭ يەنە بىر قېتىم پەتىھى بولغانلىغىنىڭ بايانى

خۇش تەبىئەتلىك يارانلار، ياخشى نىيەتلىك بۇرادەرلەرنىڭ پاك كۆڭۈللىرىگە رۇشەن ۋە ئاشكارا ئولغايكىم، ئابىدىن خوجام لەشكىرى ئىسلام بىلەن دوڭكىچىندىن يېنىپ، تۇرپانغا قايتىپ كەلدى. ئىككىنچى قېتىم باھا ئىددىن خوجامنى باش قىلىپ تۆگكان خۇ خەلپە، توختى مەھەممەت خەلپە قاتارلىق نامدار، باتۇر پەھلىۋانلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۆزىگە

① بول ئېرىق — ھازىر بولىيوق دەپ ئاتىلىدۇ.
② خوجا — يېزىدا ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەنزۇلارنى دەيدىكەن.
③ مەي مەي چى — سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەنزۇلار شۇنداق ئاتىلاتتى.
④ كۆپرىلىق — دېڭىزلىق دېگەن مەنىدە.

قاراشلىق مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر، توپ - زەمبىرەك ئوق - ياراغ ئەسلىھەلەر بىلەن جابدۇپ جەمئى ئون بەش مىڭ لەشكەرنى دوڭكىچىن غازاتىغا يولغا سالدى. باھائىددىن خوجام باشلىق ئىسلام لەشكەرلىرى نۇرغۇن يوللارنى بىسىپ، مورىغا يېتىپ كەلدى. مورىنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاقلاردىن نۇرغۇن كاپىرلار توپلۇشۇپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىككى ئوتتۇردا نۇرغۇن جەڭ - موجادىلەر بولۇپ، نۇرغۇن كاپىرلار ھەم مۇسۇلمانلار نابۇت ۋە زايا بولدى. ئاقىۋەت يەنە كاپىرلار غالىپ كەلدى، ئىسلام لەشكەرلىرى تۇرپانغا قايتىپ كەلدى.

شۇ چاغلاردا قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىقى تۈگەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سۈپۈرگە بەگ دىگەننى ئەللىك ھارۋا، يۈز تۆگە بىلەن گۇچىڭدىن ئاشلىق ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى. سۈپۈرگە بەگ يول ئۈستىدە ئىسلام لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىسلام لەشكەرلىرى سۈپۈرگە بەگنى تۇتۇپ، تۇرپانغا - ئىسھاق خوجامنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. ئىسھاق خوجام گەپ - سۆز سوراپ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن سۈپۈرگە بەگنى كۇچارغا - راشىددىن خان خوجامنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى. سۈپۈرگە بەگ قۇمۇلنى ئېلىشقا ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. راشىددىن خوجام ئىلتىپات قىلىپ، سۈپۈرگە بەگنى ئىسھاق خوجامنىڭ ئالدىغا ياندۇردى. سۈپۈرگە بەگ يېتىپ كەلگىچە قۇمۇلنىڭ ئەلەمى① بىر نەچچە كىشى بىلەن نۇرغۇن تارتۇق، سوغا - سالاملارنى ئېلىپ ئەلچى تەرىقىسىدە تۇرپانغا كەلدى. سوغا - سالاملار ئىچىدە ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك نەرسىلەر كۆپ ئىدى. جۈملىدىن جاھانگىر خوجام خەنزۇلارغا ئەسىر چۈشكەندە كەيگەن زەرتون② ھەم نەپە③بار ئىدى. زەرتوننىڭ ئىككى جەينىكى، ئىككى تىزى، كۆكسىنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە ئۇچا ( دۈمبە ) سىدە چىنىنىڭ ئاغزىدەك يەرگە ئالتۇن قۇببە④ ئورنۇتۇپ ئۇنىڭغا ئايەت پۈتۈلگەن ئىدى. ھەر بىر قۇببە قوياشتەك يالتىراپ تۇراتتى. نەپىنىڭ پۈتۈن جابدۇقلىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئىدى. زەرتون ۋە نەپىنى قۇمۇل ۋېگى تەۋەرۈك دەپ ئۆز غەزىنىسىدە ساقلىغان بولۇپ، بۇ قېتىم سوغا ئورنىدا ئەۋەتكەن ئىدى. ئىسھاق خوجام، ئەلەم ئاخۇنۇمنى ئېلىپ كەلگەن سوغاتلىرى بىلەن كۇچارغا - راشىددىن خان خوجامنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى. بۇلار بېرىپ راشىددىن خان خوجامغا مولاقات⑤بولدى. بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن راشىددىن خان خوجام قۇمۇل ۋېگىگە ئالتۇن سەللە، كىمخاپ تون، ئۆتكۈر خەنجەرلەرنى ئىنئام قىلىپ، ئەلەم ئاخۇنۇم باشلىق ئەلچىلەرگە باش - ئاياغ، كىيىم - كېچەك بېرىپ ياندۇردى.

سۈپۈرگە بەگ تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندە ئىسھاق خوجام موللا تۆمۈر خەلپە، توختەم باتۇر باشلىق ئون ئىككى مۇسۇلمان ئالتە تۆگىلانى قوشۇپ قۇمۇلغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. بۇلار قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ، قۇمۇل ۋاڭ بىلەن مولاقات بولدى. قۇمۇلدىكى كاپىرلارگە ھېچكىم

① ئەلەم — دىنى ئەمەل — مەنسەپنىڭ نامى.
② زەرتون — ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن قىممەت باھالىق چاپان.
③ نەپە — ئادەم تۇشۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان، ئات سۆرەيدىغان ئۈستى يېپىقلىق ھارۋا.
④ ئالتۇن قۇببە — يۇمىلاق شەكىللىك زىننەت ئۈچۈن ئورنۇتۇلغان قاپارتما نەقىش.
⑤ مولاقات — كۆرۈشۈش، ئۇچرىشىش.

تەگمىگەن ۋە دەخلى قىلمىغان ئىدى. ئەلچىلەر قۇمۇل ۋېگىغا: " كاپىرلارنى بىز لەر يوقاتساق " دىگەن تەكلىپنى بەردى. قۇمۇل ۋاڭ قوبۇل كۆردى، ئەمما ئۆزى بىلمەس بولىۋېلىپ، غەزىنىسىدىن بەش يۈز كىشىلىك چاپان ، ساۋۇت①، ئولپاق②، دوبولغا③ قاتارلىق جەڭ كىيىمى ، ئوق ـ ياراغ ئەسلىھەلەرنى چىقىرىپ بەردى. تۇرپاندىن بارغان ئەلچىلەر ئادەم يىغىپ، كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قۇمۇلنى پەتھى قىلدى.

دوڭكېچىن تەرىپىدىن ئىسلام لەشكەرلىرى ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولۇپ يېنىپ كەلگەندىن كېيىن لۈكچۈننىڭ خوجىلىرى ۋە بەگزادىلىرىدىن ئىبراھىم خان، ئابدۇۋايىت خان، ھىيىزوللا ـ خان، يولۋاسخان، شامەھرەم بەگ قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرى جەم بولۇپ مەسلىھەت قىلىشىپ، مورىغا مەخپى خەت ئېۋەتىپ بەش ـ ئالتە مىڭ مانجۇنى قىچقىرىپ كېلىپ بىر تەرەپتە توختۇتۇپ قويدى. ئاندىن ئىبراھىم خاننى " خان " قىلىپ، ئىسھاق خوجامغا قارشى دۈشمەنلىك دۈمبىغىنى چالدى ۋە خوجا زاھىت خەلپە، ۋايىت خەلپىلەرنى ئۆزلىرىگە رام قىلدي. بىر ۋاقىتنىڭ قىز نەۋرىسىنى زاھىت خەلپىگە ياتقۇق قىلدى. بۇنىڭ خوشلىقىدا زاھىت خەلپە ھەر بالا بولسا ھۆددىسى ماڭا دەپ جەڭگە تەييار بولۇپ تۇردى.

خوجا ئىسھاق خوجام تۇرپاندىن ناسىرىددىن خوجامنى باش قىلىپ، توختى مەھەممەت خەلپە، دۇئايى خەلپە، موللا ئوسمان شەيخ، بەختى مەت دوبە بېگى، سايراملىق مۇھەممەت ئېلى خەلپە، قەشقەرلىك مۇسا خەلپە، قۇربان خەلپە، ئاقسۇلۇق ھىدايەت خەلپە قاتارلىق بىر نەچچە باتۇرلارنى لەشكەرلىرى بىلەن لوكچۇنلۇككە قارشى جەڭگە ئېۋەتتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى نامايەن قىلىپ ئۇرۇشتى. نۇرغۇن ئادەم زايە بولدى. ئاخىرىدا ئىسھاق خوجامنىڭ لەشكەرلىرى چىداش بېرەلمەي، نائىلاج تۇرپانغا قېچىپ كەلدى.

لۈكچۈنلۈكنىڭ غەرىزى بولسا، ئىسھاق خوجىنى يېڭىپ تۇتۇۋالساق، يۇرتىمىزنى ئۆزىمىز سورىساق ، مۇبادا ئىچكىرىدىن خىتاي چېرىكلىرى چىقىپ قالسا، خوجىلارنى شۇلارغا تارتۇق ـ پىشكەش قىلىپ خىزمەت تاپساق دىگەن يامان خىيال بىلەن نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. يەنە لۈكچۈندە تۆت يۈز ئۆيلۈك تۇڭگان بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆي ـ جايلىرىغا ئوت قويۇپ، خوتۇن بالا ـ چاقىلىرىنىمۇ قويماي ئۆلتۈردى.

ئۇرۇمچىدىكى سۇدا لويە، داۋۇت خەلپىلەر بۇ ھادىسىلەرنى ئاڭلاپ، غەزەپ ۋە غەيرەتلىرى جۇش ئۇرۇپ ئۈچ مىڭ تۇڭگانني ياردەمگە ئېۋەتتى.

بۇ كۈنلەردە مۇشۇ سائادەتلىك زاماننىڭ پادىشاسى، ياخشى ئەخلاقنىڭ ھامىيسى بولغان ئىسھاق خوجام ئۆزلىرى باش بولۇپ لەشكەر تارتىپ ئىككىنچى قېتىم لۈكچۈنگە ئاتلاندى. ئون بەش مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن ئاۋات دىگەن مەنزىلگە كېلىپ چۈشتى.

تۇرپاننىڭ ئادەملىرى ھەر ئىككى تەرەپكە يان باسماي ئوتتۇرىدا قاراپ تۇردى. نۇرغۇن لۈكچۈن ئادەملىرى چىقىپ كېلىپ قارىمۇ ـ قارشى سەپ تۈزۈپ جەڭگە كىرىشتى. نەچچە قېتىم غالىپ ۋە مەغلۇپ بولۇشتى، ئاقىۋەت ئىسھاق خوجامنىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن غەلىبە شامىلى

① ساۋۇت — تومۇر ـ پولاتتىن ياسالغان تىغ ئۆتمەيدىغان جەڭ كىيىمى.
② ئولپاق — تۇماق، قالپاق ـ باش كىيىمى.
③ دوبولغا — پولات ياكى تومۇردىن ياسالغان تىغ ئۆتمەيدىغان باش كىيىم.

نامايان بولدى. لوكچۈنلۈكلەرنىڭ جېنىنى خەس - خەشەكدەك دەشتى - باياۋانلارغا ئۇچۇرۇۋەتتى. دۈشمەنلەر ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلدى. ۋاھىت خەلپە ئىشنىڭ ئۆزى ئويلىغىنىدەك بولماي ئەكس تەرىپىگە يۈزلەنگەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ، لۈكچۈننىڭ كاتتىلىرىدىن بىر مۇنچىسىنى تۇتۇپ باغلاپ ئېلىپ كېلىپ ئىسھاق خوجامغا كۆرۈنۈش قىلدى. ئىسھاق خوجام ۋاھىت خەلپىنىڭ گىز - نايىدىن ئۆتۈپ، ئەپۇ قەلىمىنى يۈرگۈزۈپ تون سەرپاي ئىنئام قىلدى. شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ كىرىپ نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈردى. شەھەر ۋە سەھرالارنى تاراج - پاراج قىلدى. خوجا ئىسھاق خوجام پەندى - نەسىھەت، ئەمرى - مەرۇپ قىلىپ، لەشكەرلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ - دىن توختاتتى. لوكچۈننىڭ كاتتىلىرىدىن بىر نەچچىسىنى دارغا ئاستى. يەنە بىر مۇنچىلىرى قۇمۇل، بالە كۆل تەرەپلەرگە جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. گەپنىڭ خۇلاسىسى، تۇرپان، لۈكچۈننىڭ ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولدى. لۈكچۈننىڭ ھاكىملىقىنى ھاشىر تاجى بەگكە ئىلتىپات قىلدى، تۇرپاننىڭ ھاكىملىقىنى چوڭ غازىغا مەرھەمەت قىلدى. خوجا ئىسھاق خوجام ئۆزلىرى ئەسھابۇل كەھپ ۋە باشقا ئۇلۇغ مازارلارنى زىيارەت قىلىپ، كەڭرى نەزىرلەر ئۆتكۈزۈپ، غېرىپ - مىسكىنلەرنى تويغازدى. خەتمە - قۇرئان ئوقۇتۇپ، شۈكرى - سانا بىجا كەلتۈرۈپ دۇئا ئىلتىجا بىلەن بولدى.

## سەييىت ئىسھاق خوجام پادىشا قۇمۇلغا يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكى، بەلكى بېيجىڭ تەرىپىگە يۈزلەنگەنلىكى، چوڭ ۋاڭ خان ئىستىقبالىغا چىقىپ، قۇمۇلنىڭ پەتھى قىلىنغانلىقى، پايدىسى يوق، ناتوغرا يارلىقنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مۇراجىئەت قىلغانلىقىنىڭ بايانى:

قەدىمى دوست، سەممى بۇرادەرلەرنىڭ ساپ كۆڭۈل رۇشەن خاتىرلىرىگە ئاشكارا ئول - غايكىم، تارىخى ھىجرىيەنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئىككىسى①، زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى ياخشى سائەت، قۇتلۇق ۋاقىتتا ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ ئىگىسى بول - غان سەييىت ئىسھاق خوجام، بايراق - ئەلەم، سۇناي - كاناي بىلەن غەم - ئەندىشىسىز، خۇ - شال - خورام، ئۆزى باش بولۇپ خىللانغان ئون ئالتە مىڭ لەشكەرنى ھەمرا قىلىپ قۇمۇل تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. قۇمۇلدىكى مۇسۇلمانلار، مانجۇلارنى تازىلاپ، خوجىلارنىڭ كېلىشىگە مۇنتەزىر بولۇپ تۇرغان ئىدى.

تۇرپان بىلەن قۇمۇلنىڭ ئارىلىقى ئون سەككىز مەنزىل بولۇپ، كۆپ مەنزىللەردە ئوت - چۆپ، سۇ يوق ئىدى. خوجىلار مەنزىلمۇ - مەنزىل يول يۈرۈپ، قۇمۇلغا سەككىز مەنزىل قالغاندا قۇمۇل ۋەكىلى ئېيتىدىكەن، تۆگە - ھارۋىلارغا يۈكلەنگەن نۇرغۇن چۈشكۈن - قونالغۇ② يېتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن چوڭ ۋاڭ خان ئۆزى يېتىپ كېلىپ،

① 1282 — ھىجرىيە - مىلادى 1865 ۋە 1866 - يىللىرىغا توغرى كېلىدۇ.
② چۈشكۈن — قونالغۇ — دوستلۇقنى ئىپادىلەپ، كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئېپىۋەتىلگەن ئاش - تو- زۇق، يەم - بوغۇز قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

سىيىت ئىسھاق خوجام بىلەن كۆرۈشتى . خوجامنىڭ ھەممە لەشكەرلىرىگە ئاش - تاماق ، چاي ، يەل - يەمىش بېرىپ، تويغۇزۇپ سىراپ قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەددىدىن زىيادە تارتۇق پىش - كەش ، سوغا - سالاملارنى تەقدىم قىلدى. خۇسۇسەن تۆرت يۈز يامبۇ، سەككىز مىڭ ئاختا ئات تارتۇق قىلدى . شۇنىڭدىن قالغان تارتۇق - پىشكەشلەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ .

تارتۇق - پىشكەشلەرنى تەقدىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن خوجاملارغا يول باشلىغۇچى ئادەم تەيىنلەپ قويۇپ چوڭ ۋاڭ خان ئۆزى ئالدىدا قايتىپ كەتتى . سىيىت ئىسھاق خوجام ۋەغالىپ لەشكەرلەر مەنزىلمۇ - مەنزىل يول يۈرۈپ قۇمۇل شەھرىگە يېقىن بارغاندا چوڭ ۋاڭ خان يەنە خوجامنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ ، شەھەرگە باشلاپ كەردى . كاتتا ئالى ئوردىغا چۈشۈردى ، قالغان خەلپە ، لەشكەر بېشى ، باتۇرلارغىمۇ ئۆز لايىقىدا جاي - ماكان تەيىن قىلدى . ھەممىسى ئۆز جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە سەككىز يۈز يامبۇ ، سەككىز مىڭ ئاختا ئات ، ئوق - ياراغ، ئۆي سەرەنجام قاتارلىق ھەددىدىن زىيادە سوغا - سالام ، پىشكەشلەرنى تەقدىم قىلدى . لەشكەر بېشى ، خەلپە ، باتۇرلەرگە ۋە قالغان لەشكەرلەرگىمۇ ئۆز لايىقىدا ئىنئاملارنى بەردى . ئادەتتىكى لەشكەرلەردىن ھەر تۆرت كىشىگە تۆرت كۈندە بىر قوي ، تۆرت جىڭ چاي كىيىمەي ۋە ئۆكسۇتمەي بېرىپ تۇردى . كاتتىلارغا ئەلبەتتە ئۇنىڭدىن كۆپ بەردى. ئۈچ ئاي بەلكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق ۋاقىت تۇرغان بولسىمۇ شۇ مىقتاردا بېرىپ تۇردى .

قۇمۇل ۋاڭنىڭ مەنسىپى ناھايىتى چوڭ، دۇنياسى تولاۋە نۇرغۇن ئىدى . چوڭ ۋاڭ تارتۇق قىلغان ئاتلارنى سىيىت ئىسھاق خوجام لەشكەرلەرگە ئىنئام قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن ئىدى . ئاتلارنىڭ چىشلىرىنى كۆرۈپ ياشلىرىنى ھىساپلاپ كۆرسە ، يىگىرمە ياشتىن تۆۋەن ئات يوق ئىدى . بۇنىڭ سەۋەپلىرىنى سۈرۈشتۈرسە يەرلىك خەلق : " چوڭ ۋاڭ خاننىڭ يىلقىلىرى ناھايىتى تولا ، سانىنى بىز بىلمەيمىز ، ئەمما قويلىرى ئىككى يۈز ئاتمىش قوتان بولۇپ ، ھەر قوتاندا يەتتە يۈزدىن ، بىر مىڭ ئىككى يۈزگىچە قويى بار . باش باھاردا بىر بەگ ئۈچ مىرزا ئات خەتلىگىلى بىير بەگ ئۈچ مىرزا قوي خەتلىگىلى چىقىدۇ . ئالتە ئايدا زورىغا خەتلەپ كېلىپ مەلۇم قىلىدۇ ، يايلاقنىڭ كەڭلىگى شۇ قەدەركى ، ئاخىرىغا بىر ئايدا ئاران يېتىپ بارغىلى بولىدۇ " دېيىشتى .

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق نەقلى قىلىدۇ : " ئۇرۇمچىدىكى داياڭشى ، شوياڭشى دىگەن تۇڭگانلار ، ئوتتۇز مىڭ تۇڭگان لەشكەرى بىرلە قۇمۇلغا باستۇرۇپ كېلىپ ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلغىلى قەستلىگەندە ، قۇمۇل ۋاڭ ئوتتۇز مىڭ تۇڭگان لەشگەرلىرىنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ئاختا ئات ، بىردىن يامبۇ بەرسەم ، چوڭ ئەمەلدارلىرىغا ئۆز لايىقىدا ئۇنىڭدىن جىق بەرسەم ، يۇرتنى پاراكەندە قىلمىسا ، دەپ ئەلچى چىقاردى . ئەمما تۇڭگانلار قوبول تۇتماي بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى . چوڭ ۋاڭ خاننى ئۆلتۈرۈپ شېھىت قىلدى. كۆزى كۆرگەن ، قولغا چىققان نەرسىلەرنى بۇلاپ - تالاپ، ئېلىپ، ئۇرۇمچىگە يېنىپ كەلدى.

يەنە بىر يازغۇچى مۇنداق دەپ يېزىپتۇ:" قۇمۇل ۋاڭنىڭ ئاغىچىسىنىڭ، مەرۋايىت،زۇمرەت، زەبەرجەت، لەئىلى - ياقۇت - قىممەت باھالىق تاش بىلەن تەييارلاپ ياسالغان بىر چۈمبىلى①

① چۈمبەل — ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئاياللار يۈزىنى يات كىشىلەردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن يۈزىگە تارتىدىغان پەردە.

بولۇپ، بۇ چۆمبەل كۆچارلىق ئاق موللا باي دىگەن كىشىنىڭ قولىغا چۈشكەن ئىكەن. ئاقسۇغا ئېلىپ بېرىپ مەرغىلانلىق ① مىر مەھبۇت باي دىگەن كىشىگە ئونيەتتە يامبۇغا ساتقان ئىكەن. دىمەك قۇمۇل ۋاڭنىڭ مال - دۇنياسىنىڭ كۆپلۈگىنى شۇنىڭدىن مۆلچەرلىسە بولىدۇ.

مەقسەتكە كەلسەك، يەرلىك خەلق يەنە شۇنداق دىدى: "قۇمۇلدا ئونبەشمىڭ ئۆيلۈكتىن كۆپرەك ئادەم بار، ھەممىمىز چوڭ ۋاڭ خان ئۈچۈن ئىشلەيمىز. قىش - ياز چىن مەنسەپدارلىرىغا بىر نەرسە بەرمەيمىز. قۇمۇلغا تەۋە يەرلەردىن مانجۇلار بىر كەتمەن توپا ئالسا چوڭ ۋاڭ خاننىڭ غەزىنىسىگە كۆمۈش تۆلەيدۇ. خاقان چىندىن باشقا مەنسەپدارلارغا تازىم قىلمايدۇ. چىن مەنسەپدارلىرىمۇ چوڭ ۋاڭ خاننىڭ ئوردىسىغا كىلىپ باش ئۇرىدۇ. ئون ئەۋلات ئۆتكەندۇ بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپتۇ، خاقان چىن بىزلەرنى يارلىق بىلەن چوڭ ۋاڭ خانغا بېرىۋەتكەن ئىكەن شۇندىن بېرى قۇلدەك ئىشلىتىدۇ.

چوڭ ۋاڭ خان، خاقان چىنغا، ھەر يىلى ئۈچ يۈز ئاتمىش قوغۇن، بىر توققۇزدىن، توققۇزبىلەي تاش سوغا قىلىدۇ. بۇنىڭغا دۇرغۇن ئىنئام ئالىدۇ. ھەر يىلى ئۆزى يەتمىش بەش يامبۇ، ئاغچىسى پۈجوڭ خېنىم ئوتتۇز ئالتە يامبۇ، نەچچە توپ تاۋار - دۇردۇن ئالىدۇ. ئۈچ يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭگە بارىدۇ. بېرىپ كەلگىچە بولغان پۈتۈن خىراجىتى خاقان چىننىڭ خەزىنىسىدىن بولىدۇ. ھەر قېتىم بارغاندا ئاز دىگەندىمۇ بەش يۈز يامبۇ پايدا ئېلىپ كېلىدۇ" دەپ كۆپتىن - كۆپ تەرىپ - تەۋسىپلىرىنى قىلىپ بەردى. ئەملى ئەھۋال دىگەندىن زىيادىلىگى مەلۇم بولىدۇ. خاقان چىنغا تەۋە مۇسۇلمان ۋاڭلارنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ۋېڭىدىن كاتتىسى يوق ئىدى.

گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، سېيىت ئىسھاق خوجام قۇمۇلدا تۇرغان چاغدا سانجى تۇڭگانلىرىدىن: " بىز مانجۇلار بىلەن سوقۇشۇپ، نۇرغۇن مانجۇلارنى ئۆلتۈرۈپ شەھەرنى ئالدۇق. ئەمما مانجۇلار بىزنى شەھەرگە سولاشۋالدى. بىزلەر قامىلىپ قالدۇق، ياردەم بېرىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمىز " دىگەن مەزمۇندا خەت ۋە ئەلچى كەلدى.

بالە كۆل② گە تۇرپان ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردىن قاچقان مانجۇلار قوشۇلۇپ بىرلەك③ تىن كۆپرەك مانجۇلار توپلىشىپ قالغان ئىدى. قۇمۇلدىن قېچىپ بارغان مانجۇلارنى بالە كۆلگە كىرگۈزمەي بىر مەنزىل يىراقلىقتا يىڭفاڭ④ قۇرۇپ، ئاش - ئوزۇغىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، قاراۋۇلچى تەرىقىسىدە توختۇتۇپ قويغان ئىدى. سېيىت ئىسھاق خوجام، بالە كۆلنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن خەلىپە باتۇرلارنى باش قىلىپ، ئون مىڭ لەشكەرنى بۇيرىغان ئىدى. بۇلار يېتىپ بېرىپ نەچچە قېتىم غالىپ، نەچچە قېتىم مەغلۇپ بولۇپ ئاقىۋەت شەھەرنىڭ سىرتىدا يىڭفاڭ سوقۇپ ياتقان مانجۇلارنى تارمار قىلىپ شەھەرگە قوغلاپ باردى. شەھەرنىڭ بىر تەرىپىدە قالماقلار شەھەر بىنا قىلىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ئىكەن. بالە كۆلنىڭ خەنزۇلىرى ناھايىتى باتۇر، يامان ئىكەن. نەچچە مىڭ خەنزۇ ئۇرۇشقا چىقسا ھەممىسى ئاتلىرىغا ئەنجانچە ئىگەر - جابدۇق توقۇپ چىقىدىكەن. بۇنىڭ سەۋىنى سۈرۈشتۈرسەك بۇلار قەشقەر تەرەپكە نەچچە قېتىم ئۇرۇشقا بارغان ئىكەن.

---

① مەرغىلان — سوۋېت ئۆزبېكىستانىدىكى بىر شەھەر.

② بالە كول — ئىگىزدىكى كول دىگەن بولۇپ، ھازىر بارىكول دەپ ئاتىلىدۇ.

③ لەك — ساناق سان بولۇپ، يۈز مىڭ دىگەن بولىدۇ.

④ يىڭفاڭ — خەنزۇچە سۆز بولۇپ، ئەسكەر تۇرىدىغان جاي، گازارما دىگەن بولىدۇ.

جەڭ ۋە ئۇرۇشنىڭ بازىرى قىزىپ، شەھەر پەتھى بولىدىغان كۈن، ئاسانلىق ۋە خۇشاللىق يۈز كەلتۈرىدىغان ۋاقىت، مۇرات ـ مەقسەت باغچىسىدىن گۈل ئۈزىدىغان زامان يېتىپ كېلىپ، خوجاملارنىڭ دۆلەت قوياشى تېخىمۇ يۇقۇرى ئۆرلەۋاتقان، ئىسلامنىڭ نۇرى تېخىمۇ كەڭ تارقىلىۋاتقان، لەشكەرلەر جان بېرىپ، جان ئېلىپ جىددى تىرىشچانلىق ۋە قەھرىمانلىق كۆرسىتىۋاتقان چاغدا راشىدىن خان خوجامدىن يارلىق كەلدى. يارلىقنىڭ مەزمۇنى ــ " قىرغىز ۋە قىپچاقلار قەشقەر ۋە يەركەننى بېسىۋالدى. ئۇ يەردىكى خوجالارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەلدى. نۇرغۇن لەشكەرلەر زايە بولدى. لەشكەرلەرنى ئېلىپ يېتىپ كېلىپ، دەرھال قىرغىز ـ قىپچاقلارنى ھەيدەپ چىقىرىپ، قەشقەر ۋە يەركەننى ئاجرىتىپ ئالمىساڭلار، ۋاقىت ئۆزۈرۈپ كەتسە، دۈشمەن كۈچلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ » دىگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خەۋەر لەشكەرلەر ئارىسىغا تارقالدى. ھەممىسى ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ قاياش، خوتۇن ـ بالىلىرىنى سېغىنىپ تۇرغان ھالەت بولغاچقا، لەشكەرلەرنىڭ كۆڭلى جەڭ ـ غازاتتىن سوۋۇپ، ئۆزيۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىشنىڭ ھەۋەس ـ ئارزۇسى چۈشتى. يۇرتىمىزغا بېرىپ، بالا ـ چاقىلىرىمىزنى كۆرۈپ، يەنە ئالاھىدە كېلىپ، قالغان شەھەرلەرنى پەتھى قىلساق دەپ، چوڭ ـ كىچىك خوجاملارنىڭ ئاياقلىرىغا يىقىلىپ يىغلاشتى. بۇ غالىپ، ئىنتىزاملىق لەشكەر، بىردەمدىلا پاراكەندە، چۇۋالچاق، بىسەرەمجام بولدى. خوجاملارمۇ ھەيران بولۇپ، بىر نەرسە دىيىشكە ئامالسىز قالدى.

بۇ بىۋاپا ئالەم، توختالغۇسى يوق جاھاندا ئەزەلدىن كۈندۈزگە كېچە، ياشلىققا زاۋاللىق ھەمىرا بولۇپ كەلگەن ئىدى. شۇنداق دۆلەت ۋە سائادەت يار بولۇپ خۇرسەنلىك ۋە پاراۋانلىق يۈز كەلتۈرگەن بىر پەيتتە، لەشكەرلەرغەلىبە ۋە نۇسرەت بىلەن ھىممەت ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان ھالەتتە، راشىدىن خوجامنىڭ پايدىسىز نامۇۋاپىق يارلىغى كېلىپ ئەسكى تامدا ھۇقۇش سايرىغاندەك، ئەۋۋەلى ئاخشامدا خوراز قىچقارغاندەك، جەمىيەتنى پاراكەندە قىلىپ ئىستىقبال شامىنى ئۆچۈرۈپ، دۆلەت قوياشىنى زاۋاللىقنىڭ بۇلۇتى قاپلاپ، ئالەمنى قاراڭغۇلاشتۇرۇشقا سەۋەپ بولدى.

شۇنداق قىلىپ بالە كۆلنى چالا تاشلاپ، قۇمۇلنى چوڭ ۋاڭ خانغا تاپشۇرۇپ، ئۇرۇمچى قاتارلىق شەھەرلەرنى داۋۇت خەلپە، سۇدالويەلەرگە مەرھەمەت قىلىپ، تۇرپاننى ئابىدىن خوجام، خەلپىلەرگە ئىلتىپات قىلىپ، كورلىنى پەرەخشا خوجامغا سىيۇرغال قىلىپ، بۈگۈرنى تاھىر قازى بەگكە ھاۋالە قىلىپ، تەگرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن دۆلەتنىڭ پاسىبانى باتۇر ئەزىمەت لەشكىرى ئىسلامنى يېتەكلەپ، داغدۇغا، داقا ـ دۇمباق، سۇناي ـ كارناي، نەغمە ـ ناۋا ساداسىنىڭ سۈرلۈك ھەيۋەت ۋە ھەشەمىتى بىلەن كۇچار تەۋەسىگە كىرىپ كەلدى. ئىستىقبال قىلىپ ئالدىغا چىققان ئاتا ـ بالا، قەۋمى ـ قېرىنداش، يار بورادەرلەرنىڭ ئۇچرۇشۇشى، ئەجەل شەربىتىنى ئىچىپ شېھىتلىك ماقامىغا يەتكەنلەرنىڭ، ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ يىغى ـ زارى ۋە نالە ئەپغانى، تاماشاچىلارنىڭ ھاي ـ ھۇي، غۇلغۇلە ئاۋازلىرى يەتتە قات ئاسماندىن ئۆتۈپ پەرىشتىلەر گۇرۇھىنى پاراكەندە قىلدى. مۇشۇنداق ھەيۋەت ۋە ھەشەمەت بىلەن كۇچار شەھرىگە داخىل بولۇپ ئۆي ـ ماكانلىرىگە كېلىپ، ئاتا ـ بالا، ئەھلى ئايال، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى بىلەن دەرقانتۇ بولۇپ، خۇشال ـ خۇرام بولۇشتى. ئاچىز، غېرىپ ـ غۇرۋالەرگە نەزرە ـ نۇزۇرەت، بېرىپ، ئاجىز بىچارىـ

لەرگە سىلە - رەھىمە بىجا كەلتۈرۈپ، ئۇرۇق - تۇققان، يار-بۇرادەرلىرىگە كىيىم-كېچەك، ئۈستى باش سەرۇپاي، تىللا - تەڭگە، خەرجى خاراجەت ئىنئام قىلدى.

## گۈزەل ئەخلاق، ياخشى پەزىلەتلىك ئىسھاق خوجام يەكەن ۋە قەشقەر غازاتىغا بېرىشنى قارار قىلغانلىغى، ئاتلىق غازى - ياقۇپ قوشبېگى بىلەن ئەپلىشىپ قالغانلىغى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنىڭ بايانى

مۇھەببەتلىك يارانلار، سادا قەتلىك بۇرادەرلەرنىڭ ساپ كۆڭۈللىرىگە رۇشەن ۋە ئاشكارا ئۇلغايكىم، كۇچار دارسەلتەنەتىدە راشىدىن خان خوجام ۋە ئىسھاق خوجاملار بىر - بىرىگە تارتۇق - پېشكەش، سوغا - سالاملارنى ئىنئام قىلىپ، زىيا پەت - مېھماندارچىلىقنىڭ رەسمى قائىدىلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى مەقسەت - مۇرا تلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن لەشكەرلىرىنى سەرەمجا ملاشتۇرۇپ، سەپەر ۋە جەڭ تەييارلىقلىرىنى پۇتكۈزۇپ، ياخشى كۈن، قۇتلۇق سائەتتە خۇشال-خۇرام، يەكەن ۋە قەشقەرنى قولغا كىرگۈزۈش نىيىتى بىلەن يولغا چىقتى.

تارىخى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئۈچىنچى يىلى① مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئىككىسى، پەيشەنبە كۈنى نۇرغۇن مەنزىللەرنى بېسىپ، ئاقسۇغا داخىل بولۇپ، مەخسۇس ياساپ - جابدۇپ تەييارلانغان جايغا چۈشۈپ ئورۇنلاشتى.

قۇمۇلدىن خوجا ئىسھاق خوجامنىڭ توغ - ئەلەملىرىنى ئەگىشىپ بىللە كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ تولىسى كۇچاردا تۇرۇپ قالغان ئىدى. ئۇلارغا خاس خىزمەتچى ۋە مەرەملىرى، لەشكەر باشلىقلىرى، باتۇرلىرى، كۆڭۈل يېقىنلىرىدىن بولۇپ ئۈچ مىڭدىن كۆپرەك كىشىنى ھەمرا قىلىپ كەلگەن ئىدى. چۈنكى ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرىنى ھامىدىن خوجامنىڭ ئېلىپ بېرىشىغا يارلىق چۈشۈرگەن ئىدى.

خوجا ئىسھاق خوجام ئاقسۇدا ئون كۈنچە تۇرۇپ، ئۇلۇغ مازارلارنى زىيارەت قىلىپ، ئاجىز، غېرىپ - غۇرۇۋالارغا نەزرە - نۇزۇرەتلەرنى بېرىپ ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئالغاندىن كېيىن، تۇختى مۇھەممەت خەلپە، ئىبراھىم باتۇرلارنىڭ باشچىلىغىدا ئىككى مىڭ لەشكەرنى بىر كۈن بۇرۇن ئالدىدا ماڭدۇردى. بىر كۈن كېيىن ئۆزلىرى خاس مەرەم ۋە خىزمەتچى مۇلازىملىرى بىلەن يەكەن تەرىپىگە يۈرۈش قىلدى.

قۇرال- ياراقلىرىنىڭ خىللىغى، داغدۇغا ھەيۋەتلىرى، سۆلەت ۋە شەۋكەتلىرى بۇ موغۇلىستان يۇرتلىرىدا ئۆتكەن پادىشالارغا مۇيەسسەر بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. لەئلى - جاۋاھىر بىلەن نەقىش قىلىنغان، ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن سىر بېرىلگەن، ئىككى كانايچى ئالدىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن لەئلى - ياقۇت بىلەن نەقىشلەنگەن بىر جۈپ كاناي - سۇنايچى، ئالتە ئاتلىق ناغرىچى ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە ئىككى ئاتلىق كانايچى ماڭاتتى. كاناي، سۇناي، ناغرىچىلارنىڭ

---

①تارىخى ھىجرىيە بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئۈچىنچى يىلى—مىلادى 1863 - 1864 - يىللىرىغا توغرى كېلىدۇ.

ھەممىسى ئون ئىككى ئاتلىق بولۇپ، ئون ئىككى كىشى بۇلارنىڭ ئاتلىرىنى يېتىلەپ ماڭاتتى.
ئالدىدىكى كانايچىنىڭ ئاۋازى پەسرەك چىقسا ئارقىسىدىكىسىنىڭ ئۈنگىز چىقاتتى. كاناي ـ سۇ-
ناي ئاۋازىغا قوشۇلۇپ ئېيتىلغان مۇڭلۇق مۇقام، يىغىملىق غەزەللەرنىڭ ساداسىدىن ھاسىل بولغان
نەغمىنىڭ ئاللا ـ بەركاللىسى جاھاننى قاپلاپ پەلەككە ياماشتى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاتىسىنىڭ خىزمىتىدىن باش تارتقان، ئانىسىنىڭ سۆزىگە كىرمەي گەردەن-
كەشلىك قىلغان، شوخ باشباشتاق ياش يىگىتلەردىن ئۈچ-تۆت مىڭ كىشى ئەگىشىۋالدى. بۇلار باغ
سەيلىسى، قىزىلگۈل تاماشاسىغا بارىدىغاندەك خىيال ۋە تەسەۋۋۇر بىلەن ئاتا-ئانىلىرىدىن خەۋەر
سىز، خوتۇن-بالا چاقىلىرىدىن پەرۋاسىز، مەس، بىھوش بولغاندەك ئۈچ ـ تۆت مەنزىل
يەرگىچە بىللە باردى. بەزىلىرى ئۆزىنى توختىتىپ، ھوشىنى تېپىپ قايتىپ كەتتى. بەزىلىرى
ئاتا ـ ئانىلىرى مىنىپ بارغان ئاتلارنى مىنىپ، لەشكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بىللە ماڭدى.
مۇشۇ خىل ئەھۋال بىلەن يەكەن تەۋەسىگە يېتىپ باردى.

سىيىت ئىسھاق خوجام مەنزىلمۇ ـ مەنزىل يول يۈرۈپ، يەكەنگە يېتىپ بېرىپ، ئۆز سەلتەنە-
تىگە لايىق بىر ھويلىغا چۈشۈپ ئورۇنلاشتى. ئەمما ھامىدىن خوجامدىن نام ـ نىشان، خەت ـ
خەۋەر يوق ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن جامالىدىن خوجام خان ئېرىقتا مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەت-
كەندىن كېيىن، ئاتلىق غازى يەكەننى ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا كىرگۈزۈپ، كىچىككىنە تۆرەمنى
يەكەننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەپ قويغان ئىدى. سىيىت ئىسھاق خوجامنىڭ
يەكەنگە يېتىپ بېرىشى بىلەن كىچىككىنە تۆرەمنى تۇڭگانلار شەھەرگە ئېلىپ
كىرىپ، تاشقىرى چىقارماي، ئۆزلىرىگە ھەمرا قىلىۋالدى. يەكەننىڭ
بىر تەرىپىگە خوجاملار، بىر تەرىپىگە تۇڭگانلار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇردى.

خوجا ئىسھاق خوجامنىڭ يەكەنگە يېتىپ بارغانلىقىنى قۇشبېگى① قەشقەردە ئاڭلاپ، ئۆزى-
نىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتىگە كېلىپ، نۇرغۇن لەشكەرلەرنى باشلاپ، مارال-
ۋېشىغا باردى. بىر ئات چاپماقلىق بىلەن مارالۋېشىنى قولغا كىرگۈزۈپ، يەكەنگە يۈزلەندى. يە-
كەنگە يېتىپ بېرىپ، ھەپتى مۇھەممەدان بۇزرۇكۋار② غا چىدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكىپ ئورۇن-
لاشتى. قۇشبېگى شەھەرنىڭ تېشىدا، ئىسھاق خوجام يەكەن كونا شەھەرنىڭ ئىچىدە، كىچىككىنە
تۆرەم ۋە تۇڭگانلار يەكەن يېڭىشەھەرنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە كۈنگىچە جەڭ ـ مۇجادىلە قىلىشماي
بىر ـ بىرلىرىگە قاراپ ۋە ماراپ، تىپ ـ تىنچ ياتتى. ئاقىۋەت ئىسھاق خوجام بىلەن تۇڭگانلار
مەسلىھەت قىلىشىپ، قۇشبېگى بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇپ، جەڭ ـ جېدەلنىڭ ئامادىلىرىنى تەييار-
لاشقا كىرىشتى. بۇ ئەھۋالدىن نىياز ئىشىكاغا بەگ ۋاقىپ بولدى. دەرھال بېرىپ، قۇشبېگىگە: "پا-
لانى كۈننىڭ كېچىسى يەتتە مىڭ تۇڭگان، ئىككى مىڭ يەرلىك لەشكەرلەر بىرلىشىپ، قوشۇنىڭىزغا
ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ئاگاھ بولۇپ تەدبىرىنى ئۆزىڭىز قىلغايسىز. مۇنىڭدىن باشقا خىزمەت
مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ»، دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. شۇ ھۇجۇم قىلىدىغان كېچىسى، قۇشبېگى

① قۇشبېگى- ياقۇپ بەگنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتور بۇ كىتابتا ياقۇپ بەگنى بەدۆلەت، ئاتلىق غازى، قۇشبېگى دەپ ئاتىغان.

② ھەپتى مۇھەممەدان بۇزرۇكۋار- مۇھەممەت ئاتلىق يەتتە كىشىنىڭ مازىرى دېگەن بولۇپ، بۇ جاي يەكەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ھازىر «ھەزرىتى پىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

لەشكەرلىرىنى ئۆتكە بۆلۈپ، تۆت تەرەپكە يوشۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى قۇرۇق قويۇپ، ھۇشيار بولۇپ تۇردى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تۇڭگانلار بىلەن ئىسھاق خوجامنىڭ لەشكەرلىرى قوشبېگىنىڭ قوشۇنىغا توپ - زەمبىرەك، ئوق - ياراق بىلەن ھۇجۇم قىلدى. قاراپ كۆرسە لەشكەرلەردىن ئەسەر يوق، چېدىر - بارگاھلار قۇرۇق تۇرىدۇ. مۇشۇنداق ھەيرانلىقتا تۇرغان پەيتتە، ئاسماندىن بالا ياققاندەك قوشبېگىنىڭ يىگىتلىرى تۆت تەرەپتىن تۇڭگانلارغا ئۆزلىرىنى ئۇردى. كۆپچىلىگىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ئالتە يۈزچە تۇڭگان سەككىز يۈزچە يەرلىك مۇسۇلمانلار جانلىرىنى قۇتقۇزۇپ ئامان قالدى. خوجا ئىسھاق خوجام، كىچىكخان تۆرەم ۋە تۇڭگانلار جەڭ ۋە مۇھاسىرىدىكە بەرداشلىق بېرەلمەي سۇلھى قىلىپ، ئەپلەشمەكتىن باشقا ئىلاجىنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلىشتى. نائىلاج سۇلھى قىلىپ، ئەپلەشمەك قارارىغا كەلدى. چۈنكى لەشكەرلەرنىڭ تولىسى زايا بولدى. تاماششا تەرىقىسىدە ئاقسۇدىن قوشۇلۇپ كەلگەنلەرمۇ زايا بولدى، تولىسى ئەسىر چۈشتى. ئاقىۋەت خوجا ئىسھاق خوجام قالغان لەشكەر ۋە لەشكەر باشلىقلىرىنى باشلاپ، قوشبېگى تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ سۇلھى تۈزۈپ ئەپلەشتى. قوشبېگى خوجا ئىسھاق خوجامغا زىيابەتلەر بېرىپ، مۇنداق نۇرغۇن گەپلەرنى ئارىغا سالدى: "ئۆزلىرى مانجۇلار بىلەن نۇرغۇن جەڭ قىلىپ غازىلىق دەرىجىسىگە مۇشەررەپ بوللا، راشىدىن خوجام ئاقسۇنى ئۆزلىرىگە بەرسۇن، سىلە سورىسىلا، مارالۋېشىنىڭ ئۇ تەرىپىنى ئۆزلىرى، مارالۋېشىنىڭ بۇ تەرىپىنى بىز سورايلى، ئىتتىپاق بولۇپ ئارىمىزدا خەت - ئەلچىلەر يۈرۈشۈپ تۇرسا، مۇبادا قايسى بىرىمىزگە بىرەر تەرەپتىن دۈشمەن پەيدا بولسا ئۆز ئارا مەدەت ۋە ياردەمدە بولساق، راشىدىن خوجام ئاقسۇنى ئۆزلىرىگە بىرىشكە ئۇنىمىسا، ئۆزۈم راشىدىن خوجا ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بارىمەن. غەلىبە - نۇسرەتنىڭ دەرۋازىسى قايسىمىزنىڭ يۈزىگە ئېچىلسا بەخت - تالىيىمىزدىن كۆرەمىز" دەپ ئۆز لايىغىدا ئالىي تون - سەرۇپاي، ئىگەر جابدۇقلىرى بىلەن ئارغىماق ئات ئىنئام قىلدى. ئىسھاق خوجامنى قوشبېگى قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۈردى. ئەسىر چۈشكەنلەرنى ئازات قىلىپ، ئات - ئۇلاق، ئوزۇق - تۈلۈك، يول خىراجىتى بېرىپ، كۇچار تەرىپىگە ئۇزۇتۇپ قويدى.

خوجا ئىسھاق خوجام يەركەندە تۇرغان چاغدا، قوشبېگى مارالۋېشىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ھېكىم خان تۆرەمنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ قويۇپ ئاندىن يەركەنگە بارغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن يەركەن تەرەپتىن، ئاقسۇ، كۇچار تەرىپىگە كېلىپ - بېرىپ تۇرىدىغان كىشى بولماي، ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، راشىدىن خوجامنىڭ يارلىغى بىلەن ھامىدىن خوجام ئۇشتۇرپان ۋە ئاقسۇ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ مارالۋېشىغا باردى. غەرەزلىرى مارالۋېشىنى ئېلىپ، ئاندىن يەكەنگە بېرىپ، ئىسھاق خوجامغا مەدەت ۋە ياردەم بەرمەكچى ئىدى. ئاقسۇ لەشكەرلىرىگە مەھەممەت شېرىپ ئۆتەڭ بېگى باش بولۇپ يولغا چىققان ئىدى. ھامىدىن خوجام يەتتە يۈز لەشكەر بىلەن ئۇشتۇرپاندىن چىقىپ مارالۋېشى تەرىپىگە ئات سالدى. چار باغ ئورتىڭى① گە ھېكىم خان تۆرەم بىر مۇنچە ئادەمنى قاراۋۇلچى قىلىپ قويغان ئىدى. ھامىدىن خوجام يېتىپ كېلىپ قاراۋۇلچىلارنىڭ بەزىلىرىنى تۇتۇپ باغلاپ ئۆلتۈردى، بەزىلىرى قېچىپ بېرىپ ھېكىم خان تۆرەمگە خەۋەر يەتكۈزدى. ھېكىم خان تۆرەم مارالۋېشىدىن نۇرغۇن لەشكەر

① چارباغ- مارالۋېشىغا تەۋە بىر يېزىنىڭ نامى

ئېلىپ كېلىپ ھامىدىن خوجام بىلەن جەڭ قىلدى. ھامىدىن خوجام مەغلۇپ بولۇپ قاچتى، لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلگىنى ئۆلدى، قالغىنى سەرسان بولۇپ پىيادە، ئاچ - يالىڭاچ، ئاۋارە ھالدا ئۆز ماكانلىرىغا قېچىپ كېلىپ، سالامەت قالغانلىقلىرىغا شۈكرى قىلىشتى. ئىسھاق خوجام قوشبېگىنىڭ قولىدىن ئىسەن - ئامان قۇتۇلۇپ چىقىپ، مەنزىلمۇ - مەنزىل يول يۈرۈپ ئاقسۇغا داخىل بولدى.

ئاقسۇدىكى خوجامالار يەركەن بىلەن قەشقەرنى بىر ئەخمەققە سېتىۋېتىپ كەپتۇ دەپ تاپا - تەنە قىلىپ خاپا بولۇشتى. ئەمما قۇمۇلدىن ئىسھاق خوجام بىلەن بىللە كەلگەن لەشكەرلەرنى كۆچاردا ئېلىپ قېلىپ، ھامىدىن خوجام ئېلىپ بارىدۇ دەپ ئاقسۇدىنمۇ لەشكەر قوشماي، ئاز لەشكەر بىلەن يولغا سالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مارالۋېشىنى قوشبېگى بېسىۋالغانلىقتىن يول ئېتىلىپ قېلىپ، مەدەت ۋە ياردەم ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىدى. ئۆزلىرىنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇنۇتۇپ قېلىپ گۇناھنى ئىسھاق خوجامغا ئارتىپ قويۇشتى. راشىدىن خان خوجام، ئىسھاق خوجامنىڭ ئارقىسىدىن بىر مىڭ بەش يۈز لەشكەرنى يولغا سالغان بولسىمۇ، يەركەنگە بارماي ئاقسۇدا تۇرۇپ قالغان ئىدى. بۇ لەشكەرلەر ئىسھاق خوجام قۇمۇل ۋە تۇرپاندىكى چاغلىرىدا خىزمىتىدە بولغان لەشكەرلەر ئىدى. ئىسھاق خوجامنىڭ كۆڭۈللىرى بىر ئاز رەنجىپ كۇچارغا قاراپ يولغا چىقىشقا تەييارلاندى. راشىدىن خان خوجام ئېۋەتكەن بىر مىڭ بەش يۈز لەشكەر ۋە ئەسلىدە كۇچار، بۈگۈر، كورلىدىن بولۇپ، ھازىر ئاقسۇدا تۇرىۋاتقان نۇرغۇن لەشكەرلەرمۇ ئىسھاق خوجام بىلەن بىرلىكتە كۇچارغا قايتىپ كېتىشكە تەييار بولدى. جامالىدىن خوجام بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئۆزلىرى ئاتلىنىپ، ئىسھاق خوجامنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتىپ باردى. ھەممە گۇناۋە كەمچىلىكلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئۆزرە ئېيتىپ ئەپۇ سورىدى. سوغا - سالام، تارتۇق - پىشكەشلەرنى ئالدىدا قويۇپ، زىياپەت بېرىپ، مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدە - رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈردى. يەنە بىر نەچچە ۋاقىت تۇرۇشنى ئىلتىماس ۋە ئىلتىجا قىلدى. يېڭىۋاشتىن ئىتتىپاق بولۇپ بىرلەشتى. جامالىدىن خوجامنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل تۇتۇپ، لەشكەرلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، تاھىرىدىن خوجام، موللاس غەزنىچى، ئابدۇۋايىت بەگ، ئەيسا بەگلەرنى پاش قىلىپ، بىر مىڭ لەشكەرنى جامالىدىن خوجامنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. جامالىدىن خوجام خۇشال ۋە مىننەتدار بولۇپ ھېلىقى لەشكەرلەرگە تون سەرۇپاي، سەللە - كۆلا، پۇل ۋە تەڭگە بېرىپ، ھەممىنى خۇرسەن قىلدى. لېكىن لەشكەرلەرنىڭ غەيرەت ۋە جەڭگىۋارلىقىغا زەخمەت يېتىپ سۇسلۇققا يۈزلەندى. دۆلەت ۋە ھاكىمىيەت ئاجىزلىشىپ زاۋاللىققا قاراپ ماڭدى.

سەييىت ئىسھاق خوجام دۆلەت ۋە ھەشەمەت بىلەن ئاتلىنىپ كۇچارغا يېتىپ باردى. ھەممىنى يوقتىن بار ئەتكۈچى، ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا بۇندىن كېيىن ئەمەلا ئىش يۈز بېرەركىن دەپ، پىكىر خىيال بىلە دۇئا ۋە تەلەپ ئىلتىجادا بولۇپ، بەش ۋاخ نامازنى ئادا قىلىپ، يېتىم - يېسىر، غېرىب - غۇرۋالارغا نەزىرە - نىيازلار بېرىپ ئۇرۇق - قىا-ياش، يار - بۇرادەرلىرىگە سەللە - سەرۇپاي، تەڭگە - تىللالار ئىنئام - ئېھسان قىلىپ، خۇرسەن ۋە مەمنۇن بولۇپ ياتتى.

# كۆچارلىق خوجاملار ئارىسىدا قارىمۇ-قارشىلىق يۈز بەرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئەھۋاللىرى مۇشۇنداق كاتتا دۆلەتكە شۈكرى قىلمىغانلىقتىن يامان ئاقىۋەتلەر يۈز بەرگەنلىكى ۋە ئاتلىق غازىنىڭ ھۆكۈمىرانلىقىنىڭ بايانى

ئىززەتلىك دوست، پاراسەتلىك بۇرادەرلەرنىڭ پاك كۆڭۈل، ئۆتكۈر خاتىرىلىرىگە رۇشەن ئۇلغايكىم، رىۋايەت قىلىنىشىچە سەييىد ئىسھاق خوجام، پۈتۈن ئالەمنى يارىتقۇچى يەككە - يېگانە تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن، يەكەندە جاناپ ئاتلىق غازى بىلەن سۇلھى - ئىتتىپاق تۈزۈپ، پۇخرا - ئاۋام خەلقىنىڭ تىنچ ئاسايىشلىقىنى كۆزلەپ، ۋەدە-قەسەملەر بىلەن ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كۇچارغا يېنىپ كېلىپ، تائەت - ئىبادەتكە مەشغۇل بولغان ئىدى. ئەمما راشىدىن خان خوجام، جامالىددىن خوجاملار "يەركەننى لىڭگىلچاققا ئوخشايدىغان بىر قارا ئەخمەققە سېتىپ كەپتۇ" دەپ تاپا - تەنە قىلىپ، ئەيىبلەشكە باشلىدى. راشىدىن خان خوجامنىڭ ئاكا - ئۇكىلىرى، جامالىددىن خوجامنىڭ ئوغلى يەھيا خوجام باشلىق، چوڭ - كىچىك خوجاملارنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرى، يا مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە، ياكى سەلتەنەت① نىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىغا مۇۋاپىق بولمىدى. خالىغانچە، ئەسكى، ناشايان ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى. ھامىددىن خوجام "نەچچە يىلدىن بېرى يەركەن، قەشقەرلەردە نەچچە قېتىم، دۈشمەنلەرگە زەربە بەردىم، نەچچە قېتىم زەربە يەپ قېچىپ كەلدىم. تولا-جاپا مۇشەققەتلەرنى تارتتىم، ئاقىيار يېزىسىنى مېنىڭ تەۋەلىكىمگە قوشۇپ بەرسە" دەپ جامالىددىن خوجامغا ئەرز قىلدى. جامالىددىن خوجام ماقۇل كۆرمىدى. ئاخىرى ھامىددىن خوجام ئۆزكۈچ، غەيرەتلىرىگە ئىشىنىپ، ئاقىيارنىڭ نۇرغۇن زېمىنلىرىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىۋالدى. ئاقسۇدىن ئاقىيارغا بارغان دورغا، مۇلازىملەرگە قاتتىق جازا بېرىپ قايتۇرۇۋەتتى. ئاقىۋەت جامالىددىن خوجام دۈشمەنلىك مەسلىھەتى، ئالدامچىلىق تەدبىرلىرىنى راسلاپ، ئۇشتۇرپانغا خەت ئەۋەتتى. مەزمۇنى: "ھامىددىن خوجام بولسا مېنىڭ ئىنىمدۇر، دەرۋەقە نۇرغۇن مېھنەت - مۇشەققەتلەرنى تارتتى. ئاقىيارنى مەن سورىسام دەپ ئەزىز قىلغاندا، ماقۇل كۆرمىگەن ئىدىم. ئويلىنىپ كۆرسەم، ياخشى ئىش بولماپتۇ، ھامىددىن خوجام ئۆزلىرى كەلسىلە، مەن بىرنەچچە كۈن تۇرغۇزۇپ زىياپەت - مېھماندارچىلىق قىلىپ، ئۆز قولۇم بىلەن ئاقىيارنى دەستۇرخانلىرىغا تەقدىم قىلسام، ئۆزلىرى خالىغانچە ئىدارە قىلسىلا، يىراق - يېقىندىكى دوست - دۈشمەنلەر ئاڭلاپ قالمىسا، بىزنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىمىز ئاشكارە بولۇپ قالسا ياخشى بولماس" دەپ، ھىيلە-مىكرى بىلەن توزاق قۇرۇپ، مۇناپىقانە سۆزلەرنى يازغان ئىدى. ھامىددىن خوجام بۇنى پۈتۈنلەي راس دەپ ئىشىنىپ، ئۆزىگە دوست چاغلاپ، مەغرۇرلۇق بىلەن ئالدىنىپ ئاقىيارنى قولغا كىرگۈزۈش تاماسىدا چىشلىرىنى بىلەپ، ئىشتاھالىرىنى راسلاپ، خاس مەھرەم، ئەمەلدار، مۇلازىملىرىنى ئېلىپ، ھەيۋەت داغدۇغا بىلەن ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى. جامالىددىن خوجام، ھامىددىن خوجامنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالدىغا ئادەم چىقىرىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئېلىپ كىرىپ، ئوردىلىرىغا چۈشۈردى. ئادەملىرى-

① سەلتەنەت - پادىشالىق.

گىمۇ ئۆز لايىغىدا چۈشكۈن جاي تەيىن قىلدى. زىيابەت - مېھماندارچىلىقلار ئۆتكەندىن كېيىن،
جامالىددىن خوجام ئۆزىنىڭ مەھرەم - مۇلازىملىرىنى قوشۇپ، "ئارام ئېلىڭلار، ئاكا - ئۇكا ھەر
قايسىمىز ھەر جايدا، ئۇزۇندىن بېرى بىر يەردە بولۇپ مۇڭدىشالمىغان ئىدۇق، ھال - ئەھۋالى-
مىزنى بىر - بىرىمىزگە ئايان قىلىپ، گەپ - سۆزلىرىمىزنى تۈگىتىپ ئاندىن ئۇخلايمىز" دەپ رۇخ-
سەت بەردى. مەھرەم-مۇلازىملار، ئاي بىلەن يۇلتۇز بىر يەردە بولغان ئوخشايدۇ دەپ خاتىرجەم،
غەم ئەندىشەسىز چىقىپ ئۇخلىدى. ئەمما، جامالىددىن خوجام ئۇنىڭچە ئادەمنى تەييارلاپ، بۆكتۈرۈپ
قويغان ئىدى. ھامىددىن خوجامنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بارغاندىن كېيىن، جامالىددىن خوجام ئۆزىنى
چەتكە ئالدى. بۆكتۈرۈپ قويغان ئادەملەر چىقىپ، ھامىددىن خوجامنى ئۇيقۇلۇقتا تۇتتى. ئادەملى-
رىنىمۇ زىيابەت ئۈستىدە تۇتۇپ، تاراج - پاراچ قىلدى. ھامىددىن خوجامنى باغلاپ، ئاتقا مىندۈرۈپ
ئۈچ مۇلازىمىنى قوشۇپ، كۇچارغا ئېلىپ ماڭدى. بىر كېچە - كۈندۈزدە، كۇچارغا يېتىپ بېرىپ، نەزەر
بەنت قىلدى. مۇسا بەگ دىگەن ئاقسۇلۇق ئادەمنى قۇمغا كۆمۈپ ئۆلتۈردى. بۇ ئەھۋالدىن قىر-
غىزلار ۋاقىپ بولۇپ، دەرھال قەشقەردىكى قوشبېگىگە يەتكۈزدى. قوشبېگى خەۋەر يەتكۈزگەن قىر-
غىزلارغا، تون - سەرۇپاي، ئات - ياراغ ئىنئام قىلىپ، ناھايىتى خۇرسەن بولدى. ئاقسۇ، كۇ-
چارنى جەڭ جىدەلسىزلا قولۇمغا كىرگۈزىدىغان بولدۇم، دەپ سۆيۈنۈپ كەتتى.

يەنە بىر ۋەقەنىمۇ ئەسلەپ ئۆتىمىزكى، مۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن ئۇچتۇرپان خەلقى يۇر-
تىمىزنى ئۆزىمىز سورايمىز، دەپ توپىلاڭ كۆتىرىپ، نۇرغۇن ئادەملەر نابۇت بولغان ئىدى، بۇ
ۋەقەنىڭ جەريانى يۇقىرىدا تەپسىلى سۆزلىنىپ ئۆتتى. شۇ چاغدا جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەلگەن-
لەرنىڭ بىر قىسمى، قەشقەرگە بېرىپ قوشبېگىگە ئەرز - ھالىنى ئېيتىپ، ھىمايىسىگە ئۆتۈپ، قوش-
بېگىگە يول باشلاپ، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ تەرەپلەرگە كېلىش ئارزۇسى بىلەن تۇرۇۋاتقان ئىدى.
يەنە بىرى، ئاقسۇدىكى جامالىددىن خوجامنىڭ خىزمىتىدە، كۇچارلىق ئابدىراخمان
دادخا، ئاقسۇلۇق ئابدۇللا دىۋان بېگى دىگەن كىشىلەر بولۇپ،
جامالىددىن خوجام مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشنى، شۇلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ قويغان ئىدى.
بۇلار، خوجامىلارنىڭ ئەھۋالىنى مۆلچەرلەپ كۆرۈپ، قوشبېگىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئۈستۈن چاغ-
لاپ، جېنىنى مۇھاپىزەت قىلىش غەرىزى بىلەن قوشبېگىنى تەكلىپ قىلىپ، مەخپى خەت ئەۋەتتى.
كۇچاردىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باش ۋەزىرى بولغان، توختى ئىشىكئاغا بەگمۇ يۇرتنى ئېلىپ
بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ، ئەرزە ئەۋەتىپتۇ. بۇ خەت - ئەرزىلەرنى، بىر - بىرلەپ كۆرۈپ،
قوشبېگىنىڭ غەيرەت تومۇرلىرى قاينىغىلى، مەملىكەتلەرنى بېسىۋېلىش تەمەلىرى مەۋج ئۇرغىلى
تۇردى. ئەسلىدە بۇ خوجامىلار، كۇچاردىكى مەۋلا، ئەرشىددىن ۋەلىيۇللانىڭ مازىرىنىڭ شەيخلىق
دەرىجىسىنى، ئۆزىگە پەخرى ئابرۇي بىلىپ، شۇ مازارنىڭ دائىرىسىگە پېتىپ، سىغىنىپ كەلگەن
ئىدى. ئەمدىلىكتە، بۇ يەتتە شەھەر بەلكى، پۈتۈن مۇغۇلىستان ئۆلكىسىگە سىغىشمىدى، يېقىنلىق
ۋە ئىتتىپاقلىقلىرى، كېلىشەلمەسلىك، ئىتتىپاقسىزلىق، زىددىيەتكە ئايلاندى. ئىتتى-
پاقسىزلىق، كېلىشەلمەسلىكلەر بارغانسېرى ئاداۋەت، خۇسۇمەت، دۈشمەنلىككە يۈز تۇت-
تى. سەرەنجانلىق، بىسەرەنجانلىققا ئۆزگەردى. بۇ كاتتا دۆلەتنىڭ قەدرى - قىممىتىنى بىلمىدى،
شۈكرى قىلمىدى، مەغرۇرلۇق قىلدى. يەتتە شەھەرنى بىكاردىن - بىكار، بىر ئەنجانلىقنىڭ قولى-
غا تاپشۇرۇپ قويدى. بۇنىڭغا ئەپسۇس، مىڭ، يۈز مىڭ ئەپسۇس. مازارنىڭ ۋەخپى يەرلىرىدىن

چىققان مەھسۇلاتلارغا قانائەت قىلىپ، دېخانلارنىڭ ئۇشرە - سەدىقە بېرىشىگە تەلمۈرگەن، مازارنىڭ ھوجرىلىرىدا، بورىنىڭ ئۈستىدە يېتىپ - قوپۇپ، تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۆزگەن، كىشىلەر بەرگەن بىر چۆپ نان، بىر تاۋاق گۆلە - قاقىغا خۇش بولغان خوجاملار، ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە رىزقى ئاتا قىلغۇچى تەڭرىنىڭ مەرھەمەت - ئىلتىپاتى بىلەن بىر دەمدىلا پادىشالىق تەختىگە چىقىپ، ھۆكۈمرانلىق تاجىنى باشلىرىغا كىيدى. ئۆمرى ئىچىدە، يەتتە پۇشت، ئاتا ئەجدادى ئارىسىدا، بەلكى بۇ مۇغۇلىستاندا ھېچ قانداق ئادەمزاتقا، بۇنداق دۇنيانىڭ دولىتى مۇيەسسەر بولمىغان ئىدى. خوجاملارنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەن ناشتىلىقىغا تۆرلۈك - تۆرلۈك ھالۋا، يېمىش، قەن - قەندالات، قىسما - قىسما شىنە - شەرۋەت، پاقلان گۆشىدە ئەتكەن كاۋاپ، سامسا، پەرمۇدا، مىزىلىك تاماق، خىلمۇ - خىل ناز - نېمەت، يېمەك - ئىچمەكلەر ئالدىلىرىغا كېلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى ئەھۋالنى ئۇنۇتتى. ئۆز كۈچ - قۇۋۋىتىمىز بىلەن ئىسلام ئېچىپ، پادىشالىقنى تاپتۇق دەپ ئويلاپ، ئەتراپىدىكى پادىشالار بىلەن ياخشى خوپ بولۇپ، ئەپلىشىپ ئۆتمىدى. ئۇلارغا تەڭ - باراۋەر مۇئامىلە قىلمىدى. كۆزىگە ئىلمىدى. خوجا ھاپىز شىرازى ① نىڭ مۇنۇ شېئىرىغا ئەمەل قىلمىدى:

ئاسايىشى دۇگىتى تەپسىرى ئىن دۇھەر پەست،
با دوستان مورۇۋۋەت، با دۇشمىنان مادارا. ②

دىگەن ئومۇمى قائىدىگە ئەمەل قىلمىدى. ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلار بىر - بىرى بىلەن ئىتتىپاق بولالمىدى. بىر - بىرىگە تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلمىدى. بىر - بىرىگە مېھرى - شەپقەت قىلمىدى. دۇنيالىقتىن ھاجەتسىز بولدۇق، بىزگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ دەپ مەغرورلۇق، تەكەببۇرلۇق ناغرىسىنى چالدى. " ئىنسان ھەممە نەرسىدىن ھاجەتسىز بولغاندا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىسيانكارلىق باش كۆتۈرىدۇ. » دىگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىچە ئىنسان زاتىنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان ئىسيانكارلىق ئاشكارىلاندى:

پارچە:

ئۆزىگە سازاۋاردۇر كىبىرىيا ۋەمەنى،
كى مولكى قەدىمدۇر زاتى غېنى.
بىرىنىڭ بېشىغا تەختى تاجىنى قويۇپ،
بىرىنى تاج تەختىدىن ئېلىپ يەرگە ئۇرۇپ. ③

مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا ئاسماندىن بالا، تەگرىدىن قازا ياققاندەك، مۇشۇك ساچقاننى

① خوجا ھاپىز - 1320-1389 - يىللىرى ئىراننىڭ شىراز دىگەن يېرىدە ئۆتكەن شائىر.

② ئىككى ئالەمنىڭ خاتىرجەم ۋە خوشاللىقى « دوستۇڭغا ياخشىلىق قىل، دۈشمىنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ ئۆت » دىگەن ئىككى سۆزگە ئەمەل قىلىشتا.

③ تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنلىك - دۇنيانىڭ مەڭگۈ پادىشاسى ۋە ھەممىدىن ھاجەتسىز بولغان تەگرىنىڭ ئۆزىگە لايىق. چۈنكى، ئۇ بىرىنىڭ بېشىغا تاج كىيدۈرۈپ، تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ دولەتمەن قىلالايدۇ، بىرىنىڭ بېشىدىكى تاجىنى ئېلىۋېتىپ، تەختىدىن چۈشۈرۈپ يەرگە ئۇرالايدۇ.

ئالغاندەك، قورغوي قۇچقاچنى سوققاندەك، بىر چەبدەس، چاققان پادىشا يەنى ياقۇپبەگ ئاتـ
لىق غازىنىڭ شەرەپلىك قەدەملىرى يېتىپ كەلدى. خوجىلارنىڭ دۆلىتىنى ئۇزى بىلەن قوشۇپ
تىرى – پىرەك قىلىۋەتتى. بۇ كاج پەلەكنىڭ چاقى، قەدىمى ئادىتى بولغان، ئالدامچىلىقىنى
ئاشكارا قىلدى. ئاقىل ۋە دانا كىشىلەر بۇ پانى دۇنيانىڭ تۇرمۇشىنى، بەختى دۆلىتىنى ۋە ئۇنىڭ
زاۋال تېپىپ، يەر بىلەن يەكسان بولۇشىنى كۆزگە ئىلماي، غەم – غۇسسە، شاتلىق ۋە پاراۋانـ
لىق ئاقىۋەت يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ، دەپ بىلىشى لازىم .

روبائى:

پانى ئول تاق كىسرا ① گورى خورنەق،
بۇ ئالەمدىن ئۆچۈپ كەتتى ھاۋالەق.
ئەگەرچە ياخشىلىققا يوق ۋاپايى،
ۋەرەق ئۆزرە سوخەن باردۇر ۋاپالىق. ②

ئەسلى ۋەقەگە كەلسەك، جامالىددىن خوجام توختى خەلپەنى، بىر يۈز ئەللىك لەشكەرگە باش قىلىپ چىلدىن، يايدىن ③ قاتارلىق جايلارغا قاراۋۇلچى قىلىپ قويغان ئىدى. بىر كېچە سى قوشبېگىنىڭ يىگىت ④ لىرى كېلىپ، توختى خەلپە باشچىلىقىدىكى قاراۋۇلچىلارنى تۇتۇپ باغلاپ، قەشقەرگە ئېلىپ كېتىۋەتتى. ئەمما قاراۋۇلچىلاردىن بىرسى، ئېتىنى سۇغارغىلى كەتكەن ئىكەن، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قېچىپ بېرىپ، جامالىددىن خوجامغا خەۋەر يەتكۈزدى. قوشبېگىنىڭ يىگىتلىرى يايدىدىن چىقىپ، ساي ئېرىقتا قونۇپ، ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى. قوشبېگى خوجا نەزەر بەگ دېگەن كىشىنى ئوتتۇز توققۇز يىگىت بىلەن ئۈچتۇرپانغا ئېلىپ كېتىۋەتكەن ئىدى. بۇلار قۇرۇق ئۆزۈم يولى بىلەن ئاچا تاققا كېلىپ چۈشكەندە، يولۇچىلار ئۈچتۇرپانغا خەۋەر يەتكۈزدى. خېتىپ خوجام خوجا نەزەر بەگنىڭ ئالدىغا چۈشكۈن، قونالغۇ ⑤ چىقاردى. ھەم ئاتلىق غازىنىڭ يىگىتلىرى ئۈچتۇرپانغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن ياقۇپ خوجا ئىشان، مۇھەممەت ئىلى دادخالارنى تارتۇق – پىشكەش بىلەن ئېۋەتتى. ئەتىسى خوجا نەزەر بەگ ئادەملىرى بىلەن شەھەرنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى تۈگمەن بېشى دېگەن يەرگە كېلىپ چۈشۈپ، ئىككى ئادەمنى شەھەرگە – خېتىپ خوجامنىڭ ئالدىلىرىغا كىرگۈزۈپ مۇنداق دېدى: " ئاشلىق، قورال – ياراغ ئامبارلىرى ۋە خەزىنىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى بەرسىلە، ئۆزلىرى تەۋە مەنسەپدارلىرى بىلەن بېرىپ، جاناپ ئاتلىق غازى بىلەن كۆرۈشۈپ، دۇئا قىلىپ يانسىلا، ماڭا شۇنداق بۇيرۇق بېرىلگەن" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممىمىز شەھەردىن چىققىنىغان بولۇپ، كەچ پېشىن ۋاقتىدا شەھەرنىڭ دەر–

---

①كىسرا – ئىراندا ئۆتكەن ساسانى پادىشالىرىنىڭ ئورتاق نامى.
② كىسرادەك پادىشالارنى گور يەپ كەتتى، ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك ئايۋان – سارايلىرىمۇ يوقۇلۇپ ھاۋاغا ئۇچۇپ كەتتى. ئەسلىدە ياخشىلىققا ياخشىلىق يوق. بار دېيىلسە، قەغەزگە يېزىلغان گەپىلا بار.
③ چىلدىن، يايدىن — ئاقسۇ بىلەن مارالۋېشىنىڭ ئارىلىقىدىكى يېزىلارنىڭ نامى.
④ يىگىت — ياقۇپ بەگنىڭ لەشكەرلىرى شۇ چاغدا « يىگىت » دەپ ئاتالغان ئىكەن.
⑤ چۈشكۈن، قونالغۇ — كېلىۋاتقان لەشكەرنىڭ ئالدىغا چىقىرىلغان چېدىر – ئېچىدە، ئوت – خەشەك، شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ.

ۋازىسىغا كەلدۇق. ئىككى خوجامنى ①، موللا توختى موھتەسىپ ② ئاخۇنۇمنى، مەن كەمىنە يازغۇچىنى③، بىر مىراخور ④ نى دەرۋازىدىن چىقاردى، باشقىلارنى چىقارمىدى. شۇ چاغدا "زامان ـ زامان، ئاتلىق غازىنىڭ زامانى" دەپ جار سېلىپ، ناغرا ـ سۇناي چالغىلى تۇردى.

بىز بەش كىشى خوجا نەزەربەگنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. يىگىرمە ئاتلىق ئادەم قوشۇپ ئاقسۇغا ماڭدۇردى. يەكەندە قوناپ، ئەتىسى توشقان دەرياسىغا كەلگىنىمىزدە مۇھەممەت بابا يۈز بېشى ئۇچرىدى. بۇنىڭغىچە ئاتلىق غازى ئاقسۇغا كىرىپ، مۇھەممەت بابا يۈز بېشىنى ئۇشتۇرپانغا توقسابە ⑤ لىققە تەيىنلەپ، بۇرھانىدىن خوجامغا يارلىق ئېۋەتكەن ئىكەن. يارلىقنى بەردى. يارلىقنى ئوقۇپ كۆرۈپ، ئاتلىق غازى تۇرغان تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلىپ، ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. مۇھەممەت بابا توقسابە بولسا ئۇشتۇرپانغا قاراپ راۋان بولدى.

مەن بۇ مەرھەمەتلىك يارلىقنى كەم ـ زىيادە قىلماي تەل تۆكۈس، ۋاراق يۈزىگە يازدىم.

ئىنايەت نامە: ⑥

سەييىتلارنىڭ باش ـ پاناھى بۇرھانىدىن خوجام ئىشان ئوغلىغا!

تۆگۈمەس دۇئا، كۆپتىن ـ كۆپ سالامدىن كېيىن ئۇچۇق ـ ئاشكارا ئولغايكىم، بۇ ياخشى زاماندا ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ غەمخورلىقى بىلەن ئىسلام ئېچىش "جەننەت ـ قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدا" دىگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق، پەيغەمبىرىمىز شەرىئىتىنىڭ قىلىچىنى چېپىشنىڭ ياخشى نىيىتى بىلەن بۇ يۇرتلارغا رىزقى نېسىۋەمىز چۈشتى. گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى مۇھەررەم ئېيىنىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى ئاقسۇنىڭ پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرغان كۈنلىرىمىزدە، ئىخلاسلىرىنىڭ زىيادىلىكى، دوستلۇقلىرىنىڭ يۇقۇرىلىقىدىن ياقۇپ خوجا ئىشان، مۇھەممەت ئىلى دادىخالار ئارقىلىق ئىنتائەت ۋە بويسۇنىدىغانلىقلىرىنى ئىزھار ئەتكەن، "ئۇلۇغلىرىڭلارنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇڭلار" دىگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ، ئېۋەتكەن خەتلىرىنى ياخشى سائەتتە تاپشۇرۇپ ئېلىپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ كۆپ خۇرسەن بولدۇم. ئۆز ئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىش قائىدىسى بويىچە تۆت ئات، بىر بوقچا كىيىم ـ كېچەك، بىر كالام شىرىپ سوغا ئېۋەتكەن ئىكەنلا، ھەممىسى ساق ـ سالامەت تەگدى. بۇ يەردە جامالىدىن خوجام بەزى ئىشلاردىن ئەندىشە قىلىپ قاچقان ئىكەن. يىگىتلەر بېرىپ تۇتۇپ كەلدى، ئۆزىمۇ بۇرۇنقى قىلغان ئىشلىرىغا تۆۋە قىلدى. "بىزمۇ ئاچچىغىنى يۇتۇش، خالايىقنىڭ گۇنايىنى ئەپۇ قىلىش ساۋاپلىق" دىگەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى گۇنالىرىنى ئەپۇ قىلدۇق. ئۆز لايىقىدا كىيىم ـ كېچەك مەرھەمەت قىلدۇق. ئۆزلىرى بولسىلا بۇ ئەتراپتىكى سەييىتلەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنـ

---

① ئىككى خوجام ــ خېتىپ خوجام بىلەن بۇرھانىدىن خوجام.
② موھتەسىپ ــ دىنى ئەمەلدارنىڭ نامى.
③ مەن كەمىنە يازغۇچى ــ ئاپتور ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ.
④ مىراخور ــ ئات باقار.
⑤ توقسابە ــ ناھىيە باشلىقىغا تەڭ ئەمەل نامى.
⑥ ئىنايەت نامە: بۇيرۇق خېتى، تونۇشتۇرۇش خېتى

گەن پىشىۋاسى، نىيەتلىرى پاكىز ۋە ساپ، ئۆزلىرىگە تەۋە ھەر قانداق كىشىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلدۇق. بۇ تەرەپتىن كۆڭۈللىرىگە گۇمان كەلمىسۇن. بىز بولساق ئۆزلىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن تونىغان، بىلگەن. مۇتلەق غەم ـ ئەندىشە قىلمىسىلا. بىزنىڭ بۇ دىگەنلىرىمىزگە تەگرىم ئۆزى گۇۋا بولغاي ۋەسسالام.

1284 ـ يىلى (ھىجرى) ①

بىز شۇ كۈنى ناماز پىشىن ۋاقتى بىلەن ئاقسۇغا داخىل بولۇپ، كونا ئۆتەڭ دىگەن يەرگە چۈشتۇق. ھايال بولماي ھەمدەم باتۇر تۆپىدە تۇرۇپ نەچچە پەتنۇسلاردا قەن ـ ناۋات، قەندالات، پىستە ـ بادان، يېمىش ـ مېغىزلار بىلەن كاتتا داستىخان سالدى. ئارقىدىنلا كاتتا قازانغا دۈملەنگەن پولۇ ئاشنى، قارىنى بىلەن كۆتىرىپ كىرىپ ئالدىمىزدا ئاغزىنى ئېچىپ، ئاش تارتتى. مۇشۇ تىرىقىدە راۋۇرۇس ئۈچ كۈن زىياپەت ئۆتكۈزدى. تۆتىنچى كۈنى سارايدىن تون ـ سەرۇپاي، قەن ـ ناۋات ئېلىپ كېلىپ تارتۇق راسلاپ، مېنىپ كەلگەن ئاتلىرىمىزنى يېتىلەپ بېرىپ، ئاتىلىق غازى جاناپ ئالىلىرى بىلەن مولاقات ② قىلدۇردى. ئىككى خوجامنى خىمە خەرگاھ ③ ئىچىرە ئېلىپ كىرىپ زىياپەت قىلدى. بىزلەرنى بارگاھ ④ ئىچىرە ئولتۇرغۇزۇپ دەستورخان سېلىپ پادىشاھانە زىياپەت قىلدى ۋە ئۆز لايىقىمىزدا تون ـ سەرۇپاي، سەللە كۆلا ئىنئام قىلدى. تەكلىپ بويىچە ئاقسۇ شەھەرىنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلدۇق. پەتە قىلدىغان يەرلەرگە پەتە قىلىپ، ئۆز ئورۇنلىرىمىزغا قايتىپ كېلىپ ئارام ئالدۇق.

ئەمما مۇشۇ كۈنلەر كوچارتېخى پەتىھى بولمىغان ئىكەن. چۈنكى كوچاردىكى خوجاملار، يۈسۈپ باتۇر، ئىبراھىم باتۇر، تەلەي باتۇر، ياقۇپ باتۇر قاتارلىقلارنى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن قوشبېگىنىڭ ئالدىغا ئۇرۇشقا ئېۋەتكەن. بۇلار ياقا ئېرىقىغا يېتىپ كېلىپ يولنى توساپ، سۇنى ئۆتكەزمەي، نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلغان. قۇشتېمى، جوغا، ياقا ئېرىق دىگەن يەرلەردە قوشبېگىنىڭ نۇرغۇن يىگىتلىرىنى زايا قىلىپ، نابۇت قىلغان. باتۇرلىرىنى كۆرسىتىپ ۋاقتىنچە غەلىبە قىلغان ئىكەن. بىراق ۋاقىتسىز قىلغان باتۇرلۇقلىرى كارغا يارىمىدى.

ئاخىرىدا قوشبېگىنىڭ يىگىتلىرى غالىپ كېلىپ، كوچا لەشكەرلىرىنى قەھرى ـ غەزەپ بىلەن سىياسەتىنىڭ تېغىدىن ئۆتكۈزۈپ ھالاك قىلدى.

بۇنىڭدىن بىر ئاز ئىلگىرى لۈكچۈنلۈكلەر كونا ئاداۋەت خۇسۇمەتلىرىنى يىغىشلاپ، ئۈرۈمچى تۇڭگانلىرىنى ئۆزىگە رام قىلىپ، ئابىدىن خوجام باشلىق كۇچار لەشكەرلىرىنى تۇرپاندىن ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. تۇرپاننى ئۆزلىرى سورىغاندىن تاشقىرى كۇچارتەرىپىگە يۈزلىنىپ كورلا ۋە بۈگۈرنى قولغا ئالغان ھالەتتە، ھامىدىن خوجامغا، راشىدىن خوجام ئىلتىپات قىلىپ، تۆت مىڭ لەشكەر بېرىپ تۇڭگانلارنىڭ ئالدىغا ئېۋەتكەن ئىدى.

تۇڭگانلارنى قوغلاپ، ئۆلتۈرۈپ قارا شەھەر دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرغان چاغدا راشى-

---

① 1284 ـ يىلى (ھىجرى) — مىلادى 1867 ـ 1868 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

② مولاقات — كورۈشمەك، ئۇچراشماق.

③ خىمە خەرگاھ — پادىشالىق چېدىر، خاس چېدىر.

④ بارگاھ — ئادەتتىكى چېدىر.

دىن خوجام ئاتلىق غازىنىڭ ئاقسۇنى بېسىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، هامىدىن خوجامنى قايتۇرۇپ كەلدى.
كۆپچىلىك - كۆپ ئۆزرە ئېيتىپ ناماقۇل بولۇپ، تون - سەروپاي ۋە نۇرغۇن ئىنئاملارنى بېرىپ،
قوشبېگى بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن تۆت مىڭ لەشكەر بىلەن ئاقسۇغا ماڭدۇرغان ئىدى. هامى-
دىن خوجام لەشكەرلەرنى باشلاپ، كۇچاردىن چىقىپ، بايغا كېلىپ، بىر ئوتلۇق، سۇلۇق يەرنى تې-
پىپ چۈشۈپ ئارام ئالدى. لەشكەرلەرگە: "ئىختىيار ئۆزەڭلەردە"دەپ جاكالاپ كارى بولمىدى. ۋە-
قەنى بايان قىلىپ قوشبېگىگە ئەرزە - خەت ماڭدۇردى. خەت ئېلىپ بارغان كىشى قوشبېگى بى-
لەن ياقا ئېرىقتا ئۇچراشتى. قوشبېگى خەتنى كۆرگەندىن كېيىن خۇشال بولۇپ، " هامىدىن خو-
جام جاناپ ئالىلىرى دەرهال كەلسۇن، بىز يولغا قاراپ ئىنتىزاردۇرمىز. " دەپ، ئالدىلىرىغا
مەھرەم - خەۋەرچى ئەۋەتتى. هامىدىن خوجام يېتىپ كېلىپ قوشبېگى بىلەن كۆرۈشتى. ئۆز ئارا
بىر - بىرىنى تەبرىكلەشتى. قوشبېگى هامىدىن خوجامغا تون - سەروپاي ۋە نۇرغۇن ئىنئاملارنى
بەردى ھەم:"بىز كۇچانىڭ ئىشىنى تۈگەتكىچە قەشقەرغە بېرىپ تۇرسىلا"دەپ يولغا سالدى. ها -
مىدىن خوجام قەشقەرغە داخىل بولۇپ، تۆرىلەر قاتاردا كاتتا سورۇنلارغا قاتنىشىپ، مەئىشەت،
كىيىم - كېچەكلەردە ھەممىنىڭ ئالدىدا بولۇپ، ئاتلىق غازىنىڭ دۆلىتىدىن بەھرىمەن بو -
لۇپ تۇردى.

قوشبېگى ياقا ئېرىقتىن ئاتلىنىپ، مەنزىل يول يۈرۈپ، كۇچارغا داخىل بولدى.
بىر نەچچە يىگىتلىرى كىرىپ، راشىدىن خان خوجامنى تۇتۇپ چىقتى. قوشبېگى ئۆز لايىقىدا
تون - سەروپاي ئىلتىپات قىلىپ، هويلىسىغا كىرگۈزۈۋەتتى. راشىدىن خان خوجام ئوردىلىرىغا
كىرگەندىن كېيىن، قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئاتلىق غازىنىڭ بىر مەھرىمىنى چېپىپ ئۆلتۈردى. قولىغا
مىلتىق ئېلىپ، سىپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ: " مېنىڭ باتۇرلىرىم قەيەرگە كەتتىڭلا! بۇ قىپچاق
ئەنجانلىقنى ئۇرۇپ، ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۆلتۈرمەمسىلە!» دەپ توۋلاپ، ۋاقىراپ يۈرگەن چاغدا،
ئاتلىق غازىنىڭ ئالدىدىن كەلگەن كىشى تۇتۇپ باغلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نىمە بولغانلىقىنى
ھېچكىم كۆرمىدى، ھەم بىلمىدى. تارىخى ھىجرىيە بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن تۆت① سەپەر
ئېيىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئىدى، شۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى.

جامالىدىن خوجامنى يەركەندە يوق قىلدى. شەيخ خوجام، جالالىدىن
خوجام، پەخرىدىن خوجام ۋە باھا ئىددىن خوجاملارمۇ يوقۇتۇلدى. خېتىپ خوجام ۋە ئۇنىڭ ئوغ-
لى مەھمۇدىن خوجاملارنى قەشقەرغە ئېلىپ بېرىپ، مەھمۇت خوجا ھەزرەتنىڭ خىزمىتىگە قويىدى.
بۇلار خوجە ھەزرەتنىڭ ئاشخانىلىرىدىن تاماق يەپ ۋە خوجە ھەزرەتنىڭ تون - سەرۇپاي، كى-
يىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ، ئون بىر يىل ئۆمۈر كۆچۈردى. بېيجىڭ ئەھلى ئىككىنچى قېتىم ئاتا
يۇرتلىرىغا ئىگە بولغاندا، بولارمۇ ئاتا يۇرتلىرىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇرۇغ-قاياشلىرى بىلەن كۆرۈ-
شۈپ بىللە بولۇپ، ئۆمرىنى ئۆتكەزدى. مۇشۇ دەۋردە ئىسھاق خوجام، هامىدىن خوجام، مەھمۇدى
خوجاملار سالامەت قالدى. كۇچارلىق خوجاملار ئۈچ يىل بىر ئاي، يەنى ئوتتۇز يەتتە ئاي پادىشا-
لىق قىلدى. شەرق تەرىپى قۇمۇل، بارىكۆلغىچە، شىمال تەرىپى قالماق ئىچى يۇلدۇزغىچە، غەرىپ
تەرىپى مارالۋېشى، يەكەنغىچە، جەنۇپ تەرىپى لوپنۇر چەرچەنگىچە تەۋە بولدى. نۇرغۇن كاپىر -

① تارىخى ھىجرىيە بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن تۆت —مىلادى 1867 - 1868 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

# ئەھمىدى ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرى توغرىسىدا

ئابدىرېھىم سابىت

بۇ يىل 5- ئايدا بىر كىشى ماڭا رايونلۇق سىياسىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەن مەكتىپلىك مەخمۇت قارىم دېگەن بىر كىشىدە ئىككى پارچە قولىيازما كىتابنىڭ بارلىقىنى ئىنكاس قىلدى. مەن ئۇ كىشىنى ئىزدەپ باردىم. راس دېگەندەك ئىككى پارچە قولىيازما كىتاب بار ئىكەن. ئۇ كىشى كىتابنى ماڭا ساندۇقتىن ئېلىپ بېرىپ تۇرۇپ: „بۇ كىتاب ئاتامدىن قالغان تەۋەررۈك، قىرىق-ئەللىك يىلدىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاتام يازغان بىر مۇنچە نەزمىلەر بار. كۈچۈرۈۋالساڭلار بولىدۇ، بىراق كىتابنى بەرمەيمەن“ - دېدى. مەن ئۇ ئادەمنىڭ ئاتىسى توغرۇلۇق سورۇدۇم. ئاتىسى مەزكۇر غەزەللەرنىڭ مۇسەننىپى، شائىر ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم ئىكەن.

ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم، ئوغلى مەھمۇد قارىمنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ھىجرىيە 1325 - يىلى (مىلادى 1907 - يىلى) مەكىت ناھىيىسىگە قاراشلىق غاز كۆل گۆكشى لايلىق پاختىلىق كەنتى چېكىلىك مەھەللىسىدە خۇدا بەردى ھاجىم ئوغلى ئىگەمبەردى ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. يەتتە ياشقىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. ئاندىن ئانا تەرەپ چوڭ دادىسى پازىل ئاخۇنۇمنىڭ قولىدا ئوقۇپ، ئاز تولا بىلىم ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئاتا تەرەپ چوڭلار ھالاك بولدى. مۇندىن باشقا بىرەر نەمۇنە يادىكار، ياخشى ئىشتىن خاتىرە قالمىدى. نۇرغۇن مال - مۈلۈك، خەزىنىلەر توپلانغان بولسىمۇ، خوجىلار خاراجەت سەرپ قىلالمىدى. شۇ پېتى ئاتلىق غازىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتتى.

كۇچارلىق خوجىلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە بۇ تەتۈر پەلەك يار بەرمەي، ئەزەلدىن كونا ئادىتى بولغان ۋاپاسىزلىقىنى نامايەن قىلدى. بۇ يەتتە شەھەرنىڭ دۆلەت، ھۆكۈمرانلىقى، ئىززەت - سەلتەنىتىنى ياقۇپ بەگ ئاتلىق غازىنىڭ قولىغا تاپشۇردى.

ئەھمىدى بۇ قەلەم، خۇشال - خورام كۇچارلىق خوجىلارنىڭ قىسسە، داستانلىرىنى يېزىشتىن تىزگىنىنى قايتۇرۇپ، جاناب ئاتلىق غازىنىڭ پادىشالىق سەلتەنەتلىرىنىڭ قىسسە، داستانلىرىنىڭ چەكسىز مەيدانلىرىدا جەۋلان قىلىش ئۈچۈن ئات چاپتى. بۇ مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشى ئۈچۈن ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مەدەت - ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت زۇنۇن سىدىق

دادىسى ئىگەمبەردى ھاجىم قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، ھىتگاھ مەدرىسىدىكى ئابدىغوپۇر مەخسۇمنىڭ تەربىيىسىگە بەرگەن. 12 ياشلىق ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم ئابدىغوپۇر مەخسۇمنىڭ قولىدا بىر مەزگىل تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، ئاشۇ مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىرىدىن بىرى بولغان جامال ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ قولىدا ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىلىنى پۇختا ئىگەللىگەندىن تاشقىرى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبى ھەۋەس ۋە ئىختىدارىنى يېتىلدۈرگەن، ئۇ بىر ئەدەبى ھەۋەسكار بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان نىمشېھىت ئارمىيە داموللام بىلەن تونۇشۇپ، قويۇق بېرىش-كېلىش قىلغان.

ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم ھىجرىيە1345 - يىلى (مىلادى 1927 - يىلى) ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ، مەكىت ناھىيىسىگە قازى بولىدۇ. بىراق ئۇ قەشقەردە ئوقۇش مەزگىلىدە ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى ئىلغار دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر يولۇققانلىقتىن، ئۇ بەزى مەسىلىلەردە يەرلىك فېئودال مۇتەئەسسىپلەر بىلەن كېلىشەلمەي، ئاخىرى قازىلىقنى تاشلاپ، 1929 - يىلى يەكەنگە قايتىپ كېلىدۇ. ھەمدە ئارال قۇمباغدىكى ئابدۇلباقى ئىشانغا مۇرىد بولۇپ، ئۇ باشقۇرۇۋاتقان مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلىشقا باشلايدۇ. 1931 - يىلدىكى قۇمۇل دېخانلار ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيىلەردە قۇرۇلغان شەخسىلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى پەننى مەكتەپلەر 1933 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ ۋىلايەت، ناھىيىلەردە قۇرۇلغان مائارىپ تارماقلىرى ياكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، شۇنداقلا بىرتۇتاش رەھبەرلىككە ئىگە بولغاندىن كېيىن، بۇ مەكتەپلەر شەھەردىن يېزا - قىشلاقلارغا قاراپ كېڭىيىشكە باشلىغان ئىدى. شۇڭا ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم 1933 - يىلى ئۆز قولىدىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلىرىنى پەننى مەكتەپنىڭ قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يۇرتى مەكىتكە قايتىپ، مەكىت ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپلىقىغا ئورۇنلىشىدۇ.

شائىر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەۋاتقان مەزگىل ھوسەيىن مۇسا باي، باھاۋىدىن مۇسا باي، ھاشىت ھاجى، قاتارلىق بىر قىسىم ئىلغار قاراشتىكى بايلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى، تۈركىيە ۋە ئىچكىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت زىيالىيلىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يېڭىچە پەننى مەكتەپلەرنى قۇرۇپ مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇۋەتكەن، چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئابدۇقادىر داموللام، ئابدىخالىق ئۇيغۇرى، قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىقلار بۇ مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىلىرى بولۇپ، قارشى كۈچلەر بىلەن كەسكىن كۆرەش قىلىۋاتقان، قۇمۇل، تۇرپان دېخانلار ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىلىرىدىن خوجا نىياز ھاجى، مۇسۇل موھىتى، مەھمۇت مۇھىتى (مەھمۇت سىجاڭ) تۆمۈر ئېلى (تۆمۈر سىجاڭ) قاتارلىقلار بۇ ھەرىكەتنى قوللاپ، قىزغىن مەدەت بېرىۋاتقان بولغاچقا جاللات شىڭشىسەي بۇ مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىدىن ئانچە خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ 36 - يىللاردىكى مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم قوللىغۇچىلىرىدىن بىرى، قەشقەر دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى مەھمۇت سىجاڭنىڭ ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ بىر قىسىم بايلارنى، مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان زىيالىيلارنى ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئېلىپ تۈرمىلەرگە تاشلايدۇ. مانا

مۇشۇ مەزگىلدە شائىر ئەھمەد قازى ئاخۇنۇمنىڭ ھاياتىمۇ جىددى خەۋپ يەتكەنلىكتىن، 1937- يىلى ئۇيۇشمىدىكى خىزمىتىنى تاشلاپ يەكەن، يېڭىسار، پەيزىۋات قاتارلىق جايلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ئىككى يىل سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كۆچۈرگەندىن كېيىن، 1939- يىلى يۇرتى مەكىتكە قايتىپ بېرىپ، شەھەر ئىچىدىكى ئوسمان ھاجىمنىڭ مەدرىسىگە ئورۇنلىشىپ، بىر تەرەپتىن مۇدەررىسلىك قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، شېئىر يازىدۇ ۋە چەت تىللاردىن بىر قىسىم ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ 1941 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 34 يېشىدا بەختكە قارشى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن مەكىتتە ۋاپات بولىدۇ.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى قەشقەر ھېيتگاھ مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە باشلانغان بولۇپ، ئۇ ئۆز ھاياتىدا 3.800 مىسرادىن ئارتۇق غەزەل، مەسنەۋى، مۇخەممەس، رۇبائىيلارنى يازغان. شەيخ سەئدىنىڭ « گۈلۈستان »، « بوستان » ناملىق ئىككى كىتاۋىنى ۋە " لوقمان ھېكىمنىڭ 100 نەسىھەتى " دىگەن ئەسەرنى نەزمى شەكلىدە، مەسنەۋى ئۇسلۇبىدا بىر قۇرنى بىر مىسراغا سىغدۇرۇش ئاساسىدا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندىن باشقا، زەمەخشەرىنىڭ " ناۋابىغۇل كەلىم " دىگەن كىتاۋىنىمۇ نەزمى شەكلىدە تەرجىمە قىلغان. ئەپسۇسكى مەزكۇرنىڭ بۇ تەرجىمە ئەسەرلىرى ۋە بىر قىسىم قولىيازمىلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا كۆيدۈرۈلۈپ تاشلانغان. ساقلىنىپ قالغىنى، رەتلەنگەن ئىككى پارچە دىۋاندىن ئىبارەت بولۇپ، بىرىنىڭ ئۇزۇنلىقى 21.6 سانتى، كەڭلىكى 14 سانتى، قېلىنلىقى 3 سانتى، جەمئىي 220 بەت، ئىككىنچىسىنىڭ ئۇزۇنلىقى 19 سانتى، كەڭلىكى 12.4 سانتى، قېلىنلىقى 3 سانتى، جەمئىي 214 بەت ھەر ئىككىلىسى كۆن خۇرۇمدا مۇقاۋىلانغان.

بىرىنچى كىتابىدا « كەيدان »، « رىسالەئى رەپىئى سابابە »، « ھەدىس »، « ھەدىس مۇنتەخىبە »، « مۇفتا ھۇل ئەدەپ » ( ئابدۇنقادىر داماللامنىڭ ئەسىرى ) « قۇتبەئى ئىزھا » قاتارلىق قازان، تاشكەنت، لاھۇر مەتبەسىدە بېسىلغان ۋە قولىيازما قىلىپ كۆچۈرۈۋالغان 148 بەت ئەسەردىن باشقا، ئاپتورنىڭ « ئەجرۇمىيە » ( تىل قائىدىسى )، « قائىدە مەكتۇپ » ( خۇشخەت يېزىش قائىدىسى ) دىگەن ئىككى پارچە ئەسىرى، بىر ھىكمەت، ئالتە پارچە غەزىلى بار.

ئىككىنچى كىتابىدا زەمەخشەرىنىڭ 80 بەت چامىسىدىكى « ناۋابىغۇل كەلىم » دىگەن ئەسىرىنىڭ قولىيازمىسى بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمىسىدىن باشقا، «قول دەپتىرى» ئىسىملىك 134 بەتلىك بىر قول يازمىغا توپلانغان، مەشرەپ، ھۇۋەيدا، خوجا ھافىز قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ئارىلاش كۆچۈرۈلگەن ئەھمەدىنىڭ 19 غەزىلى 4 مۇخەممىسى بار.

دىۋانغا كىرگۈزۈلگەن خۇشخەت نۇسخىلىرى، ئۇ توغرىدىكى قائىدىلەر ۋە بەت ئارىسىغا بېرىلگەن قىستۇرما ھالەتتىكى رەڭلىك ھەرخىل گۈل سىزمىلىرىدىن قارىغاندا، ئەھمەد قازى ئاخۇمنىڭ خۇشخەت ھەم رەسىمچىلىككە ئىنتايىن قىزىقىدىغان، بۇ ساھەدە بەلگىلىك ئىقتىدار ۋە ماھارەت ئىگەللىگەن، زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى خەتتات ھەم رەسساملىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

دىۋان ئومۇمەن ئاپتورنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە، ئەدەپ - ئەخلاققا، ئىشقى - مۇھەببەتكە

بولغان تۈپكى قاراشلىرى بىلەن زامانغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ، بۇ مەزمۇنلار تاۋلانغان گۈزەل ئەدەبىي تىل، قايناق شېئىرى ھېسسىيات - خىلمۇ - خىل بەدىئىي ۋاستىلار ئارقىلىق ئوبرازلىق بىر تۈستە بايان قىلىنغان.

مەسىلەن:

كېلىڭلار ياخشى ئوغلانلار ئوقۇماق خوش سائادەتتۇر،
خۇداۋەندا نەسىپ ئەتسە ئىككى ئالەم شاراپەتتۇر.
كېچە - كۈندۈز ئەدەپ بىرلە كېلىپ مەكتەپتە ئولتۇرماق،
ئەگەر بىلسەڭ بەخت - ئىقبال سائادەتكە ئالامەتتۇر.

مانا بۇ مىسرالاردىن بىز ئاپتورنىڭ "ئوقۇش ئىنسانىنى، ياخشى پەزىلەت، خوش سائادەتكە يېتەكلەيدىغان ئۇلۇغ، خاسىيەتلىك ئەمەل ئوقۇش ئارقىلىق بەخت - ئىقبالغا ئېرىشكىلى بولىدۇ" - دەيدىغان مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى چۈشىنىپ يەتسەك، تۆۋەندىكى مىسرالاردىن بىز كىشىلىك ئەدەپ - ئەخلاقىغا زىت بولغان ناچار ئىللەتلەردىن بىرى - نەپسانىيەتچىلىكنى قاتتىق تەنقىت قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى ياخشى ئەخلاقى پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە يار قىلىشقا، ھالاللىق بىلەن ياشاشقا ئۈندىگەنلىكىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

نەپسىنىڭ رايىغا يۈرگەن ئاخىرەتتە خار ئۆلۈر،
ئول كىشىگە دىۋە مەلئۇن، ھەشىن ھەمدەم يار ئۆلۈر.

ئاپتور دىۋاندا يەنە دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ئەيىپلەپ، ئۇنى: "ھېچكىشىگە ۋاپا قىلمىغان، شۇڭا ئۇنىڭدىن شىكايەت قىلمىغان بىرمۇ كىشى يوق" - دېيىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ زامانغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن.

مەسىلەن:

ئەجەپ دۇنيا، ئەجەپ دۇنيا ۋاپايى يوق تۇرۇر بىلسەڭ،
بارى ئەلدىن جۇدا بولۇپ قەلەندەر بولمىسام بولماس.
كىشى يوقكىم بۇ ئالەمدە جاھاندىن ئاغرىماي ئۆتكەن،
مەن ھەم ئاغرىپ تۇرادۇرمەن قەلەندەر بولمىسام بولماس.
ھەممە ئۆتتى بۇ دۇنيادىن قىلىپ دەھرى شىكايەتنى،
شىكايەت قىلمىغان بارمۇ قەلەندەر بولمىسام بولماس.

مانا بۇ مىسرالار ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك رىيالنى ئەھمىيەتكە ئىگە.

دىۋاندا يەنە ئاپتورنىڭ مۇھەببەتكە بولغان ساداقىتى ۋە چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرلارمۇ ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى

يارنى سېغىنىش تۇيغۇلىرى، يار ۋىسالىغا يېتىش ھەققىدىكى ئارزۇلىرى چىن ئىنسانىي ھېسسىيات ئاساسىدا ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەپ كۆرسىتىلگەن.

مەسىلەن:

نىگارا ئاي يۈزۈڭ ئاچقىل غېرىبى ئىنتىزارىڭمەن،
غېمىڭ سەييادە ئىلكىدە چۇئاھۇيى شىكارىڭ مەن.
نى بائىستىن ساڭا يەتمەس كېچە ـ كۈندۈز مېنىڭ ئاھىم،
ئايا لەيلى ۋە دىل خۇاھىمكى مەجنۇن بى قارارىڭ مەن.

مانا بۇ مىسرالاردىن بىز يار ۋىسالىغا چەكسىز ئىنتىزار بولۇۋاتقان ئىنتايىن ساداقەتمەن، ۋاپادار بىر ئاشىقنىڭ ھەقىقىي سىماسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئاپتور مۇھەببەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلغىنىدا ئۇنى: "جاپاسىغە، ئىناسىغە يۈرەك باغرىنى نىشان قىلغاندا ئاندىن مۇرات ـ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغان ئىنتايىن قاتتىق، مۈشكۈل ئىش" ـ دەپ تونۇيدۇ. شۇڭا ئۇ بەزىبىر، مۇھەببەتنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرۈپ، خالىسا بۇ يولدىكى لەززەتتىن بەھرى ئېلىشقا ئىنتىلىدىغان، خالىسا، بىر يولىلا يۈز ئۆرۈپ ۋاپاسىزلىق قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمىلىك، ساختىپەزلىكلەرنىمۇ قاتتىق تەنقىت قىلىدۇ.

مەسىلەن:

پەلەك چەرخى مېنىڭ بەختىم لىباسىنى قارا ئەيلەپ،
يۈزۈمگە كاج غەم ئۇردى نىگارىم بىۋاپا بولغاچ

شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشلازىمكى، ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم ئەسەرلىرىدە دىنى پۇراق مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئاپتور ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەندۇر. قانداقلىكى بولمىسۇن ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم ئەسەرلىرى مەزمۇن جەھەتتىن تېرەن، راۋان، ئويناق، تىل جەھەتتىن گۈزەل ئوبرازلىق، ھېسسىيات جەھەتتىن ساپ ۋە ساغلام بولۇپ ئۇنى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى، دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ. ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم شېئىرلىرىنىڭ تېپىلىشى يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات غەزىنىسىگە قوشۇلغان مۇھىم بايلىق بولۇپ، ئۇنىڭ تەرجىمە ۋە باشقا ساھەلەردە قىلغان ئىجادى ئەمگىكىنى ئىزدەپ تېپىش ھەم ئۇنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ھەر بىر ۋىژدان ئىگىسىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم مەسئۇلىيىتىدۇر.

مەن ئەھمەد قازى ئوغلى ئاخۇنۇم مەھمۇد قارىم تەقدىم قىلغان ئىككى پارچە دىۋاندىكى «ناۋا بۇغۇل كەلىم» ـ نىڭ تەرجىمىسى ۋە «ئەجرۇمىيە» (تىل قائىدىسى) دىن باشقا، ئەھمەد قازى ئاخۇنۇمغا تەئەللۇق دەپ قارالغان بارلىق ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلىدىم. سەھۋەنلىك كۆرۈلگەن بولسا كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىپ كىتىشىنى سورايمەن.

## ئەھمەدى غەزەللىرىدىن نەمۇنىلار

× ×

كىلىڭلار ياخشى ئوغلانلار ئوقۇماق خۇش سائادەتتۇر،
خۇداۋەندا نەسىپ ئەتسە ئىككى ئالەم شاراپەتتۇر.

كىچە - كۈندۈز ئەدەپ بىرلە كىلىپ مەكتەپتە ئولتۇرماق،
ئەگەر بىلسەڭ بەخت ئىقبال - سائادەتكە ئالامەتتۇر.

گۇدەكلىك ۋاقتىدا ھەركىم ئوقۇپ ئىلمى ئەدەپ بىلسە،
قىرىغۇنچە كۆرەر ئۆمرى ھەمە ئەيشى پاراغەتتۇر.

ئەگەر ھايۋان كەبى ئويناپ يۈرۈپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزسە،
ئوتۇنچىدەك چاپا تارتىپ تۇرلۇك① قالماق پالاكەتتۇر.

يىمەك - ئىچمەك، ياتىپ، قوپماق بىلەن ئەسلا ئەدەپ بىلمەس،
نىچۈك ئادەم بولۇر ئانداغ بالا خۇي مىلك كاساپەتتۇر.

ئايا ئوغلۇم ئەگەر ئىلمى مائارىپ ئەسلىنى بىلسەڭ،
ھەمە ئىنسان بىلەن ھايۋان ئارا پەرقۇ تاپاۋەتتۇر.

كىشكىم ئىلمى يولىغا قەدەم بىسمىللاھى دەپ قويسا،
ھارامدۇر ئاتەشى دەۋزەخ،② ئاڭا جەننەت بىشارەتتۇر.

ئوقۇشنى پەرز دەپ بىلگەن كىشى خالىس ئوقۇر بولسا،
بۆشۈكتىن تا تۆشۈككە بارغىچە بۇ ئىش ۋاقتى سائەتتۇر.

ئوغۇل - قىز ئەھلى ئەۋلادىن كىشى مەكتەپكە تاپشۇرسا،
قىيامەت كۈن بۇ تۆت ئادەمگە دەۋزەختىن بارائەتتۇر.③

ھەدىسى مۇستاپادۇر بۇ جان دىل بىرلەن قۇلاق سالغىل،
ئوقۇماق جۇملە مۆمىنلەرگە پەرز ئولغان ئىبادەتتۇر.

ھاياتىڭ بارچەسىن ئەھمەد ئىلىم يولىغا سەرپ ئەتسەڭ،
بىھەمدۇللا،④ بىھەمدۇللاكى پەزلى⑤ بى نىھايەتتۇر.

× ×

غەربىي خاكسارىنى⑦ نىگارىم سورغالى كەلدى
جاراھەتلىك دىلىمنىڭ دەرت سۆزىنى كۆرگەلى كەلدى.

كۆيۈپمەن پىرقەت⑧ ئىچرە، سورمىغاي جۇز ۋەسلى تىر ياقى،⑨
زەھەرلىك ھىجىر نۇشىن⑩ قىلغانىسىن يۇرگىلى كەلدى.

كېتىپ ئەردى باشىمدىن سايىبان خىلئە تۇتەلئەت،⑪
تەرەھھۇم⑫ ئەيلەگىل دەپ يىغلىغاندىن تۇزگىلى كەلدى.

سەھەر بادى نەسىمى⑬ چەرخىمدىن كەلتۈردى بىر مۇژدە،⑭
نىگارىڭ باشىڭ ئۆزرە سايەئى كەلتۈرگىلى كەلدى.

دىلۇ-جانىم ۋە ئىمانىم ساڭا بولغايمۇ قۇربانىم،
ئەگەرچە تەندە مىڭ جانىم، نى قۇربان ئەتكىلى كەلدى.

لېۋىدىن جان بېغىشلار ئاب ھايۋانىنى⑮ ساتاي دەيمەن،
بۇ ئەھمەدغە مەسىھىم جانىمە⑯ دەم ئۇرغالى كەلدى.

× ×

ئايا مەھبۇبى دىلخۇاھىم ئۇنۇتقانلارنى ياد ئەتكىل،
مائارىپ سۇرمەسىن تارتىپ كۆرەر كۆزنى كۇشاد⑰ ئەتكىل.

ئەجەل بادى مېنى ئىلىتىپ ساۋۇرماستىن بۇرۇن يارەب،
ۋۇجۇدۇم خىرمەنىن⑱ ۋەسلىك سارىغە ئىنتىھاد⑲ ئەتكىل

قالۇرمەن چاھ بابىل⑳ دا قولۇمنى ئالمساڭ بۇلكۈن،
نەزەرئەيلەپ دىلىمنى غەيرىلەردىن ئىنپىراد㉑ ئەتكىل.

باھار ئىشقىدا گۈلزارى مەيدانى مۇھەببەتتە،
پەقىرلىق تەختىدە رويى زىمىن غەكەيقىباد㉒ ئەتكىل.

باشىم ئۆزرە سېنىڭ دەردىڭ ئادا بولماس رەقەم㉓ ئۇرسام،
تاپارغە دەردى ئىشقىڭ كۆزدە ياشىمنى مادەت ئەتكىل.

كۆڭۈل ئۈزمەك ئەجەپ مۇشكۇل پەرىيۇ بى ۋاپالاردىن،
كۆڭۈل ھەرگىز ئۈزۈلگەيمۇ ۋەلىك ئۈزمەسدە شاد ئەتكىل.

ئۇلۇپ كەتسەم غەمۇ دەردىڭ لەھەددە بولغۇسى ھەمرا،
بادامەت بىرلە ئەھمەدنىڭ پىغانىنى زىياد ئەتكىل.

× ×

تەرىقى ئىشقى ھەق ئولدۇركى مۇتلەق،
خۇدانىڭ غەيرىدۇركى بىھۇدە كۆرمەق㉔.

ئەجەپ يولدۇر بۇرادەر تاغلىرى كۆپ،
كى ھەم دەرياسىدىن قورقۇنچى بەرھەق.

كۆرۈڭ دىۋانەئىسى مەجنۇنلىرىنى،
قۇيۇندەك ئۆرتەدى گوياكى ئەبرەق ㉕

خۇداۋەندا غەرىبىڭغە كەرەم قىل،
دىلىم لەۋھى، تىلىم گوياكى يۇز شەق. ㉖

مۇھەببەت كوچاسىن قىبلە قىلىبان،
قاشىڭ مىھرا بىغە سەجدىم مۇئەللەق.

سەنەم گۇلزار ئارا گۇللەر ياراتىپ،
قىلۇر بۇلبۇللىرى دەئىۋايى ئەنەلھەق ㉗

تىسلىسىل㉘ دىن تانابى ㉙ لاماكانغا، ㉚
تەجەللى ㉛ رەشتەسى بىرلەن مۇۋەپپەق.

بۇ قەندىلى ㉜ غۇباردىغە ئاياھەي،
يارۇتغىل شەمئى مەئناشاھى ئەھزەق㉝

بىھەققى غەۋسۇلئەزەم دەستىگىرىم㉞
نەسەپ ئەتكىل جامالىڭ، قىلمە ئەھمەق،

ئەگەر گۇللەر دىلىم ئىچرە ئاچىلسا،
نەزەرگاھىڭدا بەرگىل ياخشى رەۋنەق. ㉟

ئاجايىپ راھەتى دىلدۇر نىگارىم،
كىچە ـ كۇندۇز بۇ ئەھمەدغە كۆڭۈل ھەق.

× ×

شاھلار بەزمى ئارا، مىسكىن گادالار يىغلىدى،
يىغلىماستىن ئىلگىرى كۆپ بىناۋالار يىغلىدى.

دائىما مەجنۇن بايابانلاردە لەيلىنى سوراپ،
يىغلىدي ئەمما ئاگا لەيلي نامالەر ㊱ يىغلدي.

مىسىر ئارا كۆردى يۇسۇپنى ئول زىلەيخايى غېرىپ،
كەتتى ئىدراك دەستىدىن پىرى مىڭلار (37) يىغلىدى.

جىلۋىسىغە ئورتاپ كۆيسە ھەيران ئۆلمىشىم،
بۇ مېنىڭ ھالىم كۆرۈبان زىكرىيالار (38) يىغلىدى.

گۈلئۈزارىمنىڭ پىراقىدە قارا قانلار يۇتۇپ،
تەلمۈرۈپ تۇردۇم غىمىدىن پىرجىغالار (39) يىغلىدى.

ۋاھ ئەجەپ قاتتىق كۆڭۈلدۇر دىلبىرى زالىم سۈپەت،
شىۋەسىنى (40) بىر كۆرۈپ جان ئاشنالار يىغلىدى؟

ئالدى كۆڭلۈمنىڭ قارارىنى غەمدە ئول پەرى،
تىلبە ھالىمنىڭ پىغانىغە ھاۋالار يىغلىدى.

گۈلشەنى ئىشرەت ئارا يارىمنى ئەغيار (41) ئالدىدا،
قامىتى نەقىش ئولدى كۆڭلۈمغە يارالەر يىغلىدى.

ئەھمەدا سەن يىغلىماسەن يەككە دىلدار ئالدىدا،
ھەسرەتىدە كۆپ گايۇ، شەھىنشالار (42) يىغلىدى.

× ×

نىگارا ئاي يۈزلۈك ئاچقىل غېرىبى ئىنتىزارىڭمەن،
غەمىڭ سەييادى (43) ئىلكىدە چۇ ئاھۇيى شىكارىڭمەن.

نى بائىستىن (44) ساڭا يەتمەس كېچە - كۈندۈز مېنىڭ ئاھىم،
ئايا لەيلى ۋە دىل خىۋاھىم كى مەجنۇن بىقارارىڭمەن.

سۇنۇقتۇر پەرۇ ھەم بالىم (45) ۋە چىقتى جىسمىدىن جانىم؛
قاراپ ئۇچماققا گۈلزارىم چۇ غىمزى (46) خارىزارىڭمەن.

جۇنۇن ھالىمنى گەر كۆرسە خالايىقلار قىلۇر قەھقەھ، (47)
جۇدالىقتىن بولۇپ مەجنۇن كەبى نائىتىبارىڭمەن.

ھەقىقەت بارگاھىدا ۋىسالىڭ ئارزۇ قىلغان،
زالالەت ئاشىيانىدە (48) پەقىرى خاكسارىڭمەن.

ۋۇجۇد سەھراسىدىن ئۆتمەي، جامالىڭدىن نىشان تاپماي،
تەزەررۇ (49) سەجدەگاھىدا غۇلامى (50) غەم دۇچارىڭمەن.

ئەجابەت قىل غەيۇرا، قادىرا، يا ھەيىيۇ، قەييۇما،(51)
تەزەللۇم(52)چادىرى ئىچرە بۇ ئەھمەد خار زارلىق مەن،

× ×

ئۆتتۈم دەرىخ(53)قىسسەئى باغ ئەرەم (54) ئوقۇپ،
ئۆرتەپ نەپسىنى خەتتەئى كار ئەدەم (55) ئوقۇپ.

يارىم كىلىپان نىگاھ قىلماسىدە بۇرۇن،
زۇلپىغە (56) قاراپ دەپتەر ئاھ نەدەم(57) ئوقۇپ.

بەردىم ھاۋاغە رەشتەئى ئۆمرۇم ئەتلىپىن(58)،
پەتۋايى جاھان دەپتەر رەسىم ـ رەسىم ئوقۇپ.

گۈلزار ئارا سەيرى گۈلۈستانە قىلمىشىم،
رۇخسارە بىلەن جۇشەش (59) خەلق زەم(60) ئوقۇپ.

يۈز ۋەدە قىلۇر كۆڭلۈمە ئالمەققە ئۇل پەرى ،
بىر ھەرپ ۋاپا كۆرمەم ۋە نەقشى قەلەم ئوقۇپ.

نازارە قىلۇر جۇملە ئالەم مىرادىغە،
ۋەۋەبۇگادا قالغۇسى جەبرۇ ـ ئەلەم ئوقۇپ.

ھەيھات، كۆڭۈل كىشىۋەرىغە (61) تۇن قاراسىدەك،
چۇن پەردە زۇلۇم باستى ۋە نۇرى زەلەم(62) ئوقۇپ.

بۇ دەھرى رىباط (63) ئىچرە ماتائىم زوھور (64) ئىتىپ،
باي ئوغلى كەبى ئۆتتۈم ۋەتەنگە دەرەم (65) ئوقۇپ.

ئەھمەد ھايانى بەرمە دىلىڭدىن ھوزۇرىدە،
يەتمەس شەھىغە ھىچ كىشى پەزلى ۋە ھەشەم(66) ئوقۇپ.

× ×

ئى شوخ سەتەمگەر(67) ئالىمىڭ جۇش قىيامەت،
ھەم قەدتۇئى(68) جانىم ئارا ناز مالامەت.

ھەيھات، نەزەر سالسە سەنەم ئائىنەسىغە،(69)
يۈز ئۆيرىمەك ئاندىن ئەردى ئۇل ئەينى قاباھەت،

جان قەلئەسىغە غۇلغۇلە ئىخالە خىيىتلىك،(70)
تۈشكەچ ھەمەدىن چىقتى سادا ئاھۇ نادامەت،

ھەر نەقىشى چىدەندە ياسانىپ جىلۋەگەر ئۆلىسە،
ئەلبەتتە قىلۇر رەمزە(71) ئى مەئىنىغە دالالەت.

خۇرشىد(72) جاھان قىلسە ئەگەر چەھرى كۈشاھلىق(73)،
زۇلۇمات كۆكۈل دەپئى(74)بولۇر ياخشى نازاكەت.

دەھرى ئىچرە سوراغلاپ ئىتايىن تاپمىدىم ئەمدى،
بىر ئەھلى ۋاپا بەلكى سەرئەپراز(75)ھىدايەت.

ھىچ ھال دىلىدە يوق ئېرۇر سەبرى تەھەممۇل(76)،
پەتىۋايى سورۇبان تاپمىدىم ئىشىق ئىچرە رىۋايەت.

تەقدىرى ئەزەلدە قەلەمىم بولسا يازىلغان،
ئاخىر ماڭا كىم، يەتكۈسىدۇر لوتپى كارامەت(77).

ئەلبەتتە ئۈمىت ئىلكىنى ئى ئەھمەدا مىسكىن،
ئاچقىل كى دۇئاغە قىلۇر ئول رەھمى ئىنايەت(78).

× ×

ئى سەتەمگەر ئانچە ئىشىق ئەھلىغە بىداد ئەيلىمەك،
گەرچە كەلمەس خاتىرىڭغە خەستە(79)نى شاد ئەيلىمەك.

ئاتەشىن لەئلى لەبىدىن مەي تاتار ھايۋانى ھوي،
ھۆسنىدىن دۇر ئىختىرا زۇلمىنى ئەزداد(80)ئەيلىمەك.

ۋەسلى ئەييامى(81)خىيال ئەتمەك ئېرۇر ھەر كۈن ئىشىم،
كېچىلەر ھىجران غېمىدىن ئۈن چىكىپ داد ئەيلىمەك.

لوتپى ئېتىپ ئى شوخ ۋەيران كۆڭلۈم ئىچرە مىسكىن ئەت،
رەسمىدۇر ئىلغاپ بۇزۇق مەنزىلنى ئاباد ئەيلىمەك.

ھىجرىدىن كۆزۈمگە ئالەمنى قاراڭغۇلەر قىلىپ،
ئۆمرىدىن كۆز يۇمغىنىم ئول تۈندە ئۇيقۇ ئەيلىمەك.

جان كۆڭلۈم مۇددىتى سەرگەشتە(82)دۇر كويۇڭ ئارا،
مەن كەبى زارنى بالا تاغىغە پەرھاد ئەيلىمەك.

ئەشىك سىمابى(83)مۇدۇر ھىجرىڭدە ياكۆز ئاقىنى،
ھەلې قىلىپ كۆزدىن راۋان ئول نەۋئى سەۋدا(84)ئەيلىمەك.

دامى مېھرىڭ ئىچرە خۇشتۇر پەسكە كۆڭلۈم تاھىرى،
جۆرىدۇر بۇ قۇشقەئى سەييادە ئازاد ئەيلىمەك.

ھەسرىتىدىن خەستە كۆڭلۈمنىڭ باقا (85) ئازارى بار،
نى جاپالار كۆرگۈزۈر ئۇل شوخىنى ياد ئەيلىمەك.

× ×

زەھى (86) خۇرشىدە نۇرغە بۇ جانىم ئاشنا بولغاچ،
پىرىشان دۇر جۇنۇن بازارى ئىچرە مۇپتىلا بولغاچ.

پەلەك چەرخى مىنىڭ بەختىم لىباسىنى (87) قارا ئەيلەپ،
يۈزۈمگە كاج غەم ئۇردى نىگارىم بى ۋاپا بولغاچ.

ھەمە ئەل تالىئى مەسئۇدىدىن (88) پۈزخەندە (89) شاد ئولسا،
كۆزۈمدىن خۇن ئاقار ۋەردىم رەببەنا، زەلەمنا (90) بولغاچ.

كۆڭۈل ئاھۇسىنى ئىزلەپ جۇدالىق چاھىدىن (91) تاپتىم،
قۇيۇندەك بى سەرۇ سامان (92) يۈرۈپمەن بى ناۋا بولغاچ.

غىرىپ ئاشۇپتەدۇر (93) كۆڭلۈم غۇنچىدەك ئاچىلمايىن غەمگە،
تولۇپدۇر ئەھمەدى ئىزلەر مىرادىڭ بىر خۇدا بولغاچ.

× × ×

ئى سىنىڭ ئاشىقلىرىڭنىڭ زارۇ ھەيرانى مەنەم،
ئايرىلىپ بالۇ پىرىدىن (94) يولدا قالغانى مەنەم.

گۈلشەنى باغۇ ۋىسالىڭدىن نىشانى تاپمايىن،
ئاھۇ ۋەيلا دەشتىدە چاكى گەرەيبانى (95) مەنەم.

كۆز قاراغىغا يىراقدۇرلەر جامالىڭ ئارىزى (96)
كۆڭلۈم ئىچىرە شەۋق ئەھراقىدە (97) كۆيگەنى مەنەم.

ئەندىلىبى (98) بىناۋالارنىڭ زەئىپى خەستەسى،
گۈلۈستان رەيھانىلارنىڭ شاخى سىنغانى مەنەم.

جامەئى بادى مۇھەببەتتىن ئىنايەت قىلمىساڭ،
ساقىيا ئىسيان چۆلىدە غەرق ئىسيانى مەنەم.

ئى گۈلۈستانۇ نازاكەتنىڭ نىھالى غۇنچىسى (99)
غۇنچىدەك يادىڭدە يىغلاپ قانغا تولغانى مەنەم.

گەر خىيالىڭ بولسە ئۆلتۈرمەككە فورقەتتىن مېنى،
رەھىي قىلغىن ۋەرنە دىلبەرلەرگە قۇربانى مەنەم.

دەھرى ئارا مەجنۇن سۈپەت بولسام پىراقى لەيلىدىن،
ئەيلەمەڭ مەجنۇنغە تەشبىھ (100) شەۋق يەزدانى (101) مەنەم.

شادلىغ ئايۋانىدىن كۆچمىش پىرىشان كۆڭلىمىز،
ئول پىرى شىرىن سەنەم ئىشقىدا ۋەيرانى مەنەم.

بۇ كۆڭۈل شەھبازىنى (102) ھىجرىدە ئەيلەپ بىقارار،
ۋادەرىخاغە ئىلمىنىڭ دىلپەرىشانى مەنەم.

مەنزىلى مەخسەت ئۇزاقدۇر ئەھمەدا خامۇش بول،
تۈرپە-تۈرپە (103) ئىشقى بازارىنى كۆرگەنى مەنەم.

× ×

خۇداۋەندا كەرەم ئەيلەپ ئۆزۈڭگە ئاشنا قىلغىل،
مۇھەببەتتىن دىلۇ جانىم مۇنەۋۋەر باساپا (104) قىلغىل.

ھەبىبىڭ ھۆرمىتى يارەب سىرا تەلمۇستە قىم (105) ئۆزرە.
يولۇمنى كۆرساتىپ پەزلى قەدىمىڭ رەھنما (106) قىلغىل.

ئەدەپكە ھەقىقەتدە كۆزۈمنى غەيرىدىن باغلاپ،
تەرق ئىشقى ئارا ئىككى جاھاندىن ماساۋا (107) قىلغىل.

پۈتۈپ ھەسرەت بىلەن قانغا يۈرەكلەر پارە - پار ئۆلدى،
نىگارىڭ رەھىم ئىتەر شايەد (108) دىلا ئەمدى ناۋا قىلغىل.

قۇلۇڭغە بارچە مۈشكۈلدۇر،ۋەلى (109) ئالدىڭدەدۇر ئاسان،
ۋاساۋەستىن، (110) تاشاۋەشتىن (111) زەمىرىمنى (112) جۇدا قىلغىل.

سەھەرلەردە سابا يەڭلىغ گۈلۈستاندىن ئۆتەر بولساڭ،
شىبىستانى (113) دىلىمنى سۈبھى ۋە سىلىڭدىن زىيا قىلغىل.

ماڭا ھەردەم غېرىپ كۆڭلۈم يىراقلىقتىن قىلۇر نالە،
نىچۈك يارىڭ يىراق بولغاي دىدىم ھازىر ھايا قىلغىل.

ھەجەپ ھەيرانۇ سەرگەردان يۈرەرلەر تەلمۈرۈپ ئەھمەدى،
ۋۇجۇدى قەترەسىن دەريايى ۋەھدەتدە (114) پانا قىلغىل.

× ×

ھەر كىشىكىم غەيرى ھەقنى ئىزدىسە ئاشىق ئەمەس،
ئاشىق ئۆلدۈركىم ئۆزىدىن غەيرىنى ھەرگىز دىمەس.

قەلبى ئاشىق بىر غىلاپتۇر، ئىككى نەرسە سىغمىغاي،
ئىككى نەرسە سىغسا ھەرگىز ساھىبى ئاشىق ئەمەس.

ئىشقىنىڭ ئەسلىنى ھەركىم ئىزلەپ ئول تاپقانى يوق،
ئەسلىنى تاپقان كىشىلەر ھىچ ۋاقىت تاپدىم دىمەس.

ئۆزلىگىدىن ئۆتمىگۈنچە ئىشقىنى تاپماقمۇ ھال،
ئەيلىمەي جاننى قۇربان ئىشقىنى تاپقان ئەمەس.

يا ئىلاھا ئەھمەدىغە ئىشقىنى قىلغىل ئاتا،
ئىشقىنى مەن ئول گاداھ ئۆزلۈك بىلەن تاپقان ئەمەس.

× ×

پىغانكى ئۆمرى ئەزىزىمنى مۇپتىلايى پىراق،
قىلىپ غەمىدە ئەلەم بىرلە ئاشنايى پىراق.

بۇ دەشتى زۇلمەت ئارا ياردىن خەبەر تاپماي،
پەلەك ھاۋادىسىدىن(115) قىلدى بىناۋايى پىراق.

شىكەستە ھالىم ۋە سەرگەشتە ئاھۇ ئەپغانىم،
دىلىمدە شۇئلە ئۇرۇبان قىلۇر سادايى پىراق.

ئاياھەبىب(116) قۇلۇم ئۇشلا بەسكى كۆتەدۇر،
غىرىپ خەستەلىرىڭغە نىدۇر داۋايى پىراق.

تەرەھھۇم ئەيلە بۇگۈن تۇرپە ئىنتىزارىڭدۇر،
جامالىجان جاھانىڭغە بىر گادايى پىراق.

چۇمەندە گۈللەر ئارا غۇنچەلەبىڭ كۆرگەچ،
كۆڭۈلنى بۇلبۇل يىغلاپ چىكەر ناۋايى پىراق.

كۆزۈمگە سۈرمەئى ۋەسلىڭنى كىم دەرىغ تۇتما،
نىچۈنكى كۆرمەس ئۆلۈپدۇر بۇگۈن ھازايى پىراق.

ھەمىشە پىكرۇ خىيالىم ئۇمىت ئىلەتۇلدۇر،
يەتەرمۇ مۇژدە سەنەم ۋە سىلىدىن جۇدايى پىراق.

ئەگەر بۇ پۇرقەت ئىلە ئەھمەدا ئۆلەر بولساڭ،
شەھىد ئىشقىغە دىدارى خۇن باھايى پىراق.

× ×

نىزاكەت باغىدە بىر گۇل نىگا ھىمىغە ئايان بولدى،
يۈرەككە ئوت كېلىپ توشتى ئۇشۇلدەم مىساى قان بولدى.

قاراپ داھىم جامالىغە كېچە ـ كۈندۈز ناۋا ئەيلەپ،
توشۇپمەن دايىم ھىجرىغە چىرايىم زەپىران بولدى.

نىچۈك كۈندۈرسىنى سۆيدۈم ئەجەپ سەۋداغە بۇ باشىم،
قالىبان ئارىزۇ بىرلە تاماششايى جاھان بولدى.

نى قاتتىق ئىش ئىكەن دوستلار سەنەمگە ئاشىنا بولماق،
جاپاسىغە، ئەناسىغە (117)يۈرەك باغرىم نىشان بولدى.

ئايا ئەھمەد نىگارىڭ جىلۋە گاھىدا ناۋاقىلغىل،
كۆگۇل ئائىنەسىدىن چەھرە رۇخسارى ناھان بولدى.

× ×

كۆردۈم يۈزىنى باغرىمە ئوتلار ياقىپ ئۆتىدۈم،
ھايو ـ ھەۋەس، كىبرۇ تەمەننا چاقىپ ئۆتدۈم.

مەشۇق شىجائەت قىلىچى ناز ئىلە تارتىسە،
ھەيھات، ئۇرۇپ بەرق، يۈزىغە باقىپ ئۆتدۈم.

ئالدىمغا سالىپ قاپىلە(118) ئاھۇ نادامەت،
غەم لەشكىرىدىن تىغ تىرانە(119) تاقىپ ئۆتتۈم.

بۇ شەھرى ھود(120) ئىچرە كىلىپ دەشتى ئەدەمدىن،
دەريايى غېمىڭ ئىچرە دەم ئالماي ئاقىپ ئۆتدۈم.

دىۋانە ئەھمەدا سەنەم نازىنى كۆرگەچ،
نامۇسۇ ۋە هايا كۆزلىرىگە مىخ قاقىپ ئۆتتۈم.

× ×

بۈگۈن ئەرزۇدىلىم ئېيتاي ئۇشۇل ياردىدىن ئايرىلدىم،
لەبى تاتلىق كامان قاشلىق شەكەر بارىدىن ئايرىلدىم.

خىيالىمغا سىنىڭ ماھى ئازارىڭ جىلۋەگەر ئولغاچ،
جەمىنى ئاتەشى پىرقەت بىلەن كارىمەدىن ئايرىلدىم.

جۇدالىق ئاستانىدە(121) قارا تۇپراق ئارا باشىم،
قالىپ چۈن بۇلبۇلۇ شەيدا ۋە گۈلزارىمەدىن ئايرىلدىم.

ئەجەب دەۋلەت ئىدى يارىم نىگاھىدە ۋەتەن قىلماق،
ئۇ شۇنداغ دەۋلەتۇ زىبا ۋە غەمخارىمدىن ئايرىلدىم.

قەمەر يۈزلۈك، شەكەر سۆزلۈك مالاھەت بابىدا گويا،
غېرىپ كۆڭلۈم ئارا بىر بەرق رەپتارىمەدىن ئايرىلدىم.

پىراقىڭدە گادالىقلار قىلىبان "شەيئى لىللا"(122) دەپ،
لىبىڭدىن قەترەئى جامى پىر ئەنۋارىمەدىن(123) ئايرىلدىم.

خۇدا قوشقايمۇ ئەھەدنى سىيادىل گۈل ئازارىغە،
ۋاپا قىلماي جاپا قىلغان چۈئەييارىمدىن(124) ئايرىلدىم.

× ×

ئىلاھا بىرلىگىڭ ھەققى غېرىپ كۆڭلۈمنى شاد ئەتكىل،
سالىپ ئىشقى ئوتىنى بىچارە بەندەڭنى ياد ئەتكىل.

كېچە - كۈندۈز ھاۋا بىرلە ئەبەس (125) ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزدۈم،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل ئەلبەتتە ئاندىن ئىنپىراد ئەتكىل.

قارا بولدى زەبۇن بەختىم زالالەت ئاشىيانىدە،
ھىدايەت ئاپتابى بابىنى ئەمدى كۈشاد ئەتكىل.

ئەجەپ ھەيران ئۆلۈپ تاپماي جامالىڭ مۇندە سەرگەردان،
قالىبەن ئەمدى لۇتپۇڭدىن ساپائىنى(126) زىياد ئەتكىل.

سىنىڭدىن ئۆزگەنى يادەب ئىككى ئالەمدە سورماسەن،
قوبۇللىققە دۇئائى ئەھەدىڭنى ئىستىھاد(127) ئەتكىل.

× ×

دىلا ئاچقىل كۆزۈڭ ئىبرەت بىلەن جىننى مۇسەن ئاقىل،(128)
قاچان ئاقىل كىشى بولغاي ئەجەلنىڭ زىكرىدىن غاپىل،

ئەجەل ئىلكى ياقاڭ بىر كۈن تۇتارلار بەرمىگەي مۆھلەت،
ئەگەر مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرسەڭ ئۆلۈمدىن بولمىغىل غاپىل.

لەھەددە يادى ئىللەللا چىراغىنىڭ مۇنىسىڭ (129) بولغاي،
ھېمىشە ئەھمەدا ھەق زىكرىنى كۆپ ئەيلىگىل ھاسىل.

× ×

دىلا ئەمدى بۇ پىرقەتتىن ئۆزۈڭگە ئاھۇ-زار ئەتكىل،
ياقاڭ يىرتىپ ئەلەم بىرلە ياشىڭنى زار - زار ئەتكىل.

جۇدالىق شىكۇەسىن (130) ئاھۇ نادامەت دەپتىرى ئۈززە،
پۈتۈن غەم-غۇسسەنىڭ تىغى بىلەن كۆكسىڭنى پارە ئەتكىل.

كۆزۈڭ ياشى بىلەن خاكۇ ۋۇجۇدۇڭ بارىگاھىدا،
قىزىلگۈل، لالە يەڭلىغ قەترە - قەترە مىرغىزار (131) ئەتكىل.

ئېلىپ غەيرەت بىلەن شەمشەر شەۋقىڭ جەستىجۇ (132) بىرلە،
پىدايى يار ئەيلەپ جانۇ مېھمانىڭ نىسار (133) ئەتكىل

ئەدەپ بىرلەسىنىڭ ھۆسنۇ جامالىڭغە نەزەر قىلسام،
تەلەتتۇپتىن (134) مېنى بىچارە كۆڭلۈم ئېتىبار ئەتكىل.

ھەقىقەتدە ھەقىقەتتىن ھەقىقى يارىنى ئىزلەپ،
ھەقىقەت ئاستانىغە ۋۇجۇدىڭنى غۇبار ئەتكىل.

ۋۇجۇدۇڭ ئۇقبە (135) سىدىن ئەھمەدا ئۆتمەك ئەجەپ مۇشكۈل،
تەپەككۇر تاغىدىن تاشلاپ ئۆزۈڭنى خاكسار ئەتكىل.

× ×

ئايا دىلبەر جامالىڭنى باھارى،
ئاچىلدۇردى ھەمە گۈللەر ئۈزارى.

تاھالىڭ غۇنچەئى زىبالىغىدىن،
خىجىل بولغاي پەلەك ئۈززە ساتارى (136)

قاشىڭ يايى بىلەن مىژگانى نازىڭ،
گۈلۈستاندىن چىقارغاي ئاھۇ زارى.

كۆزۈڭ نەرگەس (137) لىبىڭ شەھدۇ شەكەردۇر، (138)
داھا (139) نىڭ ھەققەئى مۇشكى تاتارى. (140)

مېنىڭ ۋادىسىدە شەھباز نازىڭ، (141)
قىلۇر روھى راۋانىمنى شىكارى.

ئەجەپ* ياخشى نىگارىمنى چاپاسى،
ۋاپاسىدۇرنى ئېيتكۇم (142) بى قارارى.

پەلەك دەشتىدە سورماسلار خەرەد (143) مەن،
بى جوز (144) مەشۇق ـ ئاشىق ھۇشيارى.

رەقىپلەردىن نىگارىم ئاستەنىدە،
لەبالەب جام قىلمىش ئىختىيارى.

بىھەمدۇللا گادايىڭنى گادايى،
ئۈمىت قىلىبىشكى ئەھمەد خاكسارى.

× ×

ئەيدىلەر ئەسلىڭغە كەلگىل ئاقىبەت بولغۇڭ تۇراپ،
نەپسى مەدغەتۇن ـ كۆن قەھرىڭ بىلەن قىلغىل ئىتاب (145)

نۇرى ھەقنى كۆرگىلى نەپسىڭ ساڭا پەردە بولۇر،
نەپسىنى مۇردە قىلۇرغە كىيچە ـ كۈندۈز قىل شىتاپ (146)

كۆن ئەگەر قىلسە تولۇئ بولغاي (147) ھاۋادە پەردەسى،
پەردە ئولدۇركى تۇرۇر نەپسىڭ سىنىڭ مىسلى سەھاب. (148)

مەركەبى (149) نەپسىڭ سىنىڭ يۈرگەي ھاۋانىڭ سۈيىغە (150)
سىنمىغىل ئۆل مەركەبىڭغە بولغۇسى جانىڭغە ھىجاپ (151)

روھىڭ ئىبراھىم خەلىلدۇر نەپسى نەمرۇددۇر لەئىن،
روھىڭا قىل پەرۋەرىش نەپسىڭنى سەن قىلغىل خاراپ.

مۇسا، پىرئەۋن لەئىن، ئەبۇ جەھىل، ئەھمەد، مۇستاپا،
ئۇشبۇلەرنى ئايرىماققا تەنگە قىلغىل كۆپ ئازاپ.

يائىلاھا رەھمە ئېيتىپ ئەھمەد غەبەرگىل ئىمتىياز،
جان ئۆيىنى ئىنتىزارلىق بىلەن قىلغۇم پەتھە ھاباب (152)

× ×

نەپسىنىڭ زايىغا يۈرگەن ئاخىرىدە خار ئۆلۈر،
ئول كىشىگە دېۋە مەلئۇن ھەم نىشىن (153) يار ئۆلۈر.

شەكەرۇ ھەلۋا بىلەن بول تەنگە قىلماق پەرۋەرىش،
سىرھەقتىن دىل قۇلاغى قارىغۇ ھەم كەر (154) ئۆلۈر.

تەننى دەپ ئاۋارى بولغان كۆرخىرە تىتۇر(155) ئۆل كىشى،
جاننى بىلمەي تەننى بىلگەن ئادەم ئىبرەس خار بولۇر.

كۆپ يېبان كۆپ ئۇيقۇلاپ كۆپ سۆزلەيۈپ يۈرگەن كىشى،
دىل يۈزى زەنگار(156) ئۆلۈبان ئاقىبەت ھەيران ئۆلۇر.

كۆرمە ئاشىق سۈرىتىنى زاھىرەن(157) خار ۋە گادا،
لاماكان ئىقلىمىدا مولكى باقا غا شاھ ئۆلۇر.

كۆپ رىيازەت بىرلە تەندە دائىما رەنجۇ ئانا،
تارتىسىلەر ھەقنىڭ يولىدە ئاقىبەت مەردان بولۇر.

سۆزنى ھەركىم سۆزلەيۈرقىلغان ئەمەلدىن ئىتىبار،
ئەھمەدا ئەيتقان سۆزۈڭغە قىل ئەمەل گۆھەر بولۇر.

×

نىگارامەن كەبى ئاسى گاداغا زەررە باقساڭچۇ،
سالىبان ئۇز يولۇڭ ھەردەم نەزەر رە ھىمەتتە باقساقچۇ.

مىنى ئىلتىپ ئۆزۈڭنىڭ خانەئى ۋەسلىڭغەئى يارىم،
ۋۇجۇدۇم كۆيدۈرۈپ ئىشقىڭ ئوتىدىن زەررە ياقساڭچۇ.

گادادۇرمەنكى دۈشمەن يول توسۇپ قويماس ساڭا يارىم،
ئۆزۈڭ ئاسراپ بۇ يولدىن لاماكان شەھرىگە تارتساڭچۇ.

نىتەيمىن ھىچ ئىلاجىم يوق ئەگەر رەھمە ئەتمەسەڭ دىلبەر،
مىنىڭدەك بى ناۋا خەستە تەرەھھۇم بىرلە باقساڭچۇ.

مىنىڭ ئاجىزلىقىمنى سەن بىلۈرسەن ھىچ كىشى بىلمەس،
غىرىبى ناتاۋان دەپ چەشمە(158) ئى شەپقەتتە باقساڭچۇ.

گادالەر، شاھلار ئالدىدا قىلسا سۇئالىنى بايان،
قۇرۇق قويماس گادايىڭمەن ساخاۋەت بىرلە باقساڭچۇ.

چنۇن ۋادىسىدە مەجنۇنغا لەيلى ھەم نەزەر قىلغان،
ئۆزۈڭ لەيلى ھەقىقى سەن مۇھەببەت بىرلە باقساڭچۇ.

سۇپاتىڭنىڭ بىرى ئالەمنى سىر ئول خەپىيا تىمدۇر،(159)
ماڭا ئىلمى قەددەمگەدە كى تەلىم بىرلە باقساڭچۇ.

قايۇ باغ ئىچرە بۇلبۇللار سادا قىلسا گۈل ئاچىلۇرمىش،
ئاچىپ ھۆسنى جامالىڭنى تەھەسسىن بىرلە باقساڭچۇ.

ئۆزۈڭ لۇتپ ئەيلىسەڭ ھەردەم قارا تاشلار گەۋھەر بولغاي،
مەنەم سەنگى(160) قارادۇرمەن تەلەتتۇپ بىرلە باقساڭچۇ.

تامام ئىشقى ئۈچ ھەرپتۇر ئىبنىڭ ئاستىدا جاي بەرگىل،
ئەيىن ئىلمى شىن، شەۋق، قاپ، تەقەررۇپ(161) بىرلە باقساڭچۇ.

غەنىلەر(162) ئادىتى دائىم پېقىرلەردىن خەبەر ئالماق،
پەقىرلەردىن ھەقىردۇرمەن(163) تەغەننا(164) بىرلە باقساڭچۇ.

سەبىلەر يىغلىبان تۇرسا ئاناسى رەسەى سۈت بەرمەك،
مېنى ئىشقىڭدە يىغلاتىپ تەھەررۇك(165) بىرلە باقساڭچۇ.

تامام يولدىن ئازغانىنىڭ ھىدايەت رەھنەماسىدۇر،
ماڭا ھادى(166) ئۆزۈڭدۇرسەن كى تەھدى(167) بىرلە باقساڭچۇ.

سالىپ ئىشىق ئوتىغە ئەھمەدنى كۆيدۈرگىل پانا بولۇپ،
پىراقىڭدا ئادا بولسۇن تەئەششۇق(168) بىرلە باقساڭچۇ.

×          ×

ۋەسلىنى ئىزلەپ جاھاندا ئاھ ئۇرغان بارمۇكىن،
تەلمۈرۈپ تاپماي يولىدا نالە قىلغان بارمۇكىن.

ھەسرەتىدە كۆزدە ياشى مىسلى جەيھۇندەك(169) ئاقىپ،
ئىنتىزارۇ مۇپتىلا ئاۋارە بولغان بارمۇكىن.

مىسلى ئەدھەم(170) مالى جاھ خان ـ ماندىن كېچىپ،
كويىدا يىغلاپ يۈرۈپ ۋەيرانە بولغان بارمۇكىن.

نەقشى ھەيئىتىن(171) بۇزۇپ چۈن خار ـ خەس ۋالە بولۇپ،
چۈن قەلەندەر دەربەدەر ياد قىلغانبارمۇكىن.

ھەم رىيازەت بۇتەسدە(172) جىسمىنى ئەيلەپ گۇداز(173)
ھەق جامالى كۆرگىلى مىرئاتى(174) بولغان بارمۇكىن.

خەلق ئارا خارۇ ھەقىرۇ مۇپتىلاۋۇ زار ـ زار،
بېشىق گۇنجىنى(175) تاپىپ مەخپەتنى ئالغان بارمۇكىن.

غۇنچىدەك خامۇش بولۇپ، كۆڭلى گۈلىنى ئاچىلدۇرۇپ،
زاھىرىنى رەسۋا قىلىپ باتىنىدە(176) كۈلگەن بارمۇكىن.

مۇئىنىسى(177) ئىلپەت كىرەكمەس بەزى ئاشىقلار ئۈچۈن،
لى مەئەللا(178) سەمرەسىدىن(179) مىۋە تەرگەن بارمۇكىن.

ئىززەتنى دۇنيانى كۆرسەڭ بى باقادۇر ئەھمەدا،
ھىچ سەنىڭدەك سىھرى دۇنياغا تۇتۇلغان بارمۇكىن.

× ×

بۇ دۇنيا مۈلكىنى تاشلاپ قەلەندەر بولمىسام بولماس،
كېچىپ دۇنيايى پانىدىن(180) قەلەندەر بولمىسام بولماس.

ئەجەپ دۇنيا ، ئەجەپ دۇنيا ۋاپاسى يوق تۇرۇر بىلسەڭ،
بارى ئەلدىن جۇدا بولۇپ قەلەندەر بولمىسام بولماس.

كىشى يوقكىم بۇ ئالەمدە جاھاندىن ئاغزىماي ئۆتكەن،
مەن ھەم ئاغرىپ تۇرادۇرمەن قەلەندەر بولمىسام بولماس.

ھەمە ئۆتتى بۇ دۇنيادىن قىلىپ دەھرى شىكايەتنى،
شىكايەت قىلمىغان بارمۇ قەلەندەر بولمىسام بولماس.

جاھاندا ھىچ ۋاپا يوقتۇر نىچۇك قىلغاي مېنىڭ جانىم،
بولۇپ خىلۋەت(181) نىشىن ھەردەم قەلەندەر بولمىسام بولماس

ئەجەپ قاتتىق يامان كۈنلەر مېنىڭ باشىمغە كەلمىشتۇر،
دىلىم قاتتىق تىلىم ئاچچىق قەلەندەر بولمىسام بولماس.

مۇھەببەت ئەھلىدىن قاچتىم، گۇناھىنىڭ لايىغا پاتتىم،
ئۆزۈمنى ئوتقا ھەم ئاتتىم قەلەندەر بولمىسام بولماس.

قەلەندەر بولمايىن بولماس، جاپالار تارتمايىن بولماس،
تولا جەھلەتتە مەن قالدىم قەلەندەر بولمىسام بولماس.

كېچە - كۈندۈز ھاۋا بىرلە ئەبەس ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزدۈم،
ئۆلۈم ۋەختى يېقىن كەلدى قەلەندەر بولمىسام بولماس.

دىيانەتنىڭ يولىنى تۇتمايى، مۇھەببەتتىن خەبەر تاپماي،
پاھاپىمدەك يورۇبدۇرمەن قەلەندەر بولمىسام بولماس.

كەل ئى ئەھمەد كۆزۈڭ ئاچقىل مۇھەببەت گەۋھىرىن ساچقىل،
مۇھەببەتتىن سەمەر ئېلىپ قەلەندەر بولمىسام بولماس.

## ھىكمەت

ھەزرىتى سۇلتان مەۋلانا شاھى جاھان شەيخى، ئابدۇلباقا ئەل يەركەندى، ئەلقادىرىل ئېـلىۋى ئەل ھۇسەينى قۇددۇسسللا تائالا سىررە ھۇلقازى ئەھمە دىل مەركىتى.

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

( رەھمەدىل ، شەپقەتلىك ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن )

ئىشقىڭدە كۆيگەچ مەستانە بولدۇم،
ھىجرىڭ تۇتاشتى ھەيرانە بولدۇم.
يادىڭدا يىغلاپ دىۋانە بولدۇم،
دىۋانە قىلغاچ ۋەيرانە بولدۇم.

سۇلتان دىلىدە سىرانىم كۆرگەچ،
خۇمى ئەلەستە(182) جۇرئەئى(183) تاشقاچ.
زىندانى بولدۇم قەدرىنى بىلگەچ،
ئاللاھۇ ئەكبەر دىۋانە بولدۇم.

سۇلتان ئىشقىدىن بولدى بىشارەت،
جامى مۇھەببەت قىلدى رىۋايەت.
دىۋانە خىلئەت ئۆزدىن ئىنايەت،
ئەلھەمدۇلىللا دىۋانە بولدۇم.

زاھىد ئەھلى(184) دىۋانە بولماس،
سۇرەت پەرەسلەر مەردانە بولماس.
بەدبەخت تەلئەت پىرزانە بولماس،
ئەلھەمدۇلىللا دىۋانە بولدۇم.

دىۋانە بولماي ساقا ۋابالدۇر،
ئەسلىڭنى تاپماي بىھەد زىياندۇر.
قىلغان ئىبادەت مىسلى زىنادۇر،(185)
ئەلھەمدۇلىللا دىۋانە بولدۇم.

ئەسلىڭنى بىلسەڭ قايىن كېلىپسەن،
ئۆمرۈڭ گۈلىنى كىمگە بېرىپسەن.
نىمە قويۇپسەن، نىمە ئېلىپسەن،
ئاللاھۇ ئەكبەر دىۋانە بولدۇم،

ئەسلىڭنى تاپساڭ نىچۈك لىتاپەت،
پەنج ۋەقت(186) ئىبادەت مىڭ يىللىق راھەت،
مۇندىن ئۆتەلمەس تۈرلۈك ئىبادەت،
ئەلھەمدۇلىللا دىۋانە بولدۇم.

ئەسلى ئىبادەت ئاگاھى ھەقدۇر،
سۇلتان ئىشقىدىن كەلگەن سەبەقدۇر،(187)
ئۇستادى ئىنىڭ رۇسۇلى ھەقدۇر،
ئاللاھۇ ئەكبەر دىۋانە بولدۇم.

دىۋانە ھەقنىڭ دىلىدۇر دەرگاھ،
ھەر بىر نەپەستە ئەسلىدىن ئاگاھ.
قايتىپ كىرىشتە تەجەللى ھەمرا
ئەلھەمدۇلىللا دىۋانە بولدۇم.

ئەسرار ھەققە ھەمراز(188) بولماق،
سۇلتان ئىشقىغە دەمساز(189) بولماق.
خىرۇچ دۇخۇلدە(190) پەرۋاز قىلماق ،
ئاللاھۇ ئەكبەر دىۋانە بولدۇم.

ئىچمەكتە ھەديوق دىۋانە بولماق.
بىلكوللى ھاۋادىن(191) بىگانە بولماق.
ئەينىل يەقىنغە(192) ھەمرايى بولماق،
ئاللاھۇ ئەكبەر دىۋانە بولدۇم.

نى چارە باردۇر دىۋانەلىقغە،
نى دارە باردۇر ھەيرانلىقغە .
كىم دارە بەردى ۋەيرانەلىقغە،
ئەلھەمدۇلىللا دىۋانە بولدۇم .

بويىنى تاشلاپ كۆڭلۈمنى ئالدى.
خۇيى تۇتاشتى بۇ يولغا سالدى.

ۋەيرانە دىلنى قولىغا ئالدى،
ئاللاھۇ ئەكبەر دىۋانە بولدۇم.

تۇبۇئىلەيكە(193) ھەپ پەسلىمىغە كەلدىم،
مۇندىنمۇ ئۆتتۇم ۋەسلىمىغە كەلدىم.
ئۆزلۈكتىن كەچتىم ئەسلىمغە كەلدىم،
ئەلھەمدۇلىللا دىۋانە بولدۇم.

قازى ئەھمەددۇر ئىسمىمنى سورىساڭ،
نۇرى شۇھۇددۇر(194) ئەسلىمنى سورىساڭ،
شاھى جىلان(195) دۇر پىرىمنى سورىساڭ،
ئەلھەمدۇلىللا دىۋانە بولدۇم!

## مۇخەممەس

نادامەت قەلئەسى ئىچرە قالىپمەن تورپە ھەيرانىم،
خۇداۋەندا راۋان قىلغىل ھېمىشە چەشمى گىريانىم.
رەقىبلەر بەزمەسىدە قالىمدى تۇرماققە ئىمكانىم،
ۋۇجۇدۇم تەختەسىدىن تاپمىدىم شاھى مۇسۇلمانىم،
ماڭا لايىق بۇدۇر قىلغايمەن مىلىڭ چاك گىرىبانىم.

بۇگۇن بولدى گۈلىستان ئىشرەتى ۋەختى خازان يەتكىلىغ،
ۋەيا ياندىمۇكىن يارىم كۆڭۈلدىن مېھمان يەتكىلىغ،
چىرايىمدۇر بۇ غەم بىلەن ھېمىشە زەپىران يەتكىلىغ.
يانا بىسمىل(196) كەبى تاشلاپ كېتىپ روھى راۋان يەتكىلىغ.
ئىچۇرمەي بادى لەئلىدىن كۆڭۈلدە كۆپىدۇر ئەرمانىم.

ئاياساقى ئەزەلنىڭ جامىدىن قىلساڭ ئىنايەتى،
ئېنىڭ كەيپىيىتىدىن مەست بىخۇدلۇق كاراماتى
كېتەر بولغاي كۆڭۈلدىن ماساۋاللا(197) نىڭ خىيالاتى،
قاشى مېھرابىغە يەتكۈزسەلەر سەجدىم سائاداتى،
دىبان ئەرىز ئەيلەدى دەرگاھىڭە تۇتى سۇخەندانىم(198) .

سىپىنىڭدىن ئۆزگەكىمدۇر مەرھەمى داغى ناھان ئولغاي،
كۆڭۈل سەھراسى ئىچرە ياكى خۇرشىدى جاھان ئولغاي.
يەنە غەم ئىچرە قالسام مۇنىسۇ ئارامۇ جان ئولغاي،

غىرىبلىك ھالىتىدە تورپە يارى مىھرىبان ئولغاي.
كۆڭۈل دەردىغە يوقتۇرسەندىن ئۆزگە ئەسلا دەرمانىم.

سادايى ھەسرەتا ۋاۋەيلىتا (199) يارىم نەزەر قىلماس،
نىچۈن كۆڭلۈم قۇشى ھەريان ئۇچماقتىن ھەزەر قىلماس.
ئۇشۇل كۈنكىم سەنەم ۋەيرانە كۆڭلۈمدىن گۇزەر قىلماس،
مۇھەببەت شەبنەمى ياغماس، ئەگەر ياغسا ئەسەر قىلماس.
نىچۈك قىسمەت قىلىپ غەملەرغە تاپشۇردىكى سۇلتانىم.

ئەزەلنىڭ كاتىبى يازغانىغا ئەسلا يازىپ بولماس،
تەھەممۇل پىشە قىل ئەلبەتتە ھەقتىن قايرىلىپ بولماس.
نىچۈك كۈنلەر ساڭا تەيىن قىلىپ دۇرلەر بىلىپ بولماس،
نى ئىش قىسمەتتە دۇرسە برۇ رىزادىن باش ئىباسپ بولماس،
خۇدانىڭ تەقدىرىسىن بۇزغايمۇ مىنىڭ تەدبىرى قىلغانىم.

دىلا دايىم ھەۋەس بىرلە خىيالىڭ ئىن ۋە ئان ئۆلسا،
كۆڭۈل تەختىدە ھەر غەمدىن تەسەۋۋۇرۇ مىھمان ئولسا.
نىشانە ماساۋاللاغە تەسەددۇق مۇشۇ جان ئۆلسا،
ۋىسالى ئارزۇسىنى نىشانغە لامەكان ئۆلسا،
ئەجەپ سەۋدا بىلەن ئىشقىنى كۆزلەرسەن پىرىشانىم.

نىتەر بۇ خەستە ھالىم سورمىسا ئول يار دىل خۇۋاھىم،
شىبىستانى پىراقىمگە تولۇئ قىلماستا ئول ماھىم.
قارارىمدۇر بۇگۈن بەيتىل ھەزەن (200) ئىچرە ئەلەمگاھىم
مەنۇ بىچارىغە قىلغىل ئى شاھىجاھانغە مخىۋاھىم
نى بائىس دوستلىغىڭدىن ئايرىبان قىلدىڭ كى پەيكانىم (201)

كەل ئەھمەد گادالىق ئىشكىنى ئىشكىغە ۋاھ قىلغىل،
ھېمىشە شەيئى لىللا دەپ سادايى ئاھۇ ۋاھ قىلغىل.
جۇدالىق دەردىن ئەيتىپ سىنە ساندۇقىڭ (202) يارا قىلغىل،
قىزىلگۈلدەك يۈزۈڭنى خاك نەئلى دىلرابا قىلغىل،
نى خۇش دەۋلەت بۇ جان بولسە نىسارۇ يارى جانانىم.

× ×

زەھى چەرخ ئۇرۇپ تورپە دىۋانىلەر،
پەيدايىلىق بولۇپ ھەمچۇ پەرۋانىلەر.
باقىپ تەلمۈرۈپ سۇيى مەيخانىلەر،

نى ھاجەتكە ئول مەھز ـ غەمخانىلەر،
كى سۇنساڭ ئاڭا لاي پەمانىلەر.

پاناجامىدىن جام مەسھا(203) ئىچىپ،
ئەزىزجان بىلەن خانىماندىن كېچىپ.
بالا دەشتىدە مەۋجلىك قان سىچىپ،
ئەدەم رەختىدىن(204) قەددىغە تون پىچىپ،
كويىن ياستىنىپ بارچە مەستانىلەر.

دىلىم سەختىدىن(205) تەلىخ كەم(206) ئولمىشىم،
غەم ئاھۇسىغا ھەم ماقام ئولمىشىم.
ھەۋەس دامىغە لەھزى رام ئۆلمىشىم.
ئېنىڭ كۆيىدە سۇبھى شام ئۆلمىشىم.
مەدەت ئەيلىگىز مەرد مەردانىلەر.

دىلا ھەق سىرى دىل بىرىپ زارە بول،
ۋىسالى ئۇمىدىدە ئاۋارە بول.
دىدىم: ئەيدى ئىشقىغە ھەمۋارە(207) بول.
كى دەرگاھدە ھىچۇ بىچارە بول،
خىتاپ ئەيلىدى پىرى پەرزانەلەر (208)

ۋىسالىڭ ئۇچۇن ئىنتىزارىڭ بولۇپ،
پىراقىڭ بىلەن بى قارارىڭ بولۇپ.
غېمىڭ بۇرجىدە دىلپىكارىڭ(209) بولۇپ،
ئاياغىڭدىكى خەس ۋە خارىڭ بولۇپ،
كىزەر ئەھمەدىڭ خاك ۋەيرانەلەر.

× × ×

پىرقەت ئوتىغە ئورتاندى جانىم،
يارىمغە يەتمەس ئاھۇپىغانىم.
تەگرىغە مەلۇم سىرى ناھانىم.
كوڭلۇمنى بۇزدى ئەشك راۋانىم،
قىلغىل تەرەھھۇم ئى مىھرىبانىم.

ھەي ـ ھەي نىگارىم لەئلىڭ ئەسەلدۇر،
بۇينۇڭغە زۇلپۇڭ زەنجىر مەسەلدۇر.
ھىجرىڭ غىمىدە نەچچە مەھەلدۇر،
كۆز ئىنتىزارىڭ ئىچرە بۇلبۇلدۇر،
شەرھ ئەيلىيەلمەس تۇتى زابانىم.

ئەرزىمنى ئەيتاي قادىر خۇداغا،
رەھمەيلىسۇن مەن ھالى تاباغا.
ھىجرىدە قالدىم دەردۇ بالاغا،
يارىم سىېنى دەپ جەۋرۇ جاپاغا،
قالدى بۇ جانىم ۋاھ ئۇستىخانىم.

دىۋانە قىلدى ۋەسلىڭ ھاۋاسى،
ئەپسانە قىلدى كۆڭلۈم يارىسى.
ئاقتى كۆزۈمدىن ھەردەم قاراسى،
ۋەيرانىلەردەك ئاھۇ ساداسى،
ئالەمگە ئىلتىلەر چۇنۇ چاغانىم

كۆرمەي يۇزۇڭنى ئۆلسەم نىستەرمەن،
مەھشەردە بىرىپ ئەرزىم ئىتەرمەن.
مەجنۇن بولۇبان يىغلاپ ئۆتەرمەن،
لەيلى غىمىدە ئاخىر يىتەرمەن،
گۈلزارىڭ ئىچرەئى گۈلۈستانىم.

ھەق شەيئى لىللا شاھى جاھانىم،
بولسۇن پىدايىڭ بۇ ناتاۋانىم،
روھى راۋانىم جىسمى نازارىم،
جانۇ جامالىم نامۇ نىشانىم،
تاقۇ - راۋا قۇ (210) گۈزەل بوستانىم.

ۋەسلىڭ باھارى مىشىك تاتارى،
يەتكەچ ئاچىلدى گۈللەر ئۇزارى،
ھەر يان چىقارۇر پەرياد زارى،
ئەھمەدغە ئوخشاش ھەر ئىنتىزارى.
شەھباز نازىڭ بىلەن نىگارىم.

× ×

كىېلىڭدوستلار ئىېلىم ئوقالى،
نىدۇر ئىلىم ئىبرپان تونالى.
تونۇپ دىنى ئىسلام تۇتالى،
توتۇپ ئۆزگەلەردىن كىچالى،
ئوقالي، ئوقالي، ئوقالي.

بەھەمدۇللا ھەق بىزنى ئىنسان ئېتىپ،
ھەمە ئىنسان ئارا ئەھلى ئىمان ئېتىپ،
پەيەمبەر بىرىپ دىنغە سۇلتان ئېتىپ.
شەرىئەت بىرىپ ئەھلى قۇرئان ئېتىپ،
ئوقالى، ئوقالى، ئوقالى.

غەنىمەت بىلىپ ئۆمرى گۈلزارىنى،
تەبەررۇك بىلىپ بار ھەر يارىنى.
قىزىقتۇرغالى ئىلىم بازارىنى،
مەكەررەر قىلىپ دەرس تەكرارىنى،
ئوقالى، ئوقالى، ئوقالى.

ئىئانەت(211) تىلەپ دىن ئىسلام ئۈچۈن،
ھىدايەت(212) تىلەپ خاس ئام ئۈچۈن.
پۇشايمان قىلىپ ئۆتكەن ئەييام ئۈچۈن،
ناۋالار چېكىپ دىنغە ئەئلام ئۈچۈن.
ئوقالى، ئوقالى، ئوقالى.

تاماشا قىلىپ بوستانلار ئارا،
تېرىپ غۇنچەلەر گۈلۈستانلار ئارا،
جاۋاھىر چېچىپ دوستانلار ئارا،
بولغۇن ئەھمەدا دىلىستانلار ئارا.
ئوقالى، ئوقالى، ئوقالى.

## قائىدە مەكتۇپ

(ھۆسنى خەت يېزىش قائىدىسى)

بىسمىللاھىر رەخمانىر رەھىم

(رەھىمدىل، شەپقەتلىك ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن)

ئەلھەمدۇلىللاھىل لەزى خەلەقەل ئىنسانە مىنەلئەدەم. ۋە ئەللەمەل ئىنسانە بىلقەلەم.

ۋەسسەلاتۇ، ۋەسسەلامۇ ئالا ھەبىبىھى، مۇھەممەدىن سەيدىلئەرىبى، ۋەل ئەجەم. ۋە ئالا ئالىھى ۋە ئەسھابىھىل لەزىنە جامىئىل ئىلمى ۋەلھەكەم. ۋەبەئدەس. ئاندىن كېيىن ئەھقەرىت قالىبىنە ۋە ئەغيەلىل جاھىلىن ئەيتەدۇركىم.

(مەزمۇنى: ئىنسانىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا قەلەم بىلەن تەلىم بەرگەن جانابى ھەققە ھەمدۇ ئېيتىمەن. ئۇل ئاللانىڭ دوستى، ئەرەپ ھەم ئەجەملەرنىڭ خوجىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا، ھەمدە ئۇنىڭ ئىلىم-ھېكمەت تولىغان ئەۋلات، ئەسھابىلىرىغا دۇرۇت ئېيتىمەن. ئاندىن ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ تۆۋەنراقى، جاھىللارنىڭ ئەڭ يامانراقى بولغان شۇنى ئېيتىمەن.)

مېنىڭ دىلىم شۇنى ئىختىيار قىلدى. ياران موھتەرەملەرنىڭ ھوزۇرىدە خەت مەشق ئۈچۈن بىر رىسالە پۈتتۈگەيمەن. مەزكۇر خىيالىمنىڭ خاھىشىنى يارانلىرىمنىڭ ئاراسىغا قويۇپ ئەردىم، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتلىرى بىلەن مەقسەت گەۋھەرى جۇلا تاپتى ۋە ئۇلارنىڭ مەسلىھەتلىرىنىڭ ھەدىيىسى (نىشانىسى) پەقىرنىڭ خۇاھىشىمنىڭ تىرەسى بارابەر كەلدى ۋە يەنە ئۇشبۇ ھەدىس دەلىل ئولدىكى : "قالە ئەلەيھىسسالامۇ ئەلخەتتۇ نىسپىل ئىلىم" (مەنىسى: جانابى ھەزرىتى رەسۇل سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسسەللەم: "خەت دىگەن ئىلىمنىڭ نىسپىدۇر" دەپ بۇيرۇدى.) شۇ بۇھەدىسگە بىنائەن يازدىم. چۈنكى ياش تالىپلار مەشق خەتتىن تەلىم ئېلىشتا بۇنىڭدىن مەنپەت ئالغاي ۋە ئۇلارنىڭ خېتىنىڭ خوشلىقى بىلەن كۆڭۈللەر رەۋشەن بولغاي.

نەزمە (قىتئە)

ھوسنى خەت بى زىھنى ھۆسنى دىلدارەست،
ھەمچۇ ماھىكى دەرشەپ تارەست.
ھەر گۈلى راخزان رەسەد ئەزپەي،
ئىن گۈلۇستان ھەمىشە گۈلزارەست.

(مەنىسى: خەتنىڭ چىرايلىقلىقى دىلدارنىڭ ھۆسنىدىن چىرايلىقراقتۇر. ئۇل قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتىدىغان بىر ئايغا ئوخشايدۇ. ھەر گۈلنىڭ خازان ۋاقتى بولىدۇ. چىرايلىق خەتنىڭ خازانى بولمايدۇ. ھەمىشە گۈلزاردەك ئېچىلىپ تۇرىدۇ. ئى ئوغلۇم، خېتىڭنىڭ چىرايلىق بولىشىغا تىرىشقىن. خەتكە كۆپ سەئىي (ئەجىر) قىلغايسەن. ئاللاتائالاسىنى ئېزىز قىلىدۇ. ھەممە ئالەمگە سەرۋەر بولۇرسەن.

نەزمە

مەشق كۇن ئى تالىبى مەنزۇر ھۆسنى ئالىمان،
تاكى باشى سەرۋەرى ھەمە جاھان ھەمەجاھان.

(مەنىسى: ئى تالىپ، مەشق قىلغىل، تاكى ئالىملارنىڭ ھۆسنىگە مەنزۇر بولۇرسەن. جاھاننىڭ ھەممىسىگە سەرۋەر بولماقىڭ خەت بىلەندۇر.)

خەتنى تولا مەشق قىلغىل، خوش خەت بولۇرسەن.

نەزمە

ئەگەر خۇاھىكى خەت خۇش نىۋەيسى،
نىۋەيسى، نىۋىيسى، نىۋەيسى.

(مەنىسى: ئەگەر كىشى خېتىم چىرايلىق بولسۇن دىسە، پۈتۈۋەرگەي، پۈتۈۋەرگەي، پۈتۈۋەرگەي.) مۇندىن مەلۇم بولدىكى، ھەر كىشى خەتنى تولا پۈتۈۋەرسە خۇش خەت بولۇر.

بىلگىل ئەي ئوغۇل، ھەرپىنىڭ مىقدارى ئولدۇركى، ئۆز قەلىمىدە «ئېلىپ» (ئا) نىڭ بويى ئۈچ چېكىت، توغرىسى بىر چېكىت باراۋىرىدە بولۇر. «بە» (ب) نىڭ بويى بىر چېكىت، توغرىسى ئۈچ چېكىت باراۋىرىدە بولۇر. «سە» ( ) بىلەن «تە» (ت) «بە» گە ئوخشاشتۇر. «جىم» (ج) نىڭ قوسىغى ئۈچ چېكىت باراۋىرىدە تۆۋەنگە چۈشۇر. «ھا» (ح) بىلەن «خا» (خ) «جىم» غا ئوخشاشتۇر. «دال» (د) بىلەن «زال» (ز) رۇكو سۈرىتىدە بولۇر. بىراق قەلەمنى قەغەز ئۈستىگە قويغاندا ئۈچىنى توغرا تۇتقاي. «را» (ر) بىلەن «زا» (ز) مۇرۇكۇ سۈرىتىدە بولۇر. ئەمما قەلەمنى تۈز تۇتقاي. «سىن» (س) بىلەن «شىن» (ش) نىڭ باش تەرىپى ھەم قوسىقىنىڭ ئەگرىسى ئۈچ چېكىت باراۋىرىدە بولغاي. «ساد» (ص) بىلەن «زاد» (ض) نىڭ ئۈچى ۋە قوسىغىنىڭ ئەگرىسى ئۈچ چېكىت باراۋىرىدە بولغاي، «تا» ( ) بىلەن «زا» ( ) نىڭ ئۈچى «ساد» غە ئوخشاشتۇر، ئەمما ئۈچى ئىگىسىزەك بولغاي. «ئەيىن» (ع) بىلەن «غەيىن» (غ) نىڭ قوسىغى ئۈچ چېكىت باراۋىرىدە بولۇر. «فە» نىڭ (ف) قۇيرىقى ئۈچ چېكىت باراۋىرىدە تارتىلۇر. «قاپ» (ق) نىڭ قوسىغى ئۈچ چېكىت باراۋىرىدە ئىگىلۇر. بېشى «فە» (ف) گە ئوخشاشتۇر. «كاپ» (ك) نىڭ بېشى، ئوتتۇرىسى، ئاخىرى ئوخشاشلا ئۈچ چېكىت باراۋىرىدە بولۇر. ئاخىرىنى ھەتتا تۆت چېكىت باراۋىرىدە سوزۇشقىمۇ بولىدۇ. «لام» (لا) نىڭ بويى ئۈچ چېكىت، قوسىغى ئۈچ چېكىت باراۋىرىدە بولۇر. «مىم» (م) بېشىدا ئازراق زىيادىسى (ئارتۇغى) بار. بېشىدىن ئەگرىسىغىچە بىر چېكىت، قۇيرىقى بىر ئېلىپ (I) مىقدارىدا بولۇر. «نۇن» (ن) نىڭ ئۈچى ئۈچ چېكىت باراۋىرىدىدۇ. «ۋاۋ» (ۋ) نىڭ ئايىغى «را» (ر) سۈرىتىدە بولۇر. «ھە» (ھ) نىڭ سۈرىتى شۇبۇدۇر. «ە». «لام ئېلىپ» (لا) ئولدۇركى، «لام» (ل) نىڭ ئەگرىسىغە بىر (1) قويسا تامام بولۇر. «يا» (ي) نىڭ قوسىغى ئۈچ چېكىت باراۋىرىدە بولۇر. مەزكۇر ھەرپلەرنى ئاشۇ قائىدە بويىچە قەلەمنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك ئەھۋالىغا قاراپ پەرقلىق يېزىشقا بولىدۇ. ئەمدى ھەرقايسى ھەرپلەرنىڭ تەقلىتىنى تۆۋەندىكىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

① رۇكو ـ نامازدا سەجدىگە باش قويۇشتىن ئىلگىرىكى ئىگىلىش ھالىتى.



لەزمە

مەشق قىلغىل ئى بۇرادەر پەزلى تاپقايسەن گەسەر،
پەزلى تاپقاي ھەركىشى بولسا كىتابەتكە دىلەر.

خەت ئىلمىنى ئوقۇپ قويغىن خالايىقلار ئارا،
خەتنى ئىسپىل ئىلمى دەپ ئەيتتى رۇسۇلى موتەبەر.

ھەر كىشى ئۆرگەنسە خەت پۈتۈمەكنى ئول بولغاي ئۇلۇغ،
تاكى تاپقايلار ئۇشۇل خەت بىرلەكۆپ ئەرپى شەھىر.

ھەركى خەتكە بولسا ئالىم كۆپ كىتاپلار ھەل بولۇر،
ھەل بولۇپ مۇشكۇل كىتاپلار ئالدىدا تولغاي بەسىر.

خەت ئۆزى ياخشى گۈلۈستاندۇر خازانى يوق ئىنىڭ،
ئول گۈلۈستان ئىچرە باردۇر نەۋئى رەڭگا ـ رەڭسەرىر.

نى بىلۇرلەر ھۆسنى خەتنىڭ قەدرىنى نادان كىشى،
پۈتتى جاكاتىپ ئىنى قىلغاي تولا مىكرۇغەدىر،

خەتنى خوپ قىلغايسەنۇ ھاسىل بولۇرلەر ھۆسنى خولىق،
ھۆسنى خولق قىلغان كىشىگە جەننەت ئىچرە كۆپ ھەرىر.

مەشغۇل ئولغىل خەتتەكىم تەگۈرىم ساڭا نۇسرەتبىرۇر،
نۇسرەتى ھەق ك  يەتسە ئول بولۇرلەربى نەزىر.

ئەمدى كەلدۈك ئى بۇر  ەرلەر كىتابەتگە قارا،
ئۇچيۈزۈ قىرىق ئالتە ۋە مىگدىن كىيىن بەداز ھىجىر.

ئۇشبۇ بىيىتىمنى ئىشتىڭ خاس ئام يارانلىرىم،
يازدى ئابدۇل مۆزنەپىكىم ماللا ئەھمەد مۇھتەقىر.

تەممەتۇل كىتاپ، بىداھە قىرىتۇللاپ قازى ئەھمەد بىننى خۇدا بەردى ھاجىل مەركەتىدۇر. 1346ـ سىنە، ھىجرى. (ئۇشبۇرىسالىنى مەكتىلىك خۇدا بەردى ھاجىمنىڭ ئوغلى كەمىنە قازى ئەھمەد ھىجرىيە 1346ـيىلى يېزىپ تامامىدى.)

ئەھمىدى غەزەللىرىدە ئۇچرايدىغان سۆزلۈكلەرگە ئىزاھات.

①تۇرۇك ــ بۇ يەردە ساۋاتسىز، نادان دىگەن مەنىدە كەلگەن.
②ئاتەشى دەۋزەخ ــ دەۋزەخ ئوتى.
③بارائەت ــ يىراق، خالى.
④ئەلھەمدۇللا ــ خۇداغا شۈكرى.
⑤پەزلى ــ پەزىلەت ، خىسلەت.
⑥ئىنايەت ــ كوپ، ئۇرغۇن.
⑦خاكسار ــ توپا ـ تۇپىراق ، تۇپىراققا بۇلغانغان.
⑧پىرقەت ــ ئايرىلىش، جۇدالىق.
⑨جۇز ۋەسلى تىر ياقى ــ ۋەسىل دورىسى
⑩ئۇشمن ــ تېتىمىش.
⑪خىلئە تۇتەلئەت ــ بۇيەردە: ‹‹بەخت دولىتىدىم قولۇمدىن كېتىپ قالغان›› دىگەن مەنىدە كەلگەن.
⑫تەرەھھۇم ــ رەھىم قىلىش ، رەھمى كېلىش،
⑬بادى نەسىم ــ ئىللىق شامال، سالقىن شامال.
⑭مۇژدە ــ خوش خەۋەر.
⑮ئاب ھايۋان ــ ھاياتلىق سۈيى.
⑯گۇشاھ ــ رۇشەن قىلىش، ئېچىلدۇرۇش.
⑰مەسىم جان ــ بىرىم جان.
⑱ۋۇجۇدۇم خىرمەنى ــ بارلىقۋۇجۇدى، پۈتۈن جىسمىم.

(19) ئىتتىھاد—بىرلىكىش، قوشۇلۇش، بىرلىك.
(20) چاھ يابىل—بابىل شەھىرىنىڭ زىندان ئورنى.
(21) ئىنپىراد—قايتۇرماق، يىراق قىلمىش.
(22) كەيقىباد—«شاھنامە» دىكى ئىران شاھلىرىنىڭ بىرسىنىڭ نامى.
(23) رەقەم—يېزىق، بەلگە.
(24) بەرھەق—راست، شەك يوق.
(25) ئەبرەق—دەھشەتلىك، قاتتىق.
(26) يۈزشەق—يۈز يېرى يېرىلغان.
(27) ئەنەلھەق—مېنمۇ ھەق.
(28) تېسەلسەل —زەنجىرسىمان
(29) تاناب—يىپ، ئاغامچا.
(30) لاماكان—ماكانسىز، ماكانى يوق.
(31) تەجەللى— نۇر.
(32) قەندىل—شامدان
(33) شاھى ئەزەق—شاھنىڭ مەرتىۋىسىدەك ئۈستۈن قىل.
(34) دەستىگىر—قولداش، قولىدىن تۇتۇپ يېتەكلىگۈچى.
(35) رەۋنەق—راۋاجلىنىش، گۈللىنىش.
(36) لەيلى ناما—لەيلىگە ئوخشاش مەشۇقلار.
(37) پىرى مىغان—مەيخانە پىرى.
(38) زىكرىيا—پەيغەمبەرلەردىن بىرىنىڭ ئىسمى.
(39) پىرجىغا—جاپانىڭ پىرى.
(40) شىۋەسى—يوسۇن، ئادەت، خۇلق، ناز.
(41) ئەغيار—يات، غەيرى، بىگانە.
(42) شەھنىشا—شاھلارنىڭ شاھى.
(43) سەييا—ئەۋچى.
(44) نى يا ئىستىن—نىمە سەۋەپتىن.
(45) پەرۇھەم بال—قانات ۋە قۇيرۇق
(46) چۇغىز—ھۇقۇش، قاغا.
(47) قەھقەھ—قاقاھلاپ كۈلۈش.
(48) زالالەت ئاشيان—زۇلمەت ماكانى، زۇلۇم ئۇۋىسى.
(49) تەزەررۇ—يالۋۇرۇش.
(50) غۇلام—خىزمەتچى، چاكار.
(51) غەپۇرا، قادىرا، ھەييۇ، قەييۇما—خۇدانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرى.
(52) تەزەللۇم—زۇلۇم قىلمىش.
(53) دەرىغ—ئېسىت، ئەپسۇس.
(54) قىسسەئى باغى ئىرەم—ئەپسانىلەر قىسسىسى.
(55) خەتتەئى كار ئەدەم—ۋاپاسىز دۇنيا.
(56) زۇلپ—چاچ.
(57) ئەدەم—ھەسرەت، نادامەت، پۇشايمان قىلمىش.
(58) ئەتلەسىن—ئەسلى مەنىسى «ئەتلەس» بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە [illegible]
(59) جۇشەش—قاينىماپ، تېشىپ.
(60) زەم—قوشۇش، جەملەش، سوكۇش.
(61) كىشۋەر—مەملىكەت، پادىشالىق.
(62) نۇرى زەلەم—قاراڭغۇلۇق، ئۆچكەن نۇر.
(63) دەھرى رىبات—زامانىنىڭ قونالغۇسى.
(64) ماتائىم زوھۇر—بارلىقىنى ئاشكارە قىلمىش.
(65) دەرەم—ئاقچا، پۇل.
(66) ھەشەم—ھەشەمەت.
(67) سەتەمگەر—زالىم، ئازاپ سالغۇچى.
(68) قەد تۇئى— سېنىڭ قەددى قامىتىڭ.
(69) ئائىنەسى—ئەينىكى.
(70) خالە خەت—مەڭ، چىكمەت.
(71) رەمز—خۇلىق قىلمىش، جىلۋە قىلمىش.
(72) خۇرشىد—قۇياش، ئاپتاپ.
(73) كۇشاھ—خۇشال قىلمىش، شاتلاندۇرۇش.
(74) دەپئى—تۈگۈتۈش، ئاخىرلاشتۇرۇش.
(75) سەرئەپراز—غەمسىز، غەمدىن خالاس بولۇش.
(76) تەھەممۇل—سەۋر-تاقەت، ئېغىرلىق، تەمكىنلىك.
(77) لوپتى كارامەت—ئاجايىپ مەرھەمەت.
(78) رەھمى ئىنايەت—رەھىم-شەپقەت، ياخشىلىق.
(79) خەستە—ئاجىز، بىچارە، كېسەل.
(80) زۇلمى ئەزدا—زۇلۇمدىن شىكايەت قىلمىش.
(81) ئەييام—كۈنلەر.
(82) سەرگەشتە—سەرگەردان، ئاداشقان، ئاگگىرىغان.
(83) ئەشىك سىماپى—سىماپتەك توكۇلگەن كوز يېشى، مۇنچاق - مۇنچاق ياش.
(84) نەۋئى سەۋدا—بۇخىل سەۋدا.
(85) باقا—مەڭگۈلۈك.
(86) زەھى—بەكمۇ، ناھايىتى.
(87) لىباس—كىيىم-كېچەك، باش كىيىمى.
(88) تالىئى مەسئۇد—ياخشى تەلەي.
(89) پۈرخەندە— خۇشاللىققا تولغان.
(90) رەببەنا، زەلەمنا—تەڭرىم، ئۆزۈمگە-ئۆزۈم زۇلۇم قىلغاچ.
(91) چاھ—قۇدۇق، زىندان، چوڭقۇرلۇق.
(92) بى سەرۇ سامان—باشباشتاق، قالايمىقان.
(93) ئاشۇپتە—مەپتۇن، شەيدا، پەرىشان.
(94) بالو پەردىن—قانات-قۇيرىقىدىن.
(95) چاك گىرەيبان—ياقىسى يىرتىلغان.
(96) ئارىزى—كورۇنىشى.
(97) شەۋق ئەھراق— ئىشقىنىڭ كويدۇرۇشى.
(98) ئەندەلىپ—بۇلبۇل.
(99) نىھال غۇنچە—ياش غۇنچە.
(100) تەشبىھ—تەقلىد، ئوخشاش.
(101) شەۋقى پەرۋان— ئەگىرمەنىڭ ئىشقى.
(102) شەھباز—قارچىغا قۇش.

(103) تورپە ـ تورپەـــئاجايىپ ـــ ئاجايىپ،قىزىق ـــ قىزىق، يېڭى ـــ يېڭى.

(104) مۆئەۋۋەر باساپاـــيورۇق، ساپالىق.

(105) سىراتەلمۇ ستەقىم ـــ توغرى يول.

(106) رەھنەماـــيول باشلىغۇچى.

(107) ماساۋاــــئەتىجىلمەك ، غەلىبىلىمەك.

(108) شايەدــــبەلكى، كاشكى ، ئېھتىمال،

(109) ۋەلىــــۋەلېكىن ، ئەمما، بىراق.

(110) ۋاساۋەســــۋەسۋەسە .

(111) تاشاۋەشـــئەنسىرەش .

(112) زەمىردىمـــقەلبىم، يۈرىگىم.

(113) شەبىستانـــكېچە.

(114) ۋەھدەتـــبىرلىك ـ بىللىلىك.

(115) هاۋادىســــهادىسلەر.

(116) هەبىبــــدوس، يار .

(117) ئەفاسىــــئېغىر چېلىغى، كۆلپەت مەشەققىتى.

(118) قاپىلەـــكارۋان .

(119) تىغ تارانەـــتىغدىن چىققان ئاۋاز.

(120) شەھۋى هودـــهود ئەلەيھىسسالامنىڭ شەھەردىنى. كوزدە تۇتىدۇ .

(121) ئاستانەـــبوسۇغا، ساراي.

(122) شەيشى لەيلاـــخۇدا يولىدا بىر نەرسە بەرگىل.

(123) پىر ئەنۋارـــنۇرلۇق، نۇر يېغىپ تۇرىدىغان.

(124) ئەييارـــهىلىگەر، قۇۋ.

(125) ئەبەســـبىھۇدە، بىكار.

(126) ساپائىـــبۇ يەردە «ئومىدىمنى» دىگەن.

127 ئىتتىهادـــ بىرلەشتۈرۈش مەندە كەلگەن.

(128) جىننىڭ مۇسەن ئاقىلـــسارائىمۇ؟ياكى هۇـــشۇڭ بارمۇ؟

(129) مۇنىسلىقـــدوستلۇق، ئولپەتلىك، مۇڭداشقۇچىلىق.

(130) شىكۇەسىنـــزارلىنىش، شىكايەت.

(131) مىرغىزارـــگۈلـگۈلۈستان، ياپلاق، ئوتلاق.

(132) جەستىجۇـــئىزدىنىش ، ئىزلەش.

(133) نىسارـــقۇربان قىلىش.

(134) تەلەتتۇپـــمىھرىۋانلىق قىلىش.

(135) ئۇقبەـــنىشان، ئاخىرەت.

(136) ساتارـــيۇلتۇزنىڭ ئىسمى.

(137) نەركەســـچىرايلىق ئېچىلىدىغان بىر خىل گۈل.

(138) شەھدۇـــشەكەرـبال ۋە شىكەر.

(139) داهانـــئېغىز ، دەرۋازا.

(140) مۇشكى تاتارـــئىپارنىڭ بىر خىل تۈرى.

(141) شاھباز نازـــجىلۋىلىك ناز.

(142) نى ئىتكۈمـــقانداق قىلىمەن؟، نىمە ئىلاج.

(143) خەرەدـــئېقىل، پاراسەت.

(144) بى جۇزـــهەممە، بارلىق.

(145) ئىتاپـــغەزەپ، تاپا ـ تەنە.

(146) شىتاپـــئالدىراش، تىز.

(147) تولۇئـــئاي ياكى كۈننىڭ چىقىشى.

(148) سىھابـــبۇلۇت.

(149) مەركەبـــهايۋان ، مىنىدىغان ئۇلاغ.

(150) سۇيىـــتەرەپ.

(151) ھىجابـــپەردە، توساق.

(152) پەتمە هاباپـــۋەيران قىلىش، بۇزۇش.

(153) نىشىنـــبىللە ئولتۇرۇش.

(154) كەرـــگاس، قۇلىغى ئاڭلىماس.

(155) كورخىرەتـــ كور خېرىدار، سودا قىلىشنى بىلمەيدىغان كىشى .

(156) زەنگارـــكوك رەڭ.

(157) زاھىرەنـــ ئاشكارا ، ئوچۇق.

(158) چەشمەئىـــ شەپقەت كوزى.

(159) ئالەممىس سىرئول خەبىياتـــئالەمسىرىنىڭ مەخپىيە تىلىگىنى بىلگۈچى.

(160) سەنگىـــتاش .

(161) تەقەررۇپـــيېقىنلىق.

(162) غەنىـــباي، دولەتمەن ، ئېھتىياجسىزكىشى .

(163) هەقىرـــكەمسىتىلگەن، هاقارەتلەنگەن.

(164) تەغەننا ـــناز قىلىش .

(165) تەھەررۇك ـــ هەرىكەتلىنىش، مىدىرلىماق ، تەۋرىنىش.

(166) هادىـــتوغرا يول كورسەتكۈچى.

(167) تەھدى ـــغەمخورلۇق.

(168) تەئەششۇقـــئىشق.

(169) جەيھۇنـــئامور دەرياسى.

(170) مىسلى ئەدھەمـــ ئىبراهىم ئەدھەمگە ئوخشاش.

(171) هەيئەتـــشەكلى، تۈزۈلۈشى.

(172) بۇ تەسىـــبۇ تەرەپتە، بۇ خىلدا.

(173) گۇدازـــقاتتىقلىق، قاتتىق قوللۇق.

(174) مىرئاتـــئەينەك.

(175) گەنجـــخەزىنە .

(176) باتىنـــئىچكى، ئىچكى دۇنياسى.

(177) مۇنىســـسىرداش، دوس ، هەمراھ.

(178) لى مەئەللاـــئاللا بىلەن خاس بىللە بولۇش ۋاقتى.

(179) سىدرەسىـــمەۋسى.

(180) پانىـــۋاقىتلىق .

(181) خىلۋەتـــخالى جاي.

(182) خۇمى ئەلەســـمەي قاچىسى.

(183) جۇرئەئىـــبىر يۇتۇم.

(184) زاھىد ئەھلى — تەقۋادارلار، تەقۋادار كىشىلەر.
(185) زىنان — ئايال كىشى
(186) پەنج ۋەقت — بەش ۋەقت.
(187) سەبەق — ساۋاق.
(188) ھەمراز — سىرداش.
(189) دەمساز — ھەمنەپەس.
(190) خىرۇج دۇخۇل — كىرىش - چىقىش
(191) بىلكۇللى ھاۋا — ئاتمۇسفېرا.
(192) ئەينىل يەقىن — بىرەر ھادىسىنى كوزى بىلەن كورۇپ ئېنىق بىلىش.
(193) تۇبۇئىلەيكە — تەۋبە قىلىش.
(194) نۇرى شوھۇد — خۇدانىڭ بىرلىكىگە شاھارەت ئېيتقان.
(195) شاھى جىلان — غەۋسۇلئەزەم كوزدە تۇتۇلىدۇ.
(196) بىسمىل — ئىشىنىڭ دىشى.
(197) ماساۋاللا — دۇنيانىڭ ئىش كۇشلىرى.
(198) تۇتى سۇخەندان — تۇتى قۇشقا ئوخشاش شىرىن سوزلۇك.
(199) ۋاھ ۋەيلىتا — ئىسىت، پۇشايمان.
(200) بەيتىل ھەزەن — غەم ئويى، غەمخانە.
(201) پەيكان — ئوقنىڭ ئۇچى.
(202) سىنە ساندوق — كوكرەك قەپىزى.
(203) مەسەم — ئېسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى
(204) ئەدەم رەختى — كېپەن.
(205) سەخت — قاتتىق.
(206) تەلخكەم — قايغۇلۇق.
(207) ھەمۋارە — تەڭ بارارەر، تەڭلەشمىش، تەكشىلەشمىش.
(208) پىرى پەرزانە — پىر ئۇستاز.
(209) دىلپىكار — دىلى سۇنۇق، كوڭلى زەخىملەنگەن.
(210) تاقو - راۋاق — ئوي ئىمارەت.
(211) ئىئانەت — ياردەم.
(212) ھىدايەت — توغرا يول كورسۇتۇش.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدىرېھىم سابىت

(بېشى 126 - بەتتە)

رىسىدىن چىقىرىۋەتسە بولىدۇ. پاراسەتلىك ھاكىم يۇقارقىدەك ناباپ خادىملارغا ئەلۋەتتە سىياسەت، پىرىنسىپ بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، گۇناسادىر بولسا، ئۇنى قايىل قىلىپ، جازا بەرسۇن ۋە ئۇلارنىڭ بويىنىنى چېپىپ، ئۇز قېنى بىلەن يۇزلىرىنى قىزارتسۇن. ئەمما، ئۇنىڭ يۇزى قىزارغاندا، گۇلنىڭ رەڭگىگە لايىقلىشىپ قالماسمۇ؟ ئۇلارنى قېرى مۇخەننەس، جادۇگەر موماي لار بىلەن بىر گۇرۇپپا قىلىپ، ئۇلارنىڭ زىبۇ - زىننەتلىرى بىلەن سىپىر كورسۇتۇپ، قېشىنى ئوسمىغا لايىقلاشتۇرۇپ، ئوسما قويۇپ، ئىككى مەڭزىگە ئوڭ - سول قىلىپ ئىككى خال قويۇپ، سەللىسىنى رومال قىلىپ ئارتىپ (چوكانلار مەستۇرە بولسىمۇ، ئۇلار مەستۇرە ئەمەس)، كەشتىلىك لېچەك (رومال) سېلىپ، پەۋقۇلئاددە زىننەتلەر بىلەن ياساپ، جابدۇغاندىن كېيىن، يوغان مۇڭگۇزلىك ئوكۇزگە تەتۇر مىندۇرۇپ، شەھەر ئايلاندۇرسۇن، ئۇنى كورگەن خەلق لەئنەت - نەپرەت ياغدۇرسۇن.

قەغەزنىڭ يۇزى قاپ - قارا بولۇپ كېتىشتىن ئۇيات بولمايدىغان بولسا، قەلەمنىڭ قارا تىللىقىنى ياپىدىغان بولمىساق، ئۇلارنىڭ چوپقەتلىرى ۋە ئاشقىلىرىنىمۇ يازاتتۇق. ئۇ قارا يۇزلەرنىڭ قەبىھلىكىنى ئاشكارىلاش ۋە قارا يۇزلىكىنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىش پۇتۇن ئالەم خەلقىنىڭ تەلىپى بولسىمۇ، يۇقۇرىدا دېگەنلىرىمىز بەس بولار.

بېيىت:

بۇ نەۋئە مەسخەرلىك ئەلگە بەسدۇر ھەيۋەت،
كى ئۇلگەي ئىشتىبان كىمكى بار ئېسە غەيرەت.
(بۇ خىل ئادەملەرگە بۇ مەسخىرە يېتەر. بۇنى ئاڭلىغان كىشىدە غەيرەت بولسىلا ئەلۋەتتە ھەيران قالار.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدىرېھىم توختى.

# مەھبۇبۇل قۇلۇپ

## ئەلىشىر ناۋايى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

## 1 - پەسىل، ئادالەتلىك پادىشالار

ئادىل پادىشاھ بەندىلەرنىڭ بېشىدىكى خۇدانىڭ سايىسىدۇر. خۇدا پەيغەمبەرلەردىن كېيىن پەيغەمبەرنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدىغان خەلىپىلەرنى (ئىز باسارلارنى) ياراتقان. ئادىل پادىشاھ ئەلۋەتتە ماختاشقا لايىق بولۇپ، كىشىلەر ئادىل پادىشاھزامانىسىدا تۇغۇلغانلىقى بىلەن ماختىنىدۇ. ئادىل پادىشاھ خۇدانىڭ خەلققە قىلغان شەپقەت ۋە رەھمىتى ھەمدە خەلققە بەرگەن خاتىرجەملىكىدۇر. ئادىل پادىشاھ باھار يامغۇرىغا ئوخشاش قارا تۇپراقتىن گۈل ئۈندۈرۈپ، مەملىكەت خەلقىنىڭ بېشىغا ئالتۇن، گۆھەرلەرنى چاچىدۇ. كەمبەغەللەر ۋە ئاجىزلار ئۇنىڭ مولايىم شەپقىتىدىن بەخت تاپسا، زالىملار ئۇنىڭ سىياسىتىدىن خەۋپتە بولىدۇ.

ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىدە قوي - قوزىلار بۆرىنىڭ خەۋپىدىن، مۇساپىرلار ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن خاتىرجەم ياشايدۇ. ئۇنىڭ شەپقەت - مەرھەمىتى بىلەن بالىلار مەكتەپلەردە ئىلىم ھاسىل قىلسا، ئۇنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن ئاجىز - يېتىملار باياشاتلىقتا كۈن كۆچۈرىدۇ. ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن يوللار قاراقچىلاردىن خالى بولۇپ، ئۇنىڭ چىڭ تۇتۇشى بىلەن ئەمەلدارلار خالىغانچە زۇلۇم - سىتەم قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىسادى بىلەن مەسچىتلەر جاماەت بىلەن تولغان، مەدرىسلەردە ئىلمى مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرىلەر قايىتىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئادىل سىياسىتىدىن ئوغرىلارنىڭ قولى ئەلنىڭ مېلىغا يېتەلمەيدۇ. باياۋاندا قاراقچىلار قالمايدۇ. كېچىلەردە كىشىلەر خاتىرجەم، دۇككانلاردا چىراق يېقىقلىق، سودا يۈرۈپ تۇرىدۇ. كۈن ئولتۇرغاندىن تارتىپ تاڭ سەھەر ۋاقتىغىچە خانىقالارنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، ئىبادەتخانىلار ئىبادەت نۇرىدىن يوپ - يورۇق بولۇپ تۇرىدۇ.

ئادىل پادىشاھ شەھەر ۋە مەھەللىلەرنىڭ پاسىبانى (گۈزەتچىسى)، يېزىدا قويلارنىڭ چوپانى (پادىچىسى) دۇر. پۇخرانىڭ راھەت بېغى ئول پادىشا بىلەن ئاۋاتتۇر. ئەسكەرلىرى راھەت — پاراغەتتە، قايغۇ — غەمدىن ئازاتتۇر. ئۇنىڭ بىلەن ئاجىزلار كېچىنى بىمالال ئۆتكۈزسە، بالىلار ئاق سۈتكە ئويناش بىلەن ئۆتىدۇ. قېرىلار ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا بىلەن بولىدۇ. كېنىزەكلەر ماۋۇق ساۋاپ (ئۇرۇپ) قېرىلارنىڭ دۇئاسىغا جۆر بولىدۇ. پۇخرا ئۇنىڭغا ھەم دۇئا قىلىدۇ ۋە ئەركىلىيەلەيدۇ. پۇخراغا ھەم سېخىلىق قىلىش، ھەم پۇخرانىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۇنىڭ ئادىتىدۇر. ئاچلار ئۇنىڭ غىزاسىدىن ئوزۇقلانسا، يالىڭاچلار ئۇنىڭ رەھىم — شەپقىتىدىن كىيىنىدۇ. ئۇ، مەملىكەتنى يامغۇرلۇق بۇلۇت بولۇپ سىراپ قىلسا، ئۇنىڭ سېھرى مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆزىنى قۇياش بولۇپ يورۇتىدۇ. باشقا مەملىكەت خەلقلىرى ئۇنىڭ ئارزۇسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئادىللىقى توغرىسىدا ھىكايە سۆزلىشىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقى ھەققىدە ئالىملار كىتاپ يازىدۇ، شائىرلار مەدھىيە ئوقۇيدۇ، سازەندىلەر ئۇنى ماختاپ نەغمە تۈزىدۇ. شائىرلار سازەندىلەرگە ئاتاپ ناخشا تېكىستى يازىدۇ. بۇ، خەلقنى رازى قىلىش بىلەن خۇدانىڭ رازىلىقىنى ئىستەيدۇ. مەسىلە ھەل قىلىشتا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق قىلىدۇ.

مەسنەۋى:

ئولۇس پادىشاھى ۋە دەرۋىش ۋوش،
ئاڭا شاھلىقتىن كېلىپ پەقىر خوش.

(ئۆزى پادىشاھ دەرۋىشكە ئوخشاش، ئۇ، پادىشالىقتىن دەرۋىشلىكنى ياخشى كۆرىدۇ)

جاھاندارلارغا سوپەد ئىشتىباھ،
ۋەلى ئەھىل پەقىر ئالدىدا خاك راھ

(ئۆزىنى بايلار ئالدىدا ئاسماندەك، پەقىرلەر ئالدىدا تۇپراقتەك تۇتىدۇ).

جاھان مۈلكى ئالىرە خاشاكچە،
ۋەلى بىر كۆڭۈل مۈلكى ئەپلاكچە.

(پۈتۈن دۇنيانى قولغا كەلتۈرۈش ئۇنىڭ ئالدىدا خەستىچىلىك ھېساپلانمايدۇ، لېكىن، بىر كۆڭۈلنى قولغا كەلتۈرۈش ئاسمانچە ھېساپلىنىدۇ).

بارى بى ناۋالار ناۋا سازى ئول،
ھەم ئولنەۋ ئىككىم شاھ ئەبۇلغازى ئول.

(ئۇ ئەبۇلغازى شاھقا ئوخشاش، ئاجىزلارغا غەمخورلۇق قىلغۇچىدۇر).

كېلىپ ئەيىن ئىنسان ... ئىنسان ئەيىن،
جاھان ۋارىسى، شاھ سۇلتان ھۆسەيىن.

(ئادەملەرنىڭ كۆرۈنەرلىك كاتىپراغى، دۇنيانىڭ ئېگىسى پادىشا ھۆسەيىن بايقارادۇركى) .

كى تا بولسا گىردۇنغا دەۋۋارلىق،
ئاڭا باقى ئولسۇن جاھاندارلىق.

(جاھان ئۆزگىرىپ كەتسىمۇ، پادىشالىقىدىن قالمىسۇن).

خالايىققا ئول شاھدىن ئولسۇن نىشات،
دەمى بولمىسۇن خالى ئاندىن بىسات

(ئۇ، شاھ ھۆسەيىندىن خەلقلەرگە خۇشاللىق يەتسۇن ، ھەر نەپەستە خەلققە كەڭچىلىك بولۇپ تۇرسۇن).

## 2ـپەسىل. بەگلەر

ھوسەيىن بايقارادەك شاھنىڭ يېنىدا مۇسۇلمان بەگ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە تۇرۇت يارنىڭ بىرىنىڭ بولغىنىغا ئوخشاشىدۇر. ئۇنداق بەگ نامراتلارغا باش پانا بولۇپ، پادىشانىڭ كوڭلىنى خوش قىلىدۇ، پادىشاغا سادىق بولۇپ، پادىشانىڭ ئاخىرەت غېمىنى يەيدۇ . يامانلار ئۇنىڭدىن ھۈركۈپ، ياخشىلارغا يامانلىق قىلالمايدۇ، ئۇ، ئۆزئائىلىسىنىڭ خىيالىنى قىلمايدۇ، خەلقتىن پۇل ـ مال تاما قىلمايدۇ. ئۇنىڭ مۇرات ـ مەقسىدى پۇخراغا ئامانلىق تىلەشتىن ئىبارەت بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى رازى قىلىشنى ئىستەيدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئەسلى پاك بولۇپ ، پادىشانىڭ خىزمىتىگە سادىق. پادىشا ئىشىكى مۇنداق بەگدىن خالى بولمىسۇن، ئۇنداق بەگنىڭ مەنسىۋى باشقىغا يۆتكىلىپ كەتمىسۇن.

## 3 ـ پەسىل. لاياقەتسىز ئورۇنباسارلار

ئۆزىنىلا دەيدىغان يالغانچى ئورۇنباسار ، مۇسەيلىمەتۇل كەززاپ①قا ئوخشاشىدۇر. مۇسەيلىمە يالغانىدىن ماڭا پەيغەمبەرلىك ۋەھيى كەلدى دەپ ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلغان، لاياقەتسىز ئورۇنباسار ئۇشاھتا بولمىغان خۇسۇسىيەتلەرنى يالغاندىن بايان قىلىدۇ ، ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنىڭ سەۋىيىسى تامامەن خورلۇق ، ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنىڭ سەۋىيىسى ئاچكۆزلۈك . ئۇ يالغان بىلەن مۇسۇلمانلارغا ۋە دىنغا نۇقسان كەلتۈردۇ. يالغاننى تاپسىلا راست سۆزلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن خىيا-

① مۇسەيلىمەتۇل كاززاپ ـ ئاۋۋال ئىمان ئېيتىپ، كېيىن مۇرتەد بولۇپ كەتكەن شەخس.

لى تامامەن باشقا بولۇپ، پاراخورلۇق قىلىدۇ. بۇ خىل ئورۇن باسارنىڭ شاھنىڭ ئىشىگىدە بولغىنى ياخشىراق.

## 4 ـ پەسىل. زالىم، نادان ۋە پاسىق پادىشالار

ئادىل پادىشاھ ئەينەككە ئوخشاش بولۇپ، زالىم، نادان، پاسىق پادىشاھ تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچىدۇر. يەنى ئۇ يورۇق تاڭ بولسا، بۇ قاراڭغۇ كېچىدۇر. ئۇ زۇلۇمنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇزغۇنچىلىقنى دوست تۇتىدۇ. مەملىكەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۇنىڭ كۆڭلىگە يوشۇرۇنغان. خەلق پەرىشان بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ، ئۇنىڭ زۇلمىدىن ئاۋات جايلار ۋەيرانىغا ئايلىنىدۇ، كەپتەرنىڭ كوۋۇكى ھۇقۇشنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ بەزمىسىدە سەل بولۇپ ئاققان ھاراق، ئاۋات يۇرتلارنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆيىگە مەسچىتنىڭ پەشتىقى قويۇلسىمۇ، بېشىغا مېھراپنىڭ ئەگمىسى كەيدۈرۈلسىمۇ، ئۇ تولا چاغلاردا قان تۆكۈشنى بىرىنچى سانايدۇ. شۇڭا جېنى بارلا كىشى ئۆلۈمدىن دەككە ـ دۈككىدە ياشايدۇ. ئەگەر ئۇ ئىچىملىككە ھېرىس بولسا، كوچا ـ كوچىلاردا مۇسۇلمانلارغا خەۋپ تۇغۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇزۇق، بەدپېئىل بولسا، خەلقنىڭ بالا ـ چاقىسىغا ئەندىشە ۋە ئازاپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ قاپىقى يامان، ئۆزەمچىل بولسا، شەپقەتلىك ناۋايىنىڭ ھالىغا نىمە دىگەن ئېچىنىشلىق ـ ھە!

ئۆزى ناباپ، ئەمما ئۆزىگە بەك ياخشى، ئەل ياخشى كۆرگەن نەرسە ئۇنىڭغا ياردىماس نەرسە بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭغا كۆپ خىزمەت قىلغان كىشى ئۇنىڭ ئالدىدا بىر يېڭىلىش بىلەن يوققا چىقىرىلىدۇ، ئاز خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممە نەرسىسى يوققا چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭ خاتا پىكرىگە باشقىلار قوشۇلمىسا، بەلكى ئۇنىڭ پىكرىدىن خەۋەرسىزلەرمۇ قورۇق تۆھمەتكە يولۇقىدۇ، خاتا پىكرىدىن نەتىجە كۆرۈلمىسە، قوشۇلمىغانلارغا، بەلكى خەۋىرى يوقلارغا ئازاپ بولىدۇ. ئابى ھاياتنى (ھايات سۈيىنى) زەھەر دىسە راست دىمىگەن كىشى گۇناھكار، قوياشنىڭ نۇرىنى قاراڭغۇ دىسە راست دىمىگەن كىشى قاتتىق دۇچار بولىدۇ. ئۆزىگە پايدىلىق ئىش بولسا، بىر تامچىنى دەريادەك ھورمەتلەيدۇ. بىر زەررىنى مۇسائەلەيھىسسالامنىڭ ئاق قولىدەك قىممەتلىك بىلىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن مال ـ مۈلكىنى بىر تىيىنگە ئەرزىمەس نەرسە دەپ قارايدۇ. ئېزىز جېنىنى پىدا قىلغان كىشىنى بىر چۈۋىنچە كۆرمەيدۇ. ئەگەر بىرى سانى شۇڭقار دەپ ئېيتسا، غازنى ياخشى ئالىدۇ دىمىگەنلىگى ئۈچۈن سوزى كەمتۈك ھىساۋلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ يورۇق كۈننى قاراڭغۇ كېچە دىسە، كۈندۈز دىگەن كىشى گۇناھكار بولىدۇ. راست سۆزلىگەن ئادەمنىڭ جېنى خەتەرلىك، ياخشىلىققا باشلىغۇچى ئادەمگە ئۆلۈم خەۋپى بار. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەقىقەت ناھەقچىلىق دەپ قارىلىدۇ. ئەقىللىقلار ئۇنىڭ ئالدىدا نادان ھىساپلىنىدۇ. كۆڭلىدە خەلققە ئۆچمەنلىك ساقلاپ، ئۇ ئۆچمەنلىكنى كۆڭلىدىكى بىر خەزىنە دەپ ھېس قىلىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈشكە جېنىنى پىدا قىلىدۇ. ئەلنىڭ مال ۋە جېنىنى ئوۋلاشنى قەستلەيدۇ. دىمەك، پىرئەۋنىنىڭ ۋەزىرى ھامان بولغىنىدەك، يامان پادىشانىڭ ۋەزىرىمۇ يامان بولىدۇ.

نەزم:

ئويلەكىم شاھ مارغا بولغاي مومىد،
ھەم جەئىسرى ياد بانى خەلقنى،
تائۇن ھەم ئۇلغاي بىر سىرى.

(پادىشا پىلانىغا ئوخشاشلارنى دوست تۇتسا، ئۇنىڭ چىۋىن قورىغۇچىلىرى خەلققە ۋابا- دەك كۆرىنىدۇ). تەگرىم بۇنداق بالالارنى يوقلۇقنىڭ قۇدۇغىدىن بارلىقنىڭ تەختىگاھىغا كەلتۈرمىسۇن.

## 5 - پەسىل. ۋەزىرلەر

ۋەزىر سۆزى "ۋۇزەر"دىن ئېلىنغان بولۇپ، ۋەزىرنىڭ ۋەزىپىسى ئۇنىڭ زاتىغا باغلىق. ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى لايىقىدا بىلەن ئورۇندىغان سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىرى ئاسەپدۇر ئۇنىڭ ئۆزۈگىگە: "ئاللا ئىنساپلىق كىشىگە چوقۇم رەھمەت قىلىدۇ" دىگەن جۈملە نەقىش قىلىنغان. ئاسەپ بۇ ئالەمدىن كەتكەندە ئىنساپنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىپ، قويمىغانمىش. كىشى ھەر قانچە قىلسىمۇ ئاسەپنى ئەدىن تاپالايدۇ؟ سۇلايماننىڭ تەختى بەربات بولغان تۇر- سا، ئاسەپ(ۋەزىر) بولغان كىشى قانداقمۇ ئاسەپتەك بولالىسۇن؟ شۇڭا، ئۇنداق بولالمىغان ۋەزىرلەر مۈلۈكنى ۋەيران قىلغۇچى، خەلقتىن تۇپلانغان بايلىقنى يەپ تۈگەتكۈچىلەردۇر. بۇ خىل ۋە- زىرلەر توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتمىگەن ياخشى. چۈنكى، شۇ قارا يۈز ۋەزىرلەرنىڭ ئىسمى قەلەم- نىڭ تىلىغا تېگىپ قالمىسۇن. بۇنداقلارغا زەھەرنى دورا دەپ بېرىدىغان تېۋىپلار نېسىپ بولسۇن. بۇنداق ۋەزىرلەرنى يوق قىلىش پادىشاغا ۋاجىپتۇر، ئۇنداق ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى چايان مە- سەللىك بولۇپ، خەلق ھېمىشە ئۇنىڭ چېقىۋېلىشىدىن ۋە زىيان سېلىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. ئۇمىدىم شۇكى: چايانىنىڭ نەشتىرى ئاجىزلارغا سانچىلىدىكەن، چايانىنىڭ بېشى ئەجەلنىڭ تېشى بىلەن يەنچىلسۇن.

نەزم:

بۇلاردىن گەر ئەلا گەرئەد نا دۇرۇر،
كەئاندىن خالايىققا ئىزادۇرۇر.
شەھ ئولتۇرماق ئەۋلادۇر ئول ئىشتىنى بات،
كى دەپدۇر نەبى "ئوقتولول موزىيات".

(ئۇنداق ۋەزىرلەرنىڭ ھەر قانداقى خەلققە ئازار بەرگۈچىلەردۇر، پادىشانىڭ ئول ئىشتىنى يوقاتقىنى ياخشىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبىرىمىز "زەرەر بەرگۈچىلەرنى ئۆلتۈرۈڭلار" دىگەن).

## 6 - پەسىل. دىيانەتسىز باشلىقلار

دىيانەتسىز باشلىق كىرەكسىز تېگىلىغان نەرسىدۇر. ئۇ ناكەس بىلىمسىز - نادانلىقىدىن بۇزۇقچىلىقىنى ئويلايدۇ. ئۇنىڭ مەجلىسلىرىدە نەغمە - ناۋادىن ئىلىم - تەقۋاغا ئۆچمەنلىكتىن باشقا نەرسە يوق. ئالىملار ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر ئېتىۋارسىز قارىلىپ، خارلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا بەدقىلىقلار ئەتىۋادۇر، ئۇلار تۆردە ئولتۇرۇدۇ، ئىلىم ئەھلى پەگادا قالىدۇ. ئۇ، ئۆز يېقىنلىرىدا خاندانلىقىنىڭ ۋە مەدرىسىنىڭ كىرىمىلىرىدىن ماش بېرىدۇ. ھاراق - شاراپنى توسىدىغان ۋەزىپىدارلار ئۇنىڭ بەزمىسىگە ھاراق - شاراپ كەلتۈرمەي ئىمكان يوق. مەملىكەتتە بۇ كەبى يامان ئىشلار بولىۋەرسە، ئىسلامنىڭ ۋە شەرىئەتنىڭ قانداق ھۆرمىتى بولسۇن؟ باشلىق ئىلىم ئەھلىگە يېقىندىن ياردەم قىلىدىغان، پىشقەدەملەرگە خىزمەت قىلىدىغان، ۋەخپە ئىشلىرىدىكى بۇزۇقچىلىقلارنى تۈزىتىپ، دىخانچىلىق، تېرىلغۇ ئىشلىرىغا كۆڭۈلنى ئايىمايدىغان بولسۇن.

نەزم:
يوق ئولكىم پاسىقى خۇمار زېرەك،
كە بۇزغاي گەرچە بولغاي خاجەئى دەك،
روكابى نەقىشى كىمسانلىغ سەراسەر،
تونىدا ئاندىن ئارتۇق زىبۇ - زىۋەر.

(مىنگەن ئېتى باشتىن - ئاياق زىننەتلەنگەن، كەيگەن تونى ئۇندىن ئارتۇق ھەشەمەتلىك، خۇاجەمەكدەك كىشى بۇزۇق ۋە مەس بولسا، ئىشنى بۇزۇپ قويىدۇ).

قىتئە:
كىرەككى باشىغا قويسا ئالاقەلىغ دەستار،
يانارداھەم ئانى ئىگىندىكى ماۋالىدەك.
يوق ئۆلكى مەركەبى بويىنىغا باغلاپ ئاسسا قوتاس،
ئاسىلغاي ئۆزنى ئۆز بويىنىغا ساقالىدەك.

(بېشىغا نەچچە قەۋەت سەللە يۆگىمۇ بەربىر ئۇ ئازات قىلىنغان قۇلغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئېشىگىنىڭ بويىنىغا تۇمار ئېسىپ قويسا، كىشىنىڭ ئىڭىكىدىكى ساقالغا ئوخشىمايدۇ.)

## 7- پەسىل. مائاشنى بىكار يەيدىغان، پاتۇرلۇق ھەققىدە لاپ ئۇرىدىغان خادىملار

پادىشانىڭ خادىملىرى ئارىسىدا بىكار نان يەيدىغانلار باركى: ئۇ خىل كىشىلەر نە، تەڭرىگە ئىبادەت قىلسۇن؟ نە، پادىشاغا ئىتائەت قىلسۇن؟ ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى ئۆزىنىلا كۆرۈش ۋە ئادەتلىرى ئۆزىنى يا-

ساش. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى مەسىلەن، مەشق قىلىدىغىنى خۇن پەرەسلىك (ئۈزەمچىلىك)، راستەپ ئىپىتقىنى يالغان. مەنالىق سۆز دەپ ئىپىتقىنى بىھۇدە. ئۇلارنىڭ "دىن» دىگىنى ھاراقكەشلىك، شەكىل - قۇرۇقلىرى دىنسىزلىق. ئۇيۇن بىلەن كۆڭلى ئارام تاپىدۇ. يالاڭباش بولۇپ سەكرەشنى سۆزلەيدۇ.

بەزىدە ھاتەمىلىك دەۋاسىنى سوقۇشتا رۇستەملىك دەۋاسىنى قىلىدۇ. ئۆيلىرىدىن قۇشلارغا يەم، نەيزىلىرىدىن سابىت يۇلتۇزلارغا دەرەم چاچىدۇ. باشلىرىدا غەلىتە سەللە، ۋەتەن دۈشمەنلىرىنى يوقۇتۇش، شاھنىڭ مۈلكىنى ئابىراش ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شۆھرەت- نام قازانماق بولسىمۇ، ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغىچە بىر قانچىلىرى مەي بىلەن ئۆلۈپ، جانلىرى دەۋزەخقە تاپشۇرۇلۇپ بولىدۇ.

قانچىدىن بىرى مەيدانغا يېتىپ بارسىمۇ، ئۇرۇشتىكى ئاجىزلىقلىرى ئۆز ھالىدەك بولىدۇ. بۇ خىل باتۇرلۇق ھىچ مەيداندا كۆرۈلمىسۇن. بىكار قان تۆكۈلمىسۇن. پادىشاغا ئاددى ئەسكەرلەرنىڭ دۇئاسى، پۇخرانىڭ ھىممىتى تەگىرىنىڭ رىزاسىدۇر. ھەقنىڭ ئىنايىتى شاھنىڭ ئەسكىرى بولسا، ئۇنىڭ دۆلەت بايرىقى ئاللانىڭ نۇسرىتى بولغاي. شاھتا ئاتا دۆلىتى بولسا، دۈشمەن خار ۋە خاكىسار بولىدۇ. دۆلەتنى بېرىدىغان ھەم تەگرى، دۆلەتنى ئالىدىغان ھەم تەگرى. ئۇل ئاللابەرسە ھىچكىشى ئالالمايدۇ. ئۇل ئاللا يەتكۈزگەننى كىشى كەتكۈزۈتەلمەيدۇ. شاھ خۇدانىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرسە، دۆلەت خەۋپلەردىن ساقلىنىدۇ.

نەزم:

شەھى كى سىدىق ئانى تەگرى بىرلە توز بولغاي،
نە غەم ئەدوسى ئانىڭ بىر يوق ئىرسە يۈز بولغاي.
كىشىكە تەگرى بىېرۇر پەتھى يوقكى خەيل سوپاھ،
بەس ئىتماد موڭا ئەيلەمەك نە سۆز بولغاي

(پادىشا خۇداغا راست بولمىسا، بىر دۈشمىنى ئارتىپ يۈز دۈشمەنگە تەرەققى قىلىدۇ. ئەسكەرسىز پادىشا تەگرىگە يۈزلەنسە، تەگرى ئۇنى غالىپ قىلىدۇ ۋە زىيان تارتمايدۇ).

قىتئە:

چىرىك بولسا ۋە بولمىسا نىجات يار،
سۆپەھگە ئەدوۋ خەيلىنى ھۆكىمى بار.

(ئەسكەر بولۇپ بەخت يار بولمىسا، دۈشمەن ئەسكىرى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمسۈرىدۇ).

## 8- پەسىل. ياساۋۇللار (ئوردا خىزمەتچىلىرى)

بىر ياساۋۇل ئىزىلگەن بىر كىشىنى زالىمدىن قۇتقۇزۇپ، خىزمىتى ئۈچۈن ئارتۇق ھەق تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭ زالىمدىن پەرقى بولمايدۇ. ئەگەر خىزمىتىگە لايىق ھەق ئالسا، ئۇنىڭغا ئانا سۈتىدەك ھالال بولىدۇ. ئەگەر خىزمىتىدىن كەمرەك ھەق ئالاي دىسە ئۇنىڭ ئەرلىكى ۋە

مەرتىلىگەندۇر. ھەق ئالىمسا، ئېيتىش كېرەككى، ئۇ ئەلۋەتتە ئەۋلىيادۇر. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يول بىلەن مېڭىپ مەقسەت - ئارزۇسىغا يەتمىشتۇر.

نەزم:

ئەۋلىيا ئۇللا ھەر سۈرەتتە بار،
بەزى ئېيتىمىش بۇ رەۋىشنى ئىختىيار

(خۇدانىڭ ھەر خىل سۈرەتتىكى ئەۋلىيالىرى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مانا شۇنداق خالىس خىزمەتنى ئىختىيار قىلغاندۇر).

## 9- ياساغلىق (قارا ئەسكەر)

ياساغلىق دېگەن قارا چېرىك دېگەن بولۇپ، ئۇنىڭ يەجۇج ۋە مەجۇج بىلەن ئورتاقچىلىقى باردۇر. ئۇلار دائىم ئارام ئالماستىن ئىشلەيدۇ، راھەت كۆرمەيدۇ. ئۇلار تاپسىلا بۇلاپ - تالايدۇ. يات يۇرتلاردا چېكەتكىدەك مايسىلارنى يالايدۇ. كىشىلەر بىلەن مۇنازىئەتتە (ئۆچمەنلىكتە)، ياخشىلار بىلەن مۇبازىئەتتە (تىغ-مۇ-تىغ ئېلىشىپ تۇرىدىغان) بولىدۇ. ئۇلار پەم - ئىدرەكتىن خالى بولۇپ، ئەسلىدە ئەقىلسىز ۋە ئىنساپسىزدۇر. قايان يۈزلەنسە ئۇلاردا قايتىش يوق. كېچە-كۈندۈز غەپلەت ئۇيقۇسىدا بولۇپ، ئويغۇنۇش يوق، تەنلىرى ئىسسىق - سوغاقنى پەرق ئەتمەيدۇ. ئاچلىق - يالىڭاچلىقنىڭ زەرەرىنى بىلمەيدۇ، ئادەمگەرچىلىكتە ھەممە مەخلۇقاتتىن ئالاھىدىلىگى بار، ئۇلارنىڭ ھايۋانلىقى كۆپ، ئادەملىگى ئاز.

قىتئە:

ئول قەۋمدىن ئەجۇبە خالايىق بولماس،
كىم مەئدەلىرى ھارام يېمەكتىن تولماس.
ئۆلگىچە چېكىپ بالا ئېرۇرلار مەۋجۇت،
چىن بولدى بۇ دەۋاكى ياساغلىق ئۆلمەس.

(بۇ گورۇھتىن ئاجايىپراق خەلق بولماسكى، ئۇلارنىڭ ئاشقازانلىرى ھارام يېمەكتىن تولماس. ئۆلگىچە جاپا چەكمىسە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ).

ئەجىبراقى شۇكى، خۇدانىڭ ھەر خىل كىشىلەرگە يوشۇرۇن ياردەمى بار. قارا چېرىكلەر ئارىسىدىمۇ يوشۇرۇن ئادەملەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن. ئوردا ئىچىگە مال ئېلىپ كىرىپ ساتىدىغان ئادەملەر باركى، ئۇلار پادىشادىن ئەمەلدار پەيدا كۆرگەندەك، چېرىكلەردىن چوتا ئېلىپ يەيدۇ.

بېيىت:

سۇپاھى مالىن ئۇل خەيل تاباھى
تون ۋە كۆن موپىت ئېلىپ خاھ نە خاھي.

مۇمكىن يوقكى زاتى ئۇلەرگە سازا بەرگەي،
تەڭرى تائالا ئۇلارغا جازا بەرگەي.

(بۇ ناباپ گورۇھ قوشۇنىنىڭ مال ـ مۈلكىنى كېچە ـ كۈندۈز خالىغانچە ئىسراپ قىلىدۇ. ئەمما بۇ گورۇھ ئەسلىدە ئۇ مالنى يېيىشكە لاياقەتسىز. خۇدا ئەنە شۇنداقلارنىڭ جازاسىنى بەرسۇن).

## 10- پەسىل. پادىشا قانداق بولسا، پۇخرالىرىنىڭ شۇنداق بولۇشى ھەققىدە

كىمىكى پادىشاغا مۇلازىم (خىزمەتچى) ۋە تەۋە بولسا، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدا ئوخشاشلىق بولىدۇ. ئەگەر شاھ ئادىل بولسا، خەلقنىڭ ئىشلىرىدىمۇ ئادالەتنىڭ تەسىرى بولىدۇ. ئەكسىچە پادىشا زالىم بولسا، خەلقنىڭ زۇلۇمدىن قورقۇنچىسى بولىدۇ. ئەگەر پادىشا ئىسلام يولىنى تۇتسا، خەلقى ھەم ئىسلام ۋە دىنغا ئېتىقادلىق بولىدۇ. ئەكسىچە، پادىشادا كۆپۈرنىڭ خىسلەتلىرى بولسا، خەلقمۇ كۆپۈرنىڭ يولىدا ماڭىدۇ. ھۆكۈمالار پادىشانى دەرياغا، ئۇنىڭ خەلقلىرىنى دەريا ئەتراپىدىكى ئۆستەڭلەرگە ئوخشۇتىدۇ. دەريا سۈيىدە نېمە خاسىيەت ۋە قانداق كەيپىيات بولسا، ئۆستەڭنىڭ سۈيىدىمۇ شۇ خاسىيەت ۋە شۇ كەيپىيات بولىدۇ. دېمەككى، ئۇ ئاچچىق دەريا ئەتراپىدىكى ئۆستەڭلەرگە ئوخشۇتۇپتۇر. دەريا سۈيىدە نېمە خاسىيەت ۋە قانداق بولسا بۇمۇ ئاچچىق، ئۇ تاتلىق بولسا، بۇمۇ تاتلىق، ئۇ دۇغ بولسا، بۇمۇ دۇغ، ئۇ سۈزۈك بولسا، بۇمۇ سۈزۈك بولىدۇ.

مەسنىۋى:

ئەدىپلاركى ئۇل بەھرىدىن ئايرىلۇر،
بىلىڭلىك بۇلارنىڭ سۈيى بىر بولۇر.
چۈبىردۇر شۇ دەريا بىلەن نەھر ئارا،
ئىمەس تەئىمدە ھاجەت ماجرا

( ئەقىللىق ئادەم بىلىدۇكى: ئۆستەڭدىن ئايرىلغان ئېرىقنىڭ سۈيى ئۆستەڭنىڭ سۈيىگە ئوخشاشدۇر . ئۇلارنىڭ تەمى ھەققىدە مۇنازىرىگە ھاجەت يوق).

## 11 - پەسىل. شەيخۇل ئىسلام

شەيخۇل ئىسلام دېمەك ــ مۇسۇلمانلارنىڭ پېشىۋاسى دېمەكتۇر. بۇ دېمەك مۇسۇلمانلارنىڭ شەيخۇل ئىسلامغا ئەگىشىشىگە ئىشارەتتۇر . بۇنداق كىشى ئىسلامنى ھىمايە قىلىدىغان ئالىم بولۇشى . خۇداغا يېقىن ئارىپ بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا شەرىئەتنىڭ يوللىرىنى بىلگۈچى، پەقىرلەرگە تەرىقەت بىلەن تەسىر بېرىپ خۇرسەن قىلغۇچىدۇر. ياخشى ـ يامانغا شەپقىتى ئۇمۇ ـ

مى بولۇشى، چوڭ ـ كىچىكلەرنى سۆز سىز توغرا يولغا باشلايدىغان بولۇشى، شەرىئەت قانۇن ـ لىرىدا مەھكەم تۇرىدىغان، بارلىق خۇراپاتلارنى بۇزۇپ تاشلايدىغان بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇنى شەيخۇلئىسلام دىسە بولىدۇ.

**بېيت :**

**مۇندىن ئۇلدى موقەررەپ بارى،**
**شەيخۇل ئىسلام پىسر ئەنسارى.**

(شەيخۇل ئىسلاملاردىن پىسر ئەنسارى شۇ خىل ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىدى).

## 12 - پەسىل. قازىلار

قازى دىگەن ئىسلام بىناسىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمىر - پەرمانى ياخشى - يامان مۇسۇلمانلارغا ئۆتىدىغان بولىدۇ. قازىنىڭ قەلبى دىن ئىلىملىرى بىلەن تولغان بولۇشى، ئۇ - نىڭ ئىشەنچ - ئېتىقادىغا سۇسلۇق يەتمەيدىغان بولۇشى كېرەك. مەيىل خاھىشى مال - مۈلۈك دىمەيدىغان، ئۇنىڭ كۆڭلى ئەيىيار، ھىلىگەرلەرنىڭ مۇلايىملىقلىرىنى ياقتۇرمايدىغان بولۇشى كې- رەك: قازىلىق مەھكىمىسى شەرىئەت ئىلىمىنىڭ كانى بولۇپ، ئۆزىگە ۋە ياتقا ھۆكمى بىردەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىلمى تەقۋاسىدىن كۆڭۈللار ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ دىققىتى ۋە ئەقىل - پاراسىتى - دىن دىيانەتسىزلەر غەمگە چۆكىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرى بىلەن كۈچلۈك بولۇپ، يەنە ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن ئىش قىلىدۇ. ھىلە شەرئى ئىشلىرىدىن كۆڭلى ئو - چۇق. پىققە نىشانى يورۇق، پارىخور مۇپتىلەر يېنىدا ھۆزۈرسىز، ھىلىگەر ۋەكىللەر ئالدىدا ئەيىپلىك بولىدۇ. ئەگەر قازى مەي ئىچسە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ دەۋزەخقە يەتمەستىن بۇرۇن كۆيدۈ- رۈش كېرەك. ئەگەر قازى پارىخور بولسا، ئىسلامنىڭ قورغانى، شورا بولغانلىقىدۇر. چۈنكى پارا بەرگۈچى خالىغانچە ھۆكۈم ئالالايدۇ. پارىخور قازى شەرىئەتنى بۇزالايدۇ. قازى شۇنداق بولۇش كېرەككى، قەدىمىنى شەرىئەتنىڭ يولىدىن چىقارمىغاي. توغرا يولدىن تاشقىرى بارمى - غاي. چۈنكى تۈپ - تۈز خەت ھەر يانغا سىزىلسا - ساز تارىنىڭ نورماللىقى بۇزۇلسە سازنىڭ ئاۋازى بۇزۇلغاندەك، خەت ھەم ئەگرى بولغاي. قازى ھۆكۈمىنى مالغا قاراپ يۈرگۈزسە شەرى- ئەتنى توختۇتۇپ قويغاي. ئۇنىڭ پۇتى توغرا يولدىن تايغان ھامان ئۇ يىقىلىپ ۋەيلۇن دەۋ - زەخنىڭ تەھتىگە بارغاي. ئۆزۈم قازى بولۇمەن دىگەن كىشى بىپاك يالغانچى دۇر، يالغان - چى، پەيغەمبەرنىڭ شەرىئەتنى تۇتۇشقا قانداق لايىق بولسۇن.

**قىتئە:**

مۇنەببەر سادىق شەھكىم قىلدى دىن شەرئىنى سۆز،
بارى ئەديان ناسخى ئاندىغكى مۇمكىن ئېردى تۈز.

كازىپ ئول يولنى ئىچوك تۈزگەيكى ئول كەززاپ ھەم،
قىلدى كۆپ دەئۋا ۋەلى قويدى جەھەننەم ئۆزرە يۈز.

( قازى شاھنىڭ ئالدىدا دىن - شەرىئەتنى سۆزلەيدىغان سادىق كىشى بولۇپ تۇرۇغلۇق ئۆزىدىن شەرىئەتنى بۇزسا، بىر مۇنچىلىرى دىننى بۇزغاندا ئۇنىڭ بۇنى تۈزىشى مۇمكىن بولۇپ تۇرۇغلۇق ئۇ كەززاپلىق (يالغانچىلىق) قىلسا، ھەر قانچە دەئۋا قىلسىمۇ ئۇ دەۋزەخكە قاراپ ماڭغان بولىدۇ).

## 13 - پەسىل: مۇپتىلار ۋە پەقىھلار①

مۇپتىلار ۋە پەقىھلار — دىندار، ئالىم، مۆمىن، ئىسلام ئىلمىدە ماھىر، دىيانەت نۇرى پېشانىسىدە يالتىراپ تۇرغان بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك مەيل ۋە خاھىشى قوسۇرسىز، دەۋزەخكە ھىلە-مىكرىدىن خاتىرى سۇسلاشمايدىغان بولۇشى، مۇجتەھىدلارنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق راستىنى يازىدىغان بولۇشى كېرەك. پاسىق، جاھىل، قىلىقى سەت، ھىلىگەر، بىر تىيىننى دەپ ھەقنى - ناھەق قىلىدىغان، ئاز بىر نەمىنى دەپ كۆپكە زىيان سالىدىغان، بىر سۆۋەت ئۈزۈم ئۈچۈن بىر باغنى كۆيدۈرىۋېتىشتىن، بىر چارەك بۇغداينى دەپ بىر خاماننى سورۇشتىن تارتىنمايدىغان بولماسلىق كېرەك.

مۇپتى ھىلە بىلەن پەتىۋا تۈزسە، قەلىمىنىڭ ئۇچى بىلەن شەرىئەتنىڭ يۈزىدىكى نۇقتىلەرنى بۇزىدۇ. ئۇ "ئىش ھەققىم" دەپ ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مىلىغا قېتىپ، دىنىنى دۇنياغا ساتىدۇ. مۇنداق مۇپتى ئادەم ئۆلتۈرىدىغان تىغ بولۇپ، ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

نەزم:
مۇپتىكى ئىشىگە مۇزدە ئېلىپ قىلسا رەقەم،
مۇزدە ئارتۇق ئىسە مەيلى كېرەك قىلغاي كەم.
پەتىۋادا چۇ بولدى مۇزدە ئۈچۈنلا ۋە نەئەم،
قىلماق كېرەك ئول قەلەم، زەن ئىككىسىنى قەلەم.

( پەتىۋاچى ھەق ئېلىپ پەتىۋا يازىدىغان بولۇپ، ئارتۇق ھەق بېرىلسىمۇ يەنە كەم دەپ، بېرىلگەن ھەققە قاراپ پەتىۋا يازسا، ئۇنداق پەتىۋاچىنىڭ قولىنى كېسىش كېرەك).

## 14 - پەسىل: مۇدەررىسلەر ( يۇقۇرى مەكتەپلەرنىڭ دەرس بەرگۈچى ئوقۇتقۇچىلىرى)

مۇدەررىس شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ئۇنىڭ غەرىزى مەنسەپدە بولماسلىق، بىلمەيدىغانىنى بىلىمەن دەپ ئېيتماسلىق، ئۆزەم بىلەرلىك قىلماسلىق، ئۆزىمچىلىك بىلەن غەۋغا كۆ-

① پەقىھلار — دىنى قائىدىلەرنى تۈزگۈچىلەر

تەرەسلىك، نادانلىقىدىن سەللىسىنى يوغان، چۈچىسىنى ئۇزۇن قىلماسلىق. مەدرىسىنىڭ ئۆيلىرى ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەتمەسلىك، دىن ئىلمى ۋە ئېتىقادات مەسىلىلىرىدىن ئەلگە تەلىم بېرىش، بىپاكلاردىن ئۆزىنى ساقلاش، ناپاكلاردىن قېچىش لازىم. ئۆزى نادان، ئەمما، ئۆزىنى ئالىم چاغلاپ، يامان ئىشلارنى ياخشى ھىساپلاپ، ناباپ ئىشلارنى قىلماسلىقى، يامان ئىشلىرى ئەلگە رەسىم ـ قائىدە بولۇپ قالماسلىقى لازىم. مۇدەررىس يوق ئادەتلەرنى پەيدا قىلغۇچى بولسا، ئۇنداق مۇدەررىس بىلەن ئىسلام ئەھلىنىڭ سۆھبەت قىلىشىنى توسۇش كېرەك. مۇدەررىس پەرھىزكار ۋە ئاگاھ بولۇپ، ئېيتىدىغىنى «قالەللا بىلەن قالە رەسۇلۇللا» بولسۇن (خۇدا ۋە رەسۇلۇللانىڭ دېگىنى بولسۇن).

نەزم:

ھەرنەكى ئەيتۇر ئۆلسە خۇدا ۋە رەسۇلدىن،
ئاندىن سوڭ ئۆلسە موجتەھىت ۋە ئەۋلىيا سۆزى.
ئاندىن كىشى نەكىم ئىشتۇر ياخۇد ئورگانور
بولغاي خۇدا سۆزى يوق ئىسە مۇستاپا سۆزى.

(ئېيتىدىغىنى ئاۋال خۇدا ۋە رەسۇلنىڭ سۆزى، ئاندىن كېيىن مۇجتەھىتلەر بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ سۆزى بولسا، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭدىن ئۆگەنسە، خۇدانىڭ ۋە رەسۇلۇللانىڭ سۆزىنى ئۆگەنگەن بولىدۇ).

## 15 - پەسىل. تېۋىپلار

تېۋىپ ئۆز كەسپىگە ماھىر بولىشى، كېسەللەرگە شەپقەتلىك بولىشى، مۇجازى مۇلايىم بولىشى، ھۆكۈمالارنىڭ سۆزىگە ئەگىشىپ خىزمەت قىلىدىغان بولىشى، سۆزلىرى يۇمشاق ۋە كۆڭۈل ئايايدىغان بولىشى، ئۆزى خۇشخۇي ۋە خۇشرۇي بولىشى لازىم. شەپقەتلىك ماھىر تېۋىپنى ئېيسا روھۇللاغا ئوخشۇتۇشقا بولىدۇكى، ئېيسا ئەلەيھىسسالام دۇئا بىلەن چىققان جاننى تەنگە كىرگۈزگەن بولسا، ماھىر تېۋىپ چىقىپ كېتىۋاتقان جاننى داۋا بىلەن توسۇپ قالالايدۇ. مۇنداق تېۋىپنىڭ يۈزى كېسەلنىڭ كۆڭلىگە، سۆزى كېسەلنىڭ جېنىغا كۈچ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ھەر تىنىقى ۋە باسقان قەدىمى كېسەلنى ساقايتىش ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇنىڭ بەرگەن دورىسى ئابى ھاياتقا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشى خىزىر نىجاتقا ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر تېۋىپ ئۆز كەسپىدە ماھىر بولۇپ، بەدخۇي، بىپەرۋا، گېپى سوغۇق بولسا، ئەگەرچە كېسەلگە بىر تەرەپتىن داۋا قىلسا، نەچچە تەرەپتىن كېسەلنىڭ مۇجازىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. نادان تېۋىپ جاللاتنىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئۇ تىغ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرسە، بۇ زەھەر بىلەن ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. جاللات بۇنىڭدىن ياخشىراقكى، ئۇ گۇناھكارنى ئۆلتۈرىدۇ، نادان تېۋىپ گۇناھسىز ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا، ھېچبىر گۇناھكار نادان تېۋىپ ئالدىدا خار بولمىسۇن.

بېيت:

ھازىق تەبىب خوشكوي تەن رەنجىگە شىپادۇر،
ئامى توند بەدخۇي ئەل جانىغا بالادۇر.

(مۇلايىم سۆزلۈك ماھىر تېۋىپ بەدەننىڭ ئاغرىقىغا داۋادۇر، بەدخۇي نادان تېۋىپ خەلقىنىڭ جېنىغا بالادۇر).

## 16 - پەسىل. شائىرلار

شائىرلار بىر قانچە خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلدىكىلىرى مەرىپەت ئىلاھى بىلەن قەلبى باي بولۇپ، باشقىلارنىڭ تەربىيە ۋە ماختىشىدىن ھاجەتسىزدۇر. ئۇلارنىڭ ئىشى ھەمىشە مەئنا غەزىنىلىرىدىن گۆھەر يىغىش، خەلققە پەيز بېغىشلاش ئۈچۈن نەزم تۈزۈش ۋە نەزمىگە ۋەزىن بېرىشدۇر. ئۇلارنىڭ نەزمىلىرى كۆڭۈلگە ناھايىتى يېقىملىق بولۇپ، كۆڭۈلنى ئۆزىگە تارتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق شائىرلار ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە ئايەت بار. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسى بار. چۈنكى، بۇ خىل شائىرلار ھۆرمەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن شېئىر يازمايدۇ. بۇ ئېزىز گۇرۇھنىڭ پېشۋاسى ۋە سەر خىلى، ئەۋلىيالىق دەرياسىنىڭ گۆۋھىرى، كارامەت ئەۋجىنىڭ ئەختەرى (يۇلتۇزى) — ئەمىرىلمۇئمىنىن ھەزرىتى ئېلى بولۇپ، ئۇنىڭ ھېساپسىز نەزم ۋە دىۋانلىرى بار. ئۇنىڭدا چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر باردۇر. بۇ خىل سۈپەتكە لايىق بىر مۇنچە كىشىلەر باركى، ئۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز. پارس تىلىدا مەئنا گۆھەرلىرىنى نەزم قىلغۇچى شەيخ پەرىدىددىن ئەتتار، «مەسنەۋى ۋە مەئنەۋى»نىڭ ئاپتورى ئۇستاز جالالىددىن رۇمى (مەۋلەۋى رۇمى) بولۇپ، ئۇنىڭ نەزمىلىرى خۇدانىڭ ھېكمەت سىرلىرىنى، پايانسىز مەرىپەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلاردىن كېيىن، خۇدادىن ئاگاھ ئەۋلىيالار، خۇداغا يېقىن ئۇلۇغلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ، ئۇستازلارنىڭ ئىزىنى باسقانلاردۇر. يەنە بىر خىل كىشىلەر باركى: ئۇلار ھەقىقەتنىڭ سىرلىرىغا مىجازنى ئارىلاشتۇرۇپ يازىدۇ. ئۇلار شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدى شىرازى، ئاشىقلارنىڭ پاكبازى① بولغان ئەمىر خىسراۋ دەھلىۋى، تەسەۋۋۇپ يولىدىكى مۇشكۇل مەسىلىلەرنى يەشكۈچى شەيخ زەھرىددىن سانائى، ئەھلى يېقىن مۇرىد شەيخ ئەۋھەددىن، چوڭقۇر مەنالارنى سۆزلىگۈچى خوجە شەمسىددىن مۇھەممەت ھاپىزلاردۇر. بۇنىدىن باشقا، مىجاز يولى بىلەن يېزىشقا ئامراق كامال ئىسپاھانى، خاقانى، شىرۋانى ۋە خاجاكىرمانى، ئۇستاز جالالىددىن ۋە خوجە كامال ئەنۋەرى، زەھىر ئابدۇۋاسىھ، سەلمان ساۋچى، ناسىر بۇخارى، كاتىپ نىشابۇرى، شاھى سەبزەۋارىلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەقىقەت ۋە مىجازنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە كامىل، نەزم ئەھلىنىڭ ئىمامى شەيخۇلئىسلام ئابدۇراخمان جامىدۇر. خۇدا ئۇنىڭ قەبرىنى مۇنەۋۋەر قىلسۇنكى ھەم ھەقىقەت ھەم مىجاز ئىلمىدە يېتىشكەن ئادەم بولۇپ، دۇنيادىكى ھال ئەھلى بۇلارنىڭ لەتىپىلىرى ۋە بىلىملىرى بىلەن ھوزۇرلىنىدۇ. يۇقۇرقىلاردىن باشقا بىر خىل شائىرلار

① پاكباز: — مەيداندا ئۇتتۇپ چىققان كىشى.

باركى، شېئىر يېزىش بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلىپ ھوزۇرلىنىدۇ ۋە يازغانلىرىدىن ئۆزلىرى قانائەتلىنىدۇ. يۈز مىڭ جاپا بىلەن بىر بېيىتنى قۇراشتۇرسا، شائىرلىق دەئۋاسىنى پەلەكتىن ئاشۇرىۋېتىدۇ. سۆزلىرىدە نە ھەقىقەت ۋە نە مەرىپەتنىڭ لەززىتى بولسۇن، شېئىرلىرىدا نە شېئىرى زوق ۋە نە مۇھەببەتنىڭ ھارارىتى بولسۇن؟ ئاشىقانە سۆزلىرى نە گۈزەل بولسۇن ۋە نە نۇر چاچالىسۇن؟ بەزىلىرى ئەگەر بىرەر ياخشى بەيت يېزىپ قالسا، ئوشۇقچە دەئۋا بىلەن ئۇنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. خۇددى ئۇنى ھەممە ياقتۇرغاندەك، ھەممە ماختاۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. دېمەككى، بۇ خىل شائىرلارنىڭ سۆزلىرىدە مەئنا ئازراق، ئەمما، ئۆزلىرىدە دەئۋا كۆپراق (نە ئۆز بىللاھى مىن شەررى ئەنپوسنا ۋە مىن سەييىئاتى ئەئمالىنا)

(يامان خاھىشلاردىن ۋە يامان ئىشلاردىن خۇدا ساقلىسۇن)

بېيىت:

ئەلالىرىدۇر نىدىنكى دەرسەن ئەلا،
ئەدنالىرى ھەم بارچە دەنى دىن ئەدنا.
ئەۋسەتلىرىكى ھېچ نىمىگە ھەم ياراماس،
بەلكىم نەپەس ئۇرما ماغ ئالاردىن ئەلا.

(نىمىنى ئەلا دىسەڭ، شائىرنىڭ ئەلالىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئەلاراق. ئەمما، تۆۋەنلىرى ھەممە تۆۋەندىن ئەدنا (تۆۋەن) راق. ئۇنىڭ ئوتتۇرىدىكىلىرى ھېچنىمىگە يارىمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ شائىرلىقتىن ئېغىز ئاچمىغىنى ياخشىراق).

## 17 - پەسىل. كاتىپلار

كاتىپلار — شائىر سۆزىنىڭ گۈزەل ۋارىسى، سۆز خەزىنىسىنىڭ خەزىنىچىسىدۇر. خەزىنىچى — ئامانەتچى بولۇپ، ئامانەتنى ئىشلىتىش خىيانەتتۇر. ئۇ ئۆز ئىشىدا راس ۋە ساپ بولۇپ تۇرۇپ خىيانەتچى دەپ قارىلىنىش ئېھتىمالى بار. ئەگەر خىيانەتچى بولسا، ئۇنىڭ قولىنى كەسسە ياخشى بولۇر. ياخشى يېزىلغان خەت ۋە چېكىتلەر گۈزەلنىڭ يۈزىدىكى خالدەك كىتاپنىڭ بەتلىرىگە زىننەت بېرىدۇ. خۇشخەت كاتىپ سۆزىگە زىننەت بېرىپلا قالماستىن، ئوقۇغۇچىنىمۇ راھەت كەلتۈرىدۇ. خەت يازغۇچىنىڭ خېتى توغرا بولۇپ، ئۇ، بىر ياكى يۈز بېيىت يازسا، توغرا ئادەملەرنىڭ كۆڭلى دەرھال ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر خەت يازغۇچىنىڭ خېتى سەت بولسا، خەتتىكى مەئنالار ۋە ئوقۇغۇچىنىڭ چۈشەنچىسىنى مۇجمەللىككە سېلىپ قويىدۇ. خۇشخەت بولۇپ، خېتىدە خاتا كۆپ بولسا، ئۇنىڭ قولى پالەچكە گىرىپتار بولسۇن. ئۇ خىل كاتىپلار چېكىتنى ئۆز جايىغا قويماي، سەبەبنى شەبەس، مۇھەببەتنى مېھنەت قىلىپ يازىدۇ. ئۇ خىل كاتىپلارغا يۈز لەنەت. خېتىمۇ يامان بولۇپ، خاتاسى ھەم كۆپ بولسا، ساقىلىنى بويىغان قېرىغا ئوخشاش مەسخىرىگە قالىدۇ، ئۇنداق ساقالنى قىرقىپ ھاجەتخانىغا تاشلىغان ياخ-

شى، ھەر ئىككىسىنى دەۋزەخكە باشلاش تېخىمۇ ياخشى. ياخشى كۆرگەن كىشىدىن كەلگەن مەكـ
تۇپنىڭ خېتىمۇ، مەزمۇنىمۇ ياخشى بولسا تولىمۇ ياخشىلىقدۇر. خېتى يامان بولۇپ، مەزمۇنى
ياخشى بولسا ھەم يامان ئەمەس، ياخشى كۆرگۈچى ئۆز مەھبۇبىنىڭ خېتىنى يامان دىمەس، يا-
مان كاتىپنىڭ جايى ئۆزىنىڭ قەلەمدانىدەك قۇدۇقتا بولسۇن، قەلىمىدەك بېشى تۆۋەن، يۈزى
قارا بولسۇن.

بېيت:

قايسى بىر كاتىپكى ئول سۆزگە قەلەم سۈرگەي خىلاپ،
ئول قارا يۈزلۈك باشى بولسۇن قەلەم يەڭلىغ شىكاپ.

(خەتنى خاتا يازغان كاتىپنىڭ يۈزى قارا، بېشى قەلەمگە ئوخشاش يېرىق بولسۇن).

## 18 - پەسىل. ئوقۇتقۇچىلار

بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى — گۇناھسىز مەسۇملارغا جاپا قىلغۇچىدۇر. ئۇ، بالىلارنى جازالاشـ
قا ئامراق، زاتى قوپال، كۆڭلى قاتتىق، قاپىقى يامان، كۆڭلىدە ئاداۋەت (ئۆچمەنلىك) ساقـ
لايدۇ. ماجازىدە سۈسلۇق، ئەقلىدە كەملىك بار. يەنە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار باركى، كىچىك،
يۇمران بالىلارنى جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئۆزىگە رام قىلىپ ئالالايدۇ. بالىلارنىڭ يامان
قىلىقلىرىنى تۈزىتەلەيدۇ. كۆرۈنۈشتە قوپال كۆرۈنسىمۇ، بالىلارنى تۈزىتىشتە ئېرىشكەن قورغۇ-
شۇنغا ئوخشاشدۇر. ئۇنداق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىلغان ئىشىنى ھېچقانداق كىشى قاملاشتۇرۇپ قىـ
لالمايدۇ. كۈچلۈك بىر ئادەم بىر كىچىك بالىنى باشقۇرۇشتىن ئاجىزلىق ھېس قىلىدۇ. ئوقۇتقۇـ
چى بىر مۇنچە شوخ، بەڭۋاش بالىلارغا ئىلىم - ئەدەپ ئۆگىتىدۇ. بولۇپمۇ بەزى پەھىم - ئىدـ
راكى تۆۋەن بالىلارغا ئىلىم - ئەدەپ ئۆگىتىشتە نۇرغۇن جاپا چېكىدۇ. قانداق بولمىسۇن ئو -
قۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلاردا ھەققى ناھايىتى كۆپتۇر. ئەگەر ئوقۇغۇچى پادىشا ياكى شەيخۇل -
ئىسلام ۋە ياكى قازى بولسۇن، ئوقۇتقۇچىغا قۇللۇق قىلغان خوپراقتۇر.
ئۇنىڭدىن ئۇستاز رازى بولسا، تەڭرى رازى بولىدۇ.

بېيت:

ھەق يولىدا كىم ساڭا بىر ھەرپ ئوقۇتمىش رەنجى ئىلە،
ئەيلەمەك بولماس ئانىڭ ھەققىنى ئادا يۈز كەنج ئىلە.

(ساڭا بىر ھەرپ ئۆگەتكەن كىشىنىڭ ھەققىنى يۈز تىللا بېرىپ ئادا قىلغىلى بولمايدۇ).

## 19 - پەسىل. ئىمالار (يېتەكلىگۈچىلەر)

شۇنداق ئىمالار باركى، ئۆزىنىڭ قىرائىتىگە ئۆزىنىڭ مەستلىكى كېلىدۇ. ئۆزىنىڭ نامى-
زىغا ئۆزى ھېلە ئىشلىتىدۇ. خىيالىدا ئۆزىنى ھەممىدىن ياخشى سانايدۇ، كۆڭلىدە تەكەببۇرلۇق
ساقلايدۇ. ئۇ خۇددى جامائەتنىڭ ئوقىغان نامىزىنىڭ قوبۇل بولۇشىغا ئۆزى كېپىلدەك، ئۆزىنىڭ

نامىزى سۆزسىز قوبۇل بولۇپ كەتكەندەك ھىساپلايدۇ. ئۈنىنى ياساپ، ئاۋازىنى كۆتىرىپ قىرائەت قىلىدۇ. نامازدىن كېيىن جامائەتتىن بالدۇر مەسچىتتىن چىقىشنى ئۆزىگە ئەيىپ سانايدۇ. ئەمما خىيالى خەلققە باشلامچىلىق قىلىشتا بولىدۇ. ئىماملارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۇنىڭ جاھىللىقى ۋە ناچارلىقىدۇر. پىرلار مۇرتلىرىغا، مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلىرىغا، ئالىم كىشى ئوقۇمىغان كىشىگە شەپقەت جەھەتتىن ئىمام بولۇشى بىردىن - بىر مۇناسىپ ئىشتۇر. شۇنىڭدەك يېتىشكەن كىشى بالا - چاقىلىرىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن، ئىبادەتنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىمام بولۇشقا بولىدۇ. ئەمما ۋەزىپە - مۇئاش يەيمەن دەپ ئىمام بولۇپ، ئۆزىنى ئىمام دىگەن كىشى، كىشى ئەمەس. ئۇنداق ئىمامنى كىشىلەرمۇ ئىمام دىمەيدۇ.

بېيت:

ۋەلايەت ئەھلىگە جەمئى مالامەتتىن باقىپ،
كى خەلق كۆزىدىن ئەيلەر نامازىنى يوشۇرۇن.
بۇتۇرپەراقكى نامازىدە ئەجەپ ئىتار نادان،
تۇتار ئىمامەت ئۈچۈن خەيىل قىبلەسىدە ئورۇن.

(يېتىشكەن كىشىلەر نامازنى خەلقتىن، يوشۇرۇن ئوقۇيدۇ. نادان كىشىنىڭ جامائەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغانلىقى ئەجەپلىنەرلىكتۇر).

## 20. پەسىل. مۇئەززىنلەر

خۇدانىڭ ئىبادىتىگە چاقىرغان مۇئەززىنگە جان پىدا بولسۇن، ئەگەر پاكلىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن ياخشى ئاۋازدا ئەزان ئوقۇلسا، ھەممە خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇر. سەھەرگەر سازچىلىپ، يىلاننى تۆشۈكتىن چىقارغاندەك، مۇئەززىن ئەزان بىلەن يامانلارنى گۇناھ بۇلۇڭلىرىدىن مەسچىتكە ئېلىپ بارىدۇ. ۋاقىتقا رىئايە قىلىشنى بىلمەيدىغان، روھى ئىبادەتنى خالىمايدىغان، ئاۋازى سەت مەزىن ھاۋشۇشى قاغلاشمىغان ئىتقا ئوخشاشتۇر. بۇنداق مەزىننىڭ ئاغزىغا توپا بىلەن ئۇرۇش كېرەك، بەلكى، پەشتاقتىن تاشلىۋىتىش كېرەك.

بېيت:

مۇقىررىكى ئېرور پاكدو زاھىد ۋەش،
ئەلھانى خۇش ھەسەن ئاداسى دىلكەش.
جان ئاڭا پىداكى روھ ئېتەر ئاندىن ئىيىش،
گەر بولسا مۇنىڭ ئەكسى نەپەس ئۇرماسە خۇش.

(زاھىد سۈپەت، خۇش ئاۋاز مەزىنگە جان پىدا بولسۇنكى، ئۇنىڭدىن جان راھەتلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئۈن چىقارمىغىنى ياخشى).

## 21. پەسىل. ھاپىزلار

ياخشى ھاپىزنىڭ قىرائىتىدىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ روھى راھەتۋە جېنى ھالاۋەت تاپىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئاۋازى گۈزەل بولسا، ھال ئىگىلىرىنىڭ ئەھۋالى دىشۋار بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تىلاۋىتى يامان بولسا، خۇدا ئۇنىڭ تامىغىغا سۇرمىدىن ئاش بەرسۇن. يەنە ئۇ بۇزۇق، تۇرمۇش ئىستىلى يامان بولسا، بوغىزىغا تاش تۇرۇپ قالسۇن. ئەشۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ تولا ئوقۇسا، ئاغزى سەدەپنىڭ ئاغزىدەك، تىلى سۈسەن گۈلىنىڭ تىلىدەك قۇرۇپ قالسۇن.

بېيت:

ياركى ھېچ بەزمىدە ئول نەغمە قىلماغاي،
ئاغزى غىزادىن ئۆزگە نىمىگە ئېچىلماغاي.

(شۇنداق كىشىلەر ھېچقانداق ئولتۇرۇشتا نەغمە قىلمىسۇن، ئاغزى تاماقتىن باشقا نەرسىگە ئېچىلمىسۇن).

## 22- پەسىل: سازەندىلەر ۋە ناخشىچىلار

سازەندە شاتلىق يەتكۈزگۈچى، ناخشىچى— غەمنى كەتكۈزگۈچىدۇر. ھال ئەھلى ھەر ئىككىسىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ياخشى سازچىنىڭ ساز ۋە نەغمىسىگە ئىشتكۈچىنىڭ ھاياتى پەيدا بولسۇن. خۇش ئاۋازىدىن كۆڭۈل ۋە روھ قۇۋۋەت تاپىدۇ. خۇش ئاۋاز ناخشىچىنىڭ ناخشىسىدىن دەرتمەنلەرنىڭ يۈرىكىدىكى ئوتى ئۆلگىيدۇ. يەنە ئۇ ناخشىچىدا گۈزەللىك قوشۇلسا، ھال ئىگىلىرىگە قىيامەت بولىدۇ. بىر ناخشىچى دەرتلىك نەغمە چەكسە، زەخمىلىك يۈرەكتە چوڭقۇر تەسىر قوزغايدۇ. گۈزەل ناخشىچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاۋازھال ئىگىلىرىنىڭ كۆيگەن باغرىدىن دۇت چىقىرىۋېتىدۇ. سازچىنىڭ مىجەزى مۇلايىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقىل - پەمىمۇ بولسا، ئادەمنىڭ كۆڭلى تاشتىن بولسىمۇ، ئېرىتىۋېتەلەيدۇ. بولۇپمۇ ناخشىچى ھەم ناخشا ئوقۇپ ھەم ساز چالسا، كۆڭۈل مەملىكىتىگە قوزغىلاڭ سالالايدۇ. تەرىقەت يولىدىكى كىشىلەرگە ئەشۇنداق جايىدا (ياخشى ساز چېلىنغان، ناخشا ئوقۇلغان جايىدا) بىر خەۋپ باركى، يا بىر "ئاھ" بىلەن مەقسىدىگە يېتىدۇ، ياكى بىر قانچە يىل توپلىغان نەرسىسىنى قولىدىن كەتكۈزۈپ قويىدۇ. "شىبى ۋە نۇرىلار دۇنيادىن كېتىپ مەقسەتلىرىگە يەتتى" نۇرغۇنلىغان ھال ئىگىلىرى ئەرغەتون (بىر خىل ساز) تەسىر قىلىشى بىلەن بۇتخانىغا كىرىپ ئىسلام دىنىنى مەي قۇيغۇچىلارغا بېرىپ قويدى. چۈنكى مەيخانىدا مەي ئىچىشتىن تارتىنغان كىشىنىڭ بىر دىلكەش نەغمە بىلەن رەسۋاسى چىقىدۇ. ئەگەر كىشى مەي ئىچىشنى كۆڭلىدىن چىقارسا، غەجەك ئۇنىڭغا مەي ئىچ دەپ يالۋۇرىدۇ. تەمبۇر ئاۋازى ئۇنى ھالسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ. چاڭ بوغىزىنى تارتىپ

زارلانسا، ئۇنىڭ تىلى ئۆز نەغمىسىنى چاكىدىن ئاشۇرىۋېتىدۇ. شۇ چاغدا راۋاپ بېشىنى يەرگىچە قويۇپ تاۋازۇ قىلىدۇ. قوبۇز قۇلىقىنى تۇتۇپ شادىيانىغا چالىدۇ. قالۇن ۋە چىغانەنىڭ نالىسى قۇلاققا كىرىدۇ ـ دە، ساقى ھۇشسىزلىنىپ قەدەھنى قولىدىن تاشلىۋېتىدۇ. بۇ چاغدا سوپىلىق ۋە تەقۋادارلىققا نە ئېتىۋار بولسۇن، ئەقىل ـ ھۇشىدا نە ئىختىيار بولسۇن. ئەگەر ئىشق ئەھلى تەقۋالىق بىلەن ئۇنى توگىتەي دىگەن چاغدىلا نەينىڭ ئاۋازى ئوتنى قايتىدىن ياندۇرۇشقا ياغ بولۇپ بېرىدۇ. ئەرەپ تۈگىسىنىڭ يۈرۈشىنى تېزلىتىدۇ. بۇلۇت گۈلدۈرمىما سادىسىدىن ھەممە يەردە يېشىن چاقىنىدەك بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، ئادەم باللىسىنىڭ روھى ـ ھالىتىدە يۇقارقىدەك ئەھۋال-دىن قۇتۇلۇش پەقەت خام خىيال بولۇپ قالىدۇ.

ئەمما، بىر خىل سازەندىلەر باركى، ئۇ شاتلىق كەلتۈرۈش ئۈچۈن مېھنەت چېكىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ئەخلاقتا تۆۋەن ۋە كەمبەغەلدۇر. ئۇنداق ناخشىچى ۋە چالغۇچى زارلىنىپ تۇرۇپ ئالغۇچىدۇر ئەگەر ئۇلارنى ئىشقا سالغۇچىدا رەھىم ـ شەپقەت بولسا، ئۇنىڭغا ئەسقاتىدۇ. چۈنكى، سۆھبەت-تە نېمەت قول. ئەگەر بەزمىدە دەستۇرخان كەمكۈتىراق بولۇپ قالسا، ئۇ خىل ناخشىچى ساز-چىلارنىڭ نازى ئېشىپ كېتىدۇ. دەستۇرخان سېلىنىسىچۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆڭلى تامامەن ناخۇش. ئەگەر ئۇزۇن يىللار ياخشىلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، يېنىكىدىن سالام قىلماي ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئازار بەرسەڭ ئۇلار ناشۈكۈرلۈك قىلىدۇ. كۆپ بەرسەڭ خۇددا رازى بولمايدۇ. تولىسى بۇزۇق بەدخۇي، كاج تەبىئەت، قويال سۆزلۈك ئادەملەر بولۇپ، ھەرىكەتلىرى تۈزۈلمىگەن سازلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلاردا ۋاپا يوق، ئۇلار ۋاپا ئەھلىنىڭ ئالدىدىن قوغلانغان رەزىل كىشىلەر. "ئەلنەغمە ۋاپاسىز گاچا ۋە ھاياسىز». ئەگەر ئۇزۇن يىل بىرگە بولۇپ، بىر قېتىم پايدا بەرمەي قويساڭ سەندىن يات تىل-شىدۇ. ئۆزى ئەر سۈرەتتە، لېكىن سەتەڭلىك ئۇنىڭ گۇۋاچىسى. ئۇنىڭ كەيگەن كىيىملىرىدىن بۇزۇقلۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. خاس كىشىلەرنىڭ نەغمە بىلەن دىلىنى ئالماق بولىدۇ. كۆپچىلىككە دۇمباق چېلىپ يول باشلىماق بولىدۇ.

بېيىت:

كىشىگە بولمىسۇن بۇ پىتنە دۇچار،
كى ئۇندىن نىجات تەيرى ئۇچار

(كىشى بۇنداقلارغا يولۇقمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئۇنىنى ئاڭلىسا نىجاتلىق قۇشى ئۇچۇپ كېتىدۇ).

نەزم:

يانسا قونماقتەك تىبىل ئۇرار ھەردەم،
كىم ئۇشال قۇشقا كۆپرەك ئۇلغاي رەم

(قۇشقا يەم كۆپرەك بېرىلىپ كەتسە، يەرگە قونۇشقا ھەمىشە تومباك چېلىش لازىم بو-لىدۇ.)

## 23- پەسىل. داستانچىلار ۋە ھېكايىچىلار

داستانچىلار ۋە ھېكايىچىلار — قۇرۇق گەپ ساتقۇچىلار. ھەمىشە ئۇلارنىڭ كۆڭلى مەجنۇندە بولىدۇ، ھەمىشە قاتتىق چاۋاك چېلىپ، ئېقىل قۇشلىرىغا رەم سالماق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىقىدا سارائىنىڭ قىلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سۆزلىرىدە بەگۇۋاشلىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار تۆگە مايىغىنى قەن دەپ ساتسا، ئۇنىڭغا ئېتىقات قىلغۇچىلار قەن دەپ سېتىۋېلىپ يەيدۇ.

نەزم:
كىشىكىم بولمىغاي مەجنۇن ۋە قەندىنىڭ خېرىدارى،
ئانىڭ ھەنگامىسى بىرلە تۈزەلمەس ھېچ بازارى

(مەجنۇن بىلەن قەنىنىڭ خېرىدارى بولمىسا، ئۇنىڭ ھېكايىسى بىلەن بازىرى تۈزۈلمەيدۇ.)

## 24. نەسىھەتچى ھەم ۋەز ئېيتقۇچىلار

ۋەزچى خۇدانىڭ دىگىنىنى دەپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىگىنىدىن تاشقىرى چىقماي، خۇدا ۋە رەسۇلىنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئۆزى ماڭغاندىن كېيىن خەلقنى نەسىھەت بىلەن شۇ يولغا ماڭدۇرۇش كېرەك. يول سورىغان يولۇچىلارنى ئۆزى بىلمىگەن يولغا باشلاپ قويۇش، يولۇچىنى يولدىن ئازدۇرۇپ، سەھرادىن ئاتلاپ باياۋانغا تىكۈزۈۋېتىش بولىدۇ. بۇ بەگۇۋاشنىڭ خەلققە ھوشيارلىقنى ئۆگىتىشى ئۇيقۇچىنىڭ خەلققە ئويغاق بولۇشنى ئۆگەتكىشكە ئوخشاشتۇر. ئۇيقۇدىكى ئېيتقان سۆز ۋە قىلغان ئىشىنىڭ نىمە ئېتىۋارى بولسۇن. ۋەز نەسىھەت - يېتىشكەن، ئاللاغا يېقىن ئۇستازنىڭ ئىشىدۇر. ئاۋال ئۆزۈڭ شۇ يولدا مېڭىشىڭ كېرەك، ئاندىن خەلقنى باشلاپ مېڭىشىڭ كېرەك. يولنى ماڭماي، يېتىپ تۇرۇپ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. ۋەز - نەسىھەتچى، ئالىم ۋە تەقۋادار كىشى بولسۇن، كىشىلەر ئۇنىڭ نەسىھەتىنى رەت قىلالمايدىغان بولسۇن، ئۆزى بۇيرۇپ، ئۆزى بۇيرىغان ئىشنى ئۆزى قىلمىسا، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ.

## 25 - پەسىل. مۇنەججىملەر (ئاسترونوملار)

مۇنەججىملەر - يۇلتۇزلار توغرىسىدا ھۆكۈم سۈرىدۇ. رەمباللارغا ئوخشاش لاپ سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ يىل، ئاي توغرىسىدىكى ھېسابلىرى خاتا بولۇپ، ئۇنىڭ دىگىنىگە ئىشىنىشتىن ساقلىنىش زۆرۈر. ئۇنىڭ رەققەتۇل قەمەرى (پال سالىدىغان قۇمۇلاقلىرى) پايدىسى يوق بىرنەرسە بولۇپ، ئۇ، بەختۇتلۇقنىڭ سەمەرىسىدۇر. ئۇ، ئىلمى ئەشيا بىلەن ئىش تۇتۇپ، خۇدانىڭ قازا ۋە تەق-

دىرىنى ئۇنۇتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا بىر ئانار بولغان بولسا، ئىچىدە نەچچە پەردە، نەچچە خانىسى بارلىقىنى، ھەر پەردە، ھەر خانىسىدە، نەچچە دانىسى بارلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۇ دانىلار ئاچچىقمۇ، تاتلىقمۇ، يا چۈچۈكمۇ؟ ئانارنى كېسىپ يېگەندىن كېيىن بىلىدۇ. خەلققە ھەم چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئاستىرونوم پەلەكنىڭ يۇمۇلاق بۇرچىدىن ھېكايە قىلىپ، يۇلتۇزلارنىڭ بەزىلىرىنى بەخت سائادەتنىڭ بەلگۈسى، بەزىلىرىنى نەسلىكنىڭ بەلگۈسى دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئون سۆز قىلسا، ئۇنىڭ بىرىمۇ راست ئەمەس. ئۆزلىرىچۇ؟ ئېيتقان يالغانلىرىنىڭ قەبىھلىكىنى ھېس قىلمايدۇ ياكى بىلىپ تۇرۇپ كىچىك سانايدۇ. دېمەككى مۇنەججىمنىڭ سۆزى يالغاندۇر. ئۇ، راستلىق ماكانىدىن يىراقتا قالغان. كۆزىگە غەپلەت پەردىسى تارتىلغان.

بېيىت:

ئەمەس ئەپلاك ئەنجۇم خالى بى نەپئە ۋە زەرەر لېكىن،
تەڭرى بىلىدۇر، ئەمەس مۇنەججىم بىلىشكى مۇمكىن.

(پەلەكتىكى يۇلتۇزلار نەپئى - زەرەردىن خالى ئەمەس، لېكىن، ئۇنى ئاللا بىلىدۇ. ئاستىرونومنىڭ بىلىشى مۇمكىن ئەمەس)

## 26 پەسىل. سودىگەرلەر

سودىگەر - تىجارەتچى ۋە ساياھەتچىدۇر. مەملىكەت ۋە شەھەرلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەردار دۇر. ئۇلار تاغ - دەشتلەرنى كەزگەن، دېڭىز ۋە دەريالارنىڭ دولقۇنلىرىدىن پايدا-زىيانلارنى كۆرگەن، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئۇزۇن يوللارنى باسقان، پايدا تىلەپ كۆڭلىگە نۇرغۇن پەرىشانلىقلار يەتكەن، بىرنى يۈز قىلىش، تاشنى ئاش قىلىش ئۈچۈن ھەمىشە ئويلايدىغان كىشىلەردۇر. سودىگەر شۇنداق بولىشى كېرەككى، نىيىتى يامان بولماسلىق ۋە شۇ يامان نىيەت بىلەن جاپا چەكمەسلىك، پايدىنى دەپ كېمىسىز دېڭىزغا كىرمەسلىك، گۆھەر ئالىمەن دەپ لەھەڭنىڭ ئاغزىغا ئۆزىنى ئۇرماسلىق، پۇل - مالنىڭ ھەشەمەتكە كىرىشمەسلىك، ياخشى كېيىملىرىنى ئاياپ، ئەسكى چاپان كەيمەسلىك، تاتلىق تاماقنى ئاياپ، قۇرۇق نان يېمەسلىك لازىم. ھايات كۆچۈرۈشنى ئوڭايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كۆڭۈل ئازادىلىگىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سەپەردە ياخشىلارنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، نامراتلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جاپا چېكىشى لازىم. شەرىئەت بۇيرىغان زاكاتنى قالدۇرماستىن بېرىپ، پەقىرلەرنىڭ ھەققىنى ئۆز بوينىدا قالدۇرماسلىق لازىم. بۇنداق بولمايدىكەن، پۇل-مېلىنى ئەزىز چاغلاپ ئۆزىنى خار قىلىپ قويىدۇ. ئۆزىنىڭ مېلىنى ئۆزى ئوغۇرلاپ ئۆزىگە خاپىلىق يەتكۈزىدۇ، ياكى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئىسراپ قىلىپ يوقۇتىدۇ ۋە ياكى ھادىسە قوزغاش ئۈچۈن سەرىپ ئېتىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ساداقەتلىك كىشى بولماستىن، خاركىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ پەس تەبىئەتلىكى ۋە بېخىللىقىدىن ئازاپ چېكىدۇ.

بېيت:

بۇنداق كىشىدە يوق خىرەد ۋە ئەقىلدىن نىشان،
بىلگىل گادا، ئەگەرچە ئېرورخا جەئى جاھان.

(بۇنداق كىشى ئەقىلسىز كىشى بولۇپ، ئۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى بولسىمۇ ئۇنى گاداي دەپ بىلىڭلار).

## 27- پەسىل. شەھەر ئېلىپ ـ ساتارلىرى

شەھەرنىڭ ئېلىپ ـ ساتارلىرى ھېلىگەر بولۇپ، ئۇزىنىڭ پايدىسى ئۇچۇن مۇسۇلمانلارغا قاتتىقچىلىقنى كەلتۇرىدۇ، خەلققە زىيان سېلىش ئۇلارنىڭ پايدىسى بولىدۇ. ئۇلار ئېغىر ئېلىپ، يېنىك ساتىدۇ. ئەرزان ئېلىپ، قىممەت ساتىدۇ. ئۇلار پايدىنى دەپ، تاشنى ئاش دەپ، مۇزنى ناۋات دەپ، ماتارنى تاۋار دەپ، بورىنى كىمخاپ دەپ سېتىشتىن يانمايدۇ. ئۇلارنىڭ دۇككىنىدا ھەممە نەرسە بار، پەقەت ئىنساپ يوق. ئىنساپنىڭ يوقلىقىنى ئۇزى تونىمايدۇ. پايدىنى دەپ يالغان قەسەم ئىچىدۇ.

بېيت:

بۇ خىل ئادەم ئەمەسلار ياخشى باقساڭ،
بولۇر سۇدۇڭ ئالاردىن گەر يىرا قىساڭ

(ياخشى قاراپ، بۇ خىل ئادەملەردىن يىراق قاچساڭ پايدا ئالارسەن.)

## 28-پەسىل: بازار ھۇنەرۋەنلىرى

بازار ھۇنەرۋەنلىرىنىڭ ۋەدىسى يالغان، بىر تەڭگىلىك مالنى يۇز تەڭگىگە، سېتىشنى، مىڭ تەڭگىلىك مالنى بىر تەڭگە بېرىپ ئېلىشۇېلىشنى دۇرۇس ھىسابلايدۇ. ئۇلاردا قىلچە ئۇيات يوق. ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى ۋە راست ئىش قىلىشنى يامان ئىش دەپ قارايدۇ. ئۇلار، ئاخىرەت ئۇچۇن ئىشلەشتىن بۇيان تولىغايدۇ. كىشىلەرنىڭ پىشىل ئەمالىغا قاراپ مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ئوغلى ئاتىسىغا زىيان سېلىشنى ۋە ھىيلە-مىكىر بىلەن كۇنالىرىنى «كىرامەن كاتىبىن» (ياخشى يامانلىقنى خاتىرىلىگۇچى پەرىشتە) دىن يوشۇرۇشنى ئويلايدۇ.

بېيت:

بۇلاردىن كىمىكى دەر ئۇزنى ۋەلى دۇر،
ئەگەر قىلساڭ يېقىن بىردا غولى دۇر.

(بۇخىل ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئېتىزلىقلارغا قويۇپ قويغان بىر قارانچۇقدۇر.)

## 29 - پەسىل. ھۈنەرىگە يالغان پەرداز بەرگۈچىلەر

پەردازچىلارنىڭ يالغىنى بەك تولا. راستى بەك ئاز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۈنىرىدىكى سەختىپەزلىكى ھەددىدىن تاشقىرى، ۋەدىسى تولىمۇ يالغان. بىلىشىمىزكى، راست سۆز ئەركىشىگە ئۇلۇغ ھوزۇردۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ قېشىدا راست سۆز پۈتۈنلەي ئەيىپ سانىلىدۇ. يالغان سۆز خەلق ئالدىدا بەك ئەيىپدۇر. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مىسلىسىز بىر ھۈنەر ھېساپلىنىدۇ.

بېيىت:

تاڭدىن - ئاقشامغىچە ئىشىدە سەنئەت ساز،
ھۈنەر ئەتىۋاردىن پوسۇن پەرداز.
ئەيلەبان بۇ تەرىقىنى ۋە رىزىش،
كى بىراۋغا يۈگۈرتكەيلەر ئىش

(ئەتىگەندىن - كەچكىچە قىلىدىغان ئىشى پەردازچىلىق بولۇپ، ھەمىشە كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن مەشىق قىلىدۇ.)

## 30 - پەسىل. پاششاپ، گۇندىپاي، مىرشەپلەر

دوغا، پاششاپ، مىرشەپلەر ئوغرىغا ياردەم بېرىدىغان ۋە ئوغرى ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلاردۇر. تۇرمىدىكىلەر دەۋزەختىكىلەر بولۇپ، مىرشەپلەر ئازاپ پەرىشتىلىرى، پاششاپ مالىكى دەۋزەخ كەبى ھۆكۈمراندۇر. گۇناھكارلارنىڭ قول - پۇتلىرى كويزا-كىشەنلەر بىلەن باغلانغان. پاششاپلار كىسەۋۇر (ئوغرى) بىلەن قىمارۋازنىڭ بازىرىنى قىزىتىدۇ. قىمارخانىدا گۇندىپاي تاۋىكاچىلىقنى تالىشىدۇ. مەلۇمكى، ئوغرىنىڭ كۆڭلى قارا بولىسىمۇ، ئۇ گۇناھكار. ئۇ يەرلەردە تۇرمە خىزمەتچىلىرى گۇناھكارلارغا، پەرىشان كۆڭۈلگە قايغۇ ھۇجۇم قىلغاندەك ھۇجۇم قىلىدۇ. گۇناھكارلار ئۈمىتسىزلىك بىلەن قورقۇپ تەسلىم يولىنى تۇتىدۇ. بىرەرسى قاماقخانىدىن قايتىپ كەلسە، دەھشەتلىك ۋە قالايمىقان خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىشىدۇ. بىرى، جاللات پالانچىنى چاپقاندا ياخشى ئۆلتۈردى دېسە، يەنە بىرى، پالانچى دارغا ئېسىشتا ياخشى تۇردى، دەيدۇ. ئۆلتۈرگۈچى گۇناھكارنىڭ يىگىتچىلىكىدىن ھەيران بولسا، يەنە بىرى بىر يىتىمنىڭ دەھشەتلىك ئۆلۈم ھالىتىدە ناخشا ئېيتقانلىقىدىن ھەيران بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ. مىرشەپ غەزەپلىك ھالدا باشتا گۇناھكارنىڭ تۇتۇلۇشىغا چاپسا، مەقسىدى ئورۇنلانغاندىن كېيىن گۇناھكارنىڭ قۇتۇلۇشىغا ماڭىدۇ. بۇ جاي قىيامەت كۈنى مەھشەردىكى دەۋزەخنىڭ بىر خىل كۆرۈنۈشىدۇر. ئۇ يەردىكى زەنجىر، كىشەن بىلەن باغلانغان كىشىلەر ئاشىقلىقتا گىرىپتار بولغان كىشىلەردەك قايغۇ ئىچىدە ئۆتىدۇ. خۇدا ھەممە كىشىنى بۇ جايغا كېلىپ قالىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويۇشتىن ساقلاپ، بۇ جايدىن يىراق قىلسۇن.

بېيت:

بىر مەنزىل ئىرور ئاندا بەسى رەنجۇ ئەقۇبەت،
تۇشكەن كىشىگە ئاندا ئۆتۈش دەرت سەئۇبەت.

(بۇ جاي ئازاپ ـ ئۇقۇبەتنىڭ جايى، چۈشۈپ قالغان كىشىگە قاتتىقچىلىق ۋە پۇشايماندىن باشقا نەرسە يوق).

بېيت:

ۋەلى ئول هارام ئىچەر بولغانغا خاس.
ئۈمەت ئۆلكى هەم تەگرى بەرگەي خالاس.

(هارام يەيدىغان ئابروي تاپقان كىشىلەرنىمۇ خۇدا بۇ ئىشتىن قۇتقازسۇن).

## 31 - پەسىل: دىخانلار

دىخان ئۇرۇق چاچىدۇ، يەر ھەيدەپ رىسىق يولىنى ئاچىدۇ. ئەگەر ئۇ راست بولسا، ئۇنىڭ ئۇيى (ئۆكۈزى) سالىھئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. ئىككى زورپەھلىۋان (قوش ئۆكۈز) دىخاننىڭ دىگىنىگە ئۇناپ، ئالدىدا مېڭىپ ھەممە ئىشنى قىلىدۇ. دۇنيانىڭ ئاۋات بولۇشى، خەلقنىڭ شات بولۇشى دىخانلار بىلەن بولىدۇ. دىخانلار خەلققە قۇۋۋەت ھەم بەرىكەت يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. دىخان خالىس نىيەت بىلەن بىر تال ئۇرۇق چاچسا، خۇدا بىرگە يۈزنى بېرىدىغان ئىشىكنى ئاچىدۇ. تېرىغان ئۇرۇق مايسا بولۇپ، كېيىن پىشىپ، خامان قىلىنىپ، ئۆيگە ئېلىپ كېلىنگىچە قۇرۇت قوڭغۇزلار، جان ـ جانىۋارلار، چارپايلار ئىنىڭدىن بەھرىمەن بولىشىدۇ. چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىسى دانغا تولىدۇ. كەپتەر ۋە تورغايلار شاتلىققا چۆمىدۇ. ئورمىچى ۋە باشاقچىلار ئۇنىڭدىن رىسىق تاپىدۇ. ھەر بىر كەسىپ ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن پايدا ئالىدۇ. ئائىلىلەر ئۇنىڭ بىلەن توق بولىدۇ. مۇساپىرلارغا رىسىق يەتكۈزۈلىدۇ. غېرىپ ـ غۇرۋالار، ئاجىز پۇقرالار ئۇنىڭدىن رىسىق ۋە قۇۋۋەت تاپىدۇ. زاھىدلار، ئابىتلار ھۇزۇر ھالاۋەتتە تائەت بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. دىخان سائىلىنىمۇ (تىلەمچىنىمۇ) تويغۇزىدۇ، پادىشانىڭ خەزىنىسىمۇ تولدۇرۇلىدۇ. دىمەك، دىخاننىڭ ئۇرۇق چېچىشىدا شۇنچە كۆپ خىسلەتلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە خىسلەتلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. دىخاننىڭ باغلىرى جەننەت مۇسەللەك بولۇپ، ئۇنى كۆرۈش بىلەن روھ قۇۋۋەت تاپىدۇ. ھەر بىر دەرىخى كۆك ئاسمان بولۇپ، دەرەخنىڭ مېۋىلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردۇر.

پۇقرالارنىڭ سىركە دۇشاپلىرى، بايلارنىڭ ئېسىل مەيلىرى، خىلمۇ ـ خىل مېۋىلەر بىلەن تولغان باغنىڭ زىننىتى ۋە گۈلزارلىقتىكى گۈزەل مەنزىرىلەر دىخاننىڭ مېھنىتىدىن كېلىدۇ. ئەگەر شۇ دىخان بېخىللىقتىن يىراق بولسا، يالغاندىن پاك بولسا، پادىشاغا بېرىدىغىنىدىن باشى تارتمىسا، ئورتاقچىلىرىنى خاپا قىلمىسا، ئۇنىڭ چاچقان ھەر بىر دىنىدىن بەخت ۋە گۆھەر

ئۇنىسۇن. بۇنداق دىخان، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسىدۇر. بەلكى رىسقلانغۇچىلار دىخانغا پەرزەنت بولۇپ، دىخاننىڭ ئۆزى ئادەمى سەپىيۇللادۇر.

بېيت:
كىمكى دىخانلىق ئەيلىدى پىشە،
داغى نان بەرمەك ئولدى ئاڭا شۇئار.
بويلە كىمسە ئەلۋۇرىپەتتىن،
ئادەم ئولماسا ئادەمى خۇدبار.

(كىمكى دىخان بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئىشى باشقىلارغا نان بېرىشتۇر. دىخاننىڭ دەرىجىسى ئەلۋەتتە شۇنداق ئالىي بولۇپ، ئۇنى ئۆلسىمۇ ئۆلمىدى دىسە بولىدۇ.)

## 32 - پەسىل: كىچىك لۇكچەكلەر

كىچىك لۇكچەكلەردە مۇسۇلمانلىق خىسلىتى ۋە مۇسۇلمانلىق تۇرمۇشى ۋە ئىنسان تەبىئىتى يوق. ئۇلار ھايۋانلارنىڭ، بەلكى ۋەھشى ھايۋانلارنىڭ قىلىقىنى قىلىدۇ. كىچىك لۇكچەكلەر كىشىگە پىچاق سالىدىكەن، ئۇ گويا بىر ئىشتدۇركى، پىچاق ئۇنىڭ چىشىدۇر. ئۇ، ساق ۋاختىدا قوتۇر ئىت بولسا، ئۇنىڭ ساراڭلىقى تۇتقاندا يۈز ئىشتىنى قاچۇرالايدۇ. ئۇنىڭ زەھەرلىك قولى دەشتتىكى يىرتقۇچلارنىڭ پەنجىسىگە ئوخشاش ئەجەلنىڭ قارمىقىدۇر. ئۇ، ياخشى - يامانغا چېقىلىدۇ، كىشىلەرنى چاياندەك چاقىدۇ. ئۇنىڭدا نە ئەقىل، نە دىن، نە ھايا، نە تەمكىنلىك بولىسۇن. قىلىدىغان ئىشى ئىشەنچىسىزلىك ۋە ناپاكلىق، ئادەتلىرى نامەرتلىك، بىباكلىق. ئەشۇنداق كىشىلەردىن يىراققا قېچىش لازىم:

نەزىم:
خالايىققا ئىزا ئۇلارغا سوپات،
نىسبى دىدىكىم ئۇقتۇلۇل موزىيات
(ئۇلارنىڭ سۈپىتى خەلققە زىيان يەتكۈزۈشتۇر.)

پەيغەمبىرىمىز دىدىكى؛ "زىيان يەتكۈزگۈچىلەرنى يىلان چايانغا ئوخشاشلارنى ئۆلتۈرۈڭلار!"

## 33 - پەسىل: غېرىپلار ۋە غېرىپ بالىلار

باخشى ۋەلىلارنىڭ كۆپرەكىنىڭ ھەركىتى كۈلكىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ مولىلاق ئىپتىشىدا ئۆزىنىڭ خارلىقى كۆرۈلىدۇ. بىشىنى تۆۋەن قويۇشىدا ئىپتىۋارسىزلىقى كۆرۈلىدۇ. ئۇلاردا سەۋىر، تەمكىن دىگەن نەرسە يوق بولۇپ، مايمۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ سەكرىشى - ئادەملەردىن

قاچقانلىغى، ياخشىلارنى مەسخىرە قىلغانلىغى ۋە ئۇلارغا مالامەت ئىشكىنى ئاچقانلىغىدۇر. بۇگۈن تاپقىنىنى بۇگۈن يەپ، ئەتىنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ ۋە تىلەپ نىمە تاپقىنىنى دىمەيدۇ. ۋەتەن ۋە ئولتۇراقلىرى خارلىق، جايلىرى خاكسارلىق؛ تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئەر - ئاياللىرى كەسپ ئۈچۈن تارقىلىپ كېتىدۇ، ئوغۇل - قىزلىرى كوچا - كوچىلاردا يېتىرايدۇ. بۇگۈن نىمە تاپسا ئاخشامدا بىر يەرگە يىغىلىپ، تاپقانلىرىنى تۈگەتمىگىچە ئۇخلىمايدۇ. ئەتىسى يەنە شۇ كۈندىكىدەك تەكرارلايدۇ. بۇ خارلىق - كىشىنىڭ ھاكاۋۇرلىغىدىن ياخشىراق.

بېيت:

كىشى ئەگەر كىشى بولسا، ئۆزىنى كىشى دىمەگەي،
قىلۇردا ھېچ ئىشىن ھەم كىشى ئىشى دىمەگەي.

(كىشى ئەگەر كىشى بولسا ئۆزىنى مەن كىشى دىمەيدۇ، باشقا كىشىنىڭ ئىشى دىمەستىن ئىشلەيدۇ).

## 34- پەسىل. تىلەمچى ۋە گادايلار

تىلەمچى ۋە گادايىنىڭ تولىسى غەيرەتسىز ۋە ھاياسىزدۇر. ئۇلارنىڭ كۈندۈزى ھەريان قاتىرىشى ئالدامچىلىق بىلەن خەلقتىن نەرسە ئېلىش ۋە كېچىسى كېلىپ ئوغۇرلۇق قىلىش ئۈچۈن ھەريانغا كۆز سېلىشتىن ئىبارەت.

كىشىدىن ياخشىلىق كۆرسە شۈكرى قىلمايدۇ، ياخشىلىق كۆرگەن كىشىنى تىلغا ئالمايدۇ. ھەر قانچە يېسىمۇ، يەنە ئاچ قالغان كىشىدەك، قانچە ئىچسىمۇ سۇغا قانغانلىغىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ خىيالى گېچىماچ خىياللار بىلەن تولغان. كۆڭلىنى رىياكار سوپىلارنىڭ كۆڭلىدەك ناخوشلۇق قاپلىغان. ئۇلار پۇل تاپسا تۈگۈنچەككە تۈگىدۇ، ئۇنىڭ تۈگۈنچىگىنى ئۆلۈگىنى يۇغان كىشىدىن باشقا كىشى ئاچالمايدۇ، ئۆلۈگى بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنى تۇپراقتىن باشقا نىمە يېيەلمەيدۇ. كۆزلىرى ھېرىس (ئاچكۆزلۈك) نىڭ، سادى تەمەنىڭ ئەينى بولۇپ، بۇ، ئاچكۆزلۈك ۋە تەمەخورلۇك بىلەن كۆڭلىدە ھېمىشە مەھرۇملۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزلىرىگە قەلەندەر دەپ ئات قويغانلىرى بار. ئۇلار ئادەمىلىكتىن يىراق. ھەتتا، دىۋە، شەيتانلارمۇ ئۇنى تىللايدۇ. ئۇلار، ئىنسانىيەتتىن، مۇسۇلمانچىلىقتىن يېراق بولۇپ، تۈگكۈز ۋە ئېيىقلار ئادەمگەرچىلىكتە ئۇلاردىن ياخشىراقتۇر.

شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئىنسانلىق چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، تەتۈر ئۆرۈلگەن جۇۋا كىيىشى ھايۋانلىق ۋە يىرتقۇچلۇقىنىڭ بەلگۈسىدۇر. ئۇنىڭ كۆڭلى چوڭ - كىچىكتىن ياتلىشىپ تۇرىدۇ. بۇزۇق خاتىرىسىگە ئوخشاش، كۆڭلىدە ھېمىشە گېچىماچلىق ئورۇن ئالغان.

نەزم:

بەرمەك بولماس ئۇلارغا ئىنسان ھۆكمى،
يا ئادەم مۆمىن ۋە مۇسۇلمان ھۆكمى.
پاسست ئىختىلاتىغا ۋاجىبدۇر دەپمە.
بولغايمۇ كىشى بېرەي دىسە جان ھۆكمى.

(ئۇلارنى ئىنسان، ياكى ئادەمى مۆمىن، يا مۇسۇلمان دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ جېنىنى بېرەي دىسىمۇ ئۇنىڭغا ئارىلاشماسلىق لازىم).

## 35- پەسىل. قۇشچى ۋە ئوۋچىلار

قۇشچى ۋە ئوۋچىلارنىڭ باشلىقلىرىغا ئۆز جامائىتىدىكى كىشىلەر بەك ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. قۇش باققان ئادەم كېچە - كۈندۈز جاپالىق تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ. كېچىسى ئۇيقۇسىز، كۈندۈزى ئارام ئالالمايدۇ. نەپسىنى دەپ گۇناھسىزنىڭ پۇتىنى باغلاپ، ئۇزۇن كېچىلەردە گۇناھسىزغا ئا - زاپ سېلىش بىلەن ئۆزىنى خوش قىلىدۇ. ئۇ، ئارزۇنىڭ يېپىنى تامانىڭ يېڭىنىسىگە ئۆتكۈزۈپ، بىر تىلسىز ھايۋانغا كۆزىنى تىكىپ، ئوۋلاشنى ۋە ئۇقۇشنى باشقا جانلىقلارغا جاللات قىلىشنى قەستلەيدۇ، كۈندۈزى ئوي - دۆڭلەرگە چېپىپ، بىر مۇنچە تۇيۇقسىز ئاجىزلارنى تېپىپ، يۈزمىڭ ھىيلە بىلەن قوشنى ئاڭا سالىدۇ - دە، ئاجىز - بىچارىنى ئوۋلايدۇ، ئۇنى بوغۇزلىماستىن قانىتىنى يولۇپ ئېلىپ، قولتۇغىنى يارىدۇ، ئاۋال قانىلىنى (ئوۋچى قۇشنى) شەپقەت بىلەن تويغۇزىدۇ، بىر قانچىلىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، قولتۇغىنى يېرىپ، ئاتىنىڭ بوكتۇرگىسىغا باغلاپ ئۆيگە يانىدۇ. ئۆزىمۇ خوش، قۇشىمۇ خوش، چۈنكى، شۇم نەپسى ئۇنى كاۋاپ قىلىشقا تاقىلدىتىدۇ ۋە ئوۋ قىلى - غانلارنىڭ بىر قىسمىنى ئەتىسى مەنسەپدار - باشلىقلارغا تارتۇق قىلىپ، ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولۇشنى ئويلايدۇ. قۇش توغرىسىدا بىرمۇنچە سۆزلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىسى يالغان. بۇ خىل يامان كەسىپكە كىرىشنىڭ خاھ ئەمگىكى بولسۇن، خاھ تاماششاسى، خاھ كاۋابى، خاھ بېگىمنىڭ ئىلتىپاتى ۋە مۇكاپاتى بولسۇن، ھەممىسى شۇم نەپسىنىڭ ئىشىدۇر.

مەسنەۋى:

بۇلار بائىسى بارچە نەپسانىيەت،
كى ئاندا ئەمەس داخلى ئىنسانىيەت.
قونالغۇسىغا قايدە قونسە دەرەم،
ئات ئارپىسى ۋە قۇشقە توئمە ھەم.

(بۇنىڭ ھەممىسى نەپسانىيەتنىڭ ئىشى بولۇپ، ئىنسانىيەت ئەمەس. چۈنكى، ئوۋچى قونال - غۇغا ئامادە ئۈچۈن، مىنگەن ئېتىغا ئارپا ئۈچۈن ئوۋ قۇشىغا تۆئمە ئۈچۈن ئوۋ قىلىدۇ).

## 36- پەسىل. ھۆكۈمەت تەربىيىسى كۆرۈپ تۇرۇپ، تۇز كورلۇق قىلغان خادىملار

ئۆز خوجىسىدىن تەربىيەت ۋە خەيرىخاھلىق كۆرگەن خادىملارغا ئەركەكلىك ۋە ئىنسانىيەت - چىلىك شۇكى، ئۆز خوجىسىغا سادىق بولۇپ خىزمەت قىلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە جان پىدا قىلىپ، شەپقىتىنى ئاقلىسۇن. شۇنداق خادىملار باركى، خوجىسى باشقا بىرىگە كۆپرەك ئىلتىپات قىلسا، دەرھال تارلىق قىلىپ شىكايەت قىلىش بىلەن ناشۇكۇرلۇق قىلىدۇ، ئادەمىلىكتىن قېچىپ، دۈشمەن ئىشىگىگە بېرىشنى خىيال قىلىدۇ. ئۆزىنى خوجىسىغا سادىق مەن دەپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن قاچسا بولمايدۇ. خادىم ئەلۋەتتە تەربىيە ئالغان بولۇشى كېرەك، ئەسلى خىزمەتلەردە لاپ سۆزلىمەس - لىك كېرەك، كىمكى بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە قاچسا، مەرتلىك ۋە يىگىتلىكنىڭ بېشىغا نامەرت - لىك تويىسىنى چاچقان بولىدۇ. بۇ خىل كىشىلەرنى ئەركەكلەرنىڭ سانىدىن ۋە يىگىتلىك دائىب

(ئاخىرى 98 - بەتتە)

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

## ئوخشاش

زامانى ئەۋۋەلدە بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن . ئۇ ، كۈنىگە يەتمىش ئىككى ۋاخ ، يەتمىش ئىككى ياڭزا تاماق يەيدىكەن. مەخسۇس تاماق توشۇيدىغان مۇلازىمىمۇ بار ئىكەن. مۇلازىم ھەر قېتىم تاماق ئېلىپ كىرگەندە ، پادىشا كۆرەڭلەپ :

— مەن يىگەن ، سەن يىگەن ئوخشاش ، يولۇڭغا ماڭ ! — دەيدىكەن — دە ، ئىككى قوللاپ لىگەنگە ئېتىلىدىكەن .

مۇلازىم گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى شوراپ ، تامىغاقلىرىنى تامشىتىپ قەسىردىن ئايرىلىدىكەن .

بىر كۈنى پادىشا ۋەزىر ، كىنىزەكلىرىنى ئېلىپ شىكارغا چىقىپتۇ . تاماق توشۇيدىغان مۇلازىممۇ بىللە مېڭىپتۇ . پادىشا ۋەزىر ، كىنىزەكلىرى بىلەن ئاتلىق ، مۇلازىم بولسا پىيادە ئىكەن . ئۇ ئات بىلەن تەڭ ماڭالماي، پۇتلىرى ئاغرىپ بولالماي پادىشاغا تەلمۈرۈپ قاراپتۇ.

— ھەي چاكار ، نېمىگە قارايسەن ؟ مەن مىنگەن ، سەن مىنگەن ئوخشاش ئەمەسمۇ ؟ مېڭىۋەر ، — دەپتۇ پادىشا قاقاقلاپ كۈلۈپ .

مۇلازىم ھارغىن ئاياقلىرىنى ئاران يۆتكەپ، ئۆپكىدەك ئېشىلىپ ، يىقىلامسىراپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، پادىشا كىيىكلىك تاققا يېتىپ بېرىپتۇ. ئاتلىرىنى تاغ باغرىدا مۇلازىمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ، ۋەزىر، كىنىزەكلىرىنى ئېلىپ تاققا چىقماقچى بوپتۇ. مۇلازىمنىڭمۇ بىللە چىقىپ كىيىك ئوۋلىغىسى كەپتۇ — دە ، تىزلىنىپ دەپتۇ :

— دات ! پادىشاھى ئالەم! پېقىرنىڭ ھەزرەتلىرى بىلەن شىكارغا چىققىنى تۇنجى ئىش . مەنمۇ كۆڭۈل — قارنىمنى ئېچىپ چۈشەي، باشقىلار سىغقان تاققا مەنمۇ سىغارمەن، قۇيرۇقلىرىغا ئېلىۋالسىلا ، رەھىم قىلىپ ئېلىۋالسىلا .

پادىشا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ :

ــ هوي ئەخمەق ، ماڭا بەس سېلىشۋاتقىنىڭنى قارا ، مەن ئۇۋۇلىغان ، سەن ئۇۋۇلىغان ئوخ-
شاشقۇ ، ـ دەپلا كېتىسىپ قاپتۇ .

مۇلازىم يالغۇز ئولتۇرۇپ ھەسرەت چېكىسىپتۇ . « خەپ ! ماڭىمۇ مۇرۇت كېلەر » دەپتۇ .
پادىشا تاغدىن چۈشۈپتۇ ۋە تاغنى ئايلىنىپ سەيلە قىلغاچ ئوردىغا قايتىسپتۇ . يولدا سۈيى مول
بىر دەريا ئۇچراپتۇ . پادىشا « بۇنچىلىك قانچىلىكتى » دەپتۇ ـ دە ، ئالدى-ئارقىسىغا باقماي
ئات ساپتۇ . ۋەزىرلەر ئەگىشىپتۇ . مۇلازىم قىرغاقتا قاپتۇ . ئات دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغان-
دا ، دولقۇن سوقۇپ، پادىشانى ئىگەردىن ئاجرىتىۋېتىپتۇ . پادىشا سۇغا بىر چۆكۈپ ، بىر لەي-
لەپ ۋاقىراپتۇ :

ــ قېنى سەن مۇلازىم، مېنى چاققان قۇتقۇزۇۋال !

مۇلازىم جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ پادىشا ھەزرەتلىرى ، سىلە ئاققان ، مەن ئاققان ئوخشاش . خاتىرجەم ئېقىۋەرسىلە ،
ياتقان يەرلىرى جەننەتتە بولسۇن !

توپلاپ رەتلىگۈچى: سېيىت زۇنۇن

## تېپىشماقلار

ئاق تاۋاردا كۆينىكى ، كۆك تاۋاردا بەلۋېغى ، سېرىق تاۋاردا دوپپىسى . ــ بۇ نېمە ؟
( تارشا گۇگۇت )

ھاپپاڭگۈچ ، بوينى ساپپاڭگۈچ ئىككىسى لەپلەپ ـ لەپلەپ بىر سىسۇپۇرگۈچ . ــ بۇ نېمە؟
( تـۆگـە )

بىر تال تاياق ، ئۈستىدە بىر ئاياق، ئىچىدە نۇرغۇن ماياق . ــ بۇ نېمە ؟
( ئاپتاپپەرەس )

كالتە كانارا ، ئۇزۇن مۇنارە . ــ بۇ نېمە ؟
( مورا )

ئاغىچا ۋايلام ئىچكىرى، چاچباغلىرى تاشقىرى . ــ بۇ نېمە ؟
( سەۋزە )

ئەتىسگەندە قوپتۇم، بىسىمىلىنى قۇردۇم ، ئىككى تەرىپىنى تۇتۇپ ئوتتۇرىسىغا ئۇردۇم .
ــ بۇ نېمە ؟
( ئۆتەك )

ئىچى تاتلىق ئۇن ، تېشى پاقىراق تون . ــ بۇ نېمە ؟
( چەگدە )

توپلاپ رەتلىگۈچى: گۈلئەمبەر ئېلى



شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەت-
قىقات ئىنستىتۇتىدىن پىشقە-
دەم شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر
قەشقەردە بولغان مەزگىلىدە
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سان-
لىق مىللەتلەر تىسلى قەدىمقى
كىتابلىرىنى يىغىش، رەتلەش،
نەشر قىلىش ئىشخانىسىدىكى
يولداشلار بىلەن كۆرۈشۈپ،
ئۇلار بىلەن بۇ ئىشنى چىڭ
تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش مە-
سىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى.



شائىر ۋە تەتقىقاتچى
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ياز-
غۇچى قىيۇم تۇردى قا-
تارلىقلار قەشقەر ئاپپاق
خوجا مازىرىنى زىيارەت
قىلىپ، ئۇيغۇر مىمارچىلىق
ئىشلىرىدىكى بۇ بۈيۈك نا-
مايەندىنى ياخشى ساقلاش
ئۈستىدە توختالدى.

(تۇردى مەتنىياز فو-
توسى)